

# بۇلاق

1989

2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇف

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

10-يىل نەشرى

ئومۇمىي 27-سان

1989

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت. پەرىدە ئىمىن، ياقۇپ ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

---

# بۇلاق

1989 - يىل 2 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» دىن ........................ رەبغۇزى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن
«دىۋانى فۇتۇھى» دىن ........................................ (28)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت ئابلىز
ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن ........................................ (50)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇننىياز كېرەم

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھۈسەيىنىي غەزەللىرىدىن ........................ ھۈسەيىن بايقارا (63)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت

### مەشھۇر كلاسسىكلار

ئابدۇراخمان جامى ........................شىرىن قۇربان (78)

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

دىلئارامۇ دىلئارايۇ دىلئاسا ........................ غۇلام گەرىمووۋ (82)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

دەللە ۋە مۇختار (داستان) ........................................ (97)
ئەشەرگە تەييارلىغۇچى: جۈنەيد بەكرى
تەلۋە كۈيئوغۇل (چۆچەك) ........................................ (124)
رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۆيىدىن
قۇندۇز ۋە يۇلتۇز (چۆچەك) ........................................ (129)
رەتلىگۈچى: مەتسىدىق ئىمىن
قىيمەتلىك ھېكايەتلەر ........................................ (141)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا
رىۋايەتلەر ........................................ (159)
رەتلىگۈچى: ئابدۇساتتار ھاشىمىن

* *

چاغاتايچە لۇغەت «ت» ........................................ (162)
تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
قەدىمكى تۈرك پۈتۈكى — «مايىترى سىمىت» ............ق. ماھمۇدوۋ، ق. سادىقوۋ (206)

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات: نىيازكېرىم شەرقى
تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىدىكى فوتو سۈرەتلەرنى ھىسامىدىن ھاجى قايتا تارتقان.

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدىكى رەسىم — 1976-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

2-بەتتە: شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (نازىم). 1976-يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «بىلال نازىم» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

3-بەتتە: 1) فۇتۇھى دىۋانىنىڭ مۇزېيدىكى قول يازمىسىدىن، 2) فۇتۇھى دىۋانىنىڭ يەركەندىن تېپىلغان قول يازمىسىدىن، 3) ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىنىڭ ئەسلى قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.

4-بەتتە: «چاھار دىۋان» نىڭ باش بېتى 1982-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر» ناملىق ئەلبومدىن ئېلىندى

# "قىسسەسۇل ئەنبىيا"دىن

رەبغۇزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

بۇۋى سارە بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا كىرگىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە ئۆزىنىڭ بۇنىدىن كېيىن بالا تۇغۇشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى.

بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي بۇۋى سارە، تەڭرى سىزگە بىر پەرزەنت ئاتا قىلماقچى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق قويارسىز، — دەپ بىشارەت بەردى.

بۇۋى سارە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئاخىرى ئۇ ھامىلدار بولدى ۋە بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن يەڭگىدى.

بۇ كېچىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا مىڭ تال يۇلتۇز چۈشكەنمىش. ئۇ ھەيران بولۇپ: «بۇ نېمە ئالامەت؟» دەپ سورىسا، تەڭرىدىن: «ئەي ئىبراھىم، ئىسھاقنىڭ ئەۋلادىدىن مىڭ پەيغەمبەر ياراتماقچىمەن» دېگەن ئىدا كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تولىمۇ خۇشال بولغان ھالدا «ئەي تەڭرىم، ئىسھاققا بۇنداق ئۇلۇغ ئىنايەتنى قىلغۇدەكسەن، ئىسمائىلغا نېمە بېرىسەن؟» دەپ سورىدى. تەڭرىدىن: «ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن بىر بۈيۈك پەيغەمبەر ياراتماقچىمەن. بارلىق مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنى ئەنە شۇ پەيغەمبەرنىڭ سەۋەبىدىن ياراتتىم...» دېگەن خىتاب كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ كۆرگەن چۈشىگە ۋە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تۈمەن-تۈمەن شۈكرىلەر ئېيتىپ، مىڭ قوي، يۈز تۆگە ۋە يۈز كالىنى قۇربانلىق قىلىپ سەدىقە بەردى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەددى-قامىتى، ساقال-بۇرۇت ۋە يۈز-كۆزلىرى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئىدى. ئاتا-بالا ئىككىسىنى ھەرگىز ئايرىغىلى بولمايتتى. شۇڭا خەلقلەر بۇ ئاتا-بالىنىڭ بىرەر بەلگىسى بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، دېيىشەتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، مېنىڭ ئىسھاقنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىمنى خەلقنىڭ ئايرىۋېلىشى ئۈچۈن مەندە بىرەر بەلگە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى. شۇ زامان ئۇنىڭ ساقىلى ئاقىرىپ كەتتى. شۇ-

www.uyghurkitap.com

ئا ساقال چىقماق شىست ئەلەيھىسسالامدىن قالدى، ئاقارماق ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان،دېيىشىدۇ.

ئەلقىسسە، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن رەفىقا ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنىدى. رەفىقا ھامىلدار بولۇپ ئاي-كۈنى توشتى. ئۇ يەڭگىيىدىغان چاغدا ئۇنىڭ قورسىقىدىن ئىككى بالىنىڭ جېدەللەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلاردىن بىرسى:

— مەن سېنىڭدىن ئاۋۋال چىقىمەن، — دېسە، يەنە بىرى:

— ياق، سېنىڭدىن بۇرۇن مەن چىقىمەن، ئەگەر سەن مەندىن بۇرۇن چىقماقچى بولساڭ مەن سەن چىققان جايدىن چىقماي، ئانامنىڭ كەينى تەرىپىنى تېشىپ چىقىمەن، — دەيتتى. بۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار ھەيران قېلىشتى.

ئاخىرى ئۇلار بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن دۇنياغا كەلدى. «مەن ئاۋۋال چىقىمەن» دەپ بەكرەك دەۋا قىلغىنى كېيىن تۇغۇلدى. ئالدىدا تۇغۇلغىنىغا غەيز، كېيىن تۇغۇلغىنىغا يەئقۇب دەپ ئات قويۇلدى.

بالىلار چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يەئقۇبنى قوي بېقىشقا، غەيزنى دېھقانچىلىق قىلىشقا قويدى.

ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، كېچىلىرى ئۇخلىماي تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئاخىرى كۆزى ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام غەيزگە ئامراق ئىدى، ئانىسى يەئقۇبقا تولىمۇ ئامراق ئىدى. بىر كۈنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلاق گۆشىنىڭ كاۋىپىنى يېگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ:

— ئەي غەيز، مېنىڭ ئەۋلاددىن مىڭ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلگۈدەك، بۇلاردىن باشقا، نۇرغۇن پادىشاھلار ۋە نۇرغۇنلىغان باي دېھقانلارمۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن. مېنىڭ ھازىر ئوغلاق كاۋىپى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ. سەن ماڭا بىر كېيىكنىڭ ئوغلىقىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ پۈتۈن كاۋاپ قىلىپ بەرسەڭ، مەن ساڭا دۇئا قىلسام، يۇقىرىقى بەخت-سائادەت سېنىڭ ئەۋلادىڭغا مىراس قالىدۇ، — دېدى.

غەيز شۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن باياۋانغا چىقىپ كېيىك ئوغلىقىنى ئوۋلاشقا ماڭدى.

ئۇلارنىڭ ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يەئقۇبقا:

— داداڭ غەيزگە ئاشۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى سەن بىر ئوغلاقنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلغىن ۋە ئاۋازىڭنى غەيزنىڭكىگە ئوخشاش چىقىرىپ داداڭغا كاۋاپنى ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋال، — دەپ ئۆگەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام دەرھال بېرىپ بىر ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ پۈتۈن كاۋاپ قىلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاۋازىنى غەيزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش چىقىرىپ سۆزلىگەچكە، دادىسى ئۇنى تونۇيالماي قالدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كاۋاپنى يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئەي تەڭرىم، مۇشۇ ئوغلۇمغا بەخت-دۆلەتنى ئاتا قىلغايسەن، — دەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، بار-

لىق پەيغەمبەرلەر ۋە تاجدار پادىشاھلار ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئەلقىسسە، غەيز كىيىكنىڭ ئوغلىقىنى باياۋاندىن مىڭ مۇشەققەتتە تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ ئاندىن ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەپكەلدى. بۇ چاغدا ئاتىسى:

— ئەي ئوغلۇم، ھېلىلا بىر ئوغلاقنىڭ كاۋىپىنى ئەپكەلگەنىدىڭ. يەنە بىرنى ئەپكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، غەيز:

— باياتىن مەن كاۋاپ ئەپكەلمىدىم، مېنىڭ ئەپكەلگىنىم مۇشۇ، — دېدى.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلدىكى، ئالدىدا كاۋاپ ئېلىپ كەلگەن يەئقۇب ئىكەن، ئۇ يەئقۇبقا دۇئا قىپتۇ. ئۇ:

— مېنىڭ دۇئايىمنى يەئقۇب ئاپتۇ، ئەمدى ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەيدۇ... — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان غەيز تولىمۇ پەرىشان بولدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— قىلغان دۇئايىڭىز ئىجابەت بولدى. غەيزنىڭ ئەۋلادىدىنمۇ بىر مۇرسەل پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىدۇ، — دېدى. غەيزنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما ئۇ ھەزرىتى يەئقۇبقا شۇنچىلىك غەزەپلەنگەن ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاچچىقى پەقەتلا يانمىدى. ئۇ دائىم يەئقۇبنى ئۆلتۈرۈش خىيال-پىكرىدە ئىدى. لېكىن پەيتىنى تاپالماي يۈرەتتى.

بىر كۈنى غەيز يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى مېھمان قىلىمەن دەپ ئۆيىگە چاقىردى. ئاندىن ئۇنى سۆيۈپ قويىمەن دەپ، بويىنىنى چىشلىۋالدى. ئۇ سەممىي بولمىغانلىقى ئۈچۈن چىشى يەئقۇبنىڭ بويىنىغا پېتىپ قالغان پېتى ئاجرىماي تۆت تال چىشى يۇلۇنۇپ قالدى. غەيز ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ قىلىقىغا خىجالەت بولدى. ئاخىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي ئىنىم يەئقۇب مېنىڭ كۆڭلۈمدە ساڭا نىسبەتەن بىر ئاداۋەت بار ئىدى. ئەمدى ئۇ ئاداۋەتتىن كەچتىم. سەندە گۇناھ يوق ئىكەن. مەن ساڭا دۈشمەنلىك قىلىپ ئۆزۈم چىشسىز قالدىم، — دەپ، ئۇرغۇن ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام پانى دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلماقچى بولدى. ئۇ ھەزرىتى يەئقۇبقا:

— مەندىن كېيىن قالساڭ بۇ يەردە تۇرمىغىن، شامغا بارساڭ ئۇ يەردە ئىران دېگەن بىر كەنت بار. ئۇ كەنتتە لەييان دەپ بىر ئادەم بار. ئۇ بىزگە تۇغقان كېلىدۇ. سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مەن ئىسھاقنىڭ ئوغلى» دېسەڭ، ئۇ سېنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالىدۇ ۋە ساڭا ئوبدان قارايدۇ. ئۇ باي ئادەم. سەن مال-دۇنيادىن تەڭلىك تارتمايسەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىرانغا بېرىپ لەييانىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈردى.

## لۇت ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەر بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ھازەر بىر تۇغقان ئىدى. شەيدۇم دېگەن شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى

بار بولۇپ، ئۇنى سەندۇم دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى كەرەمز ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ۋە پادىشاھى ھەممىسى بۇتپەرەس ئىدى. شەھەرنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي باغۇ-بوستانلىق بولۇپ، بۇ باغلاردا يەر يۈزىدە بار بولىشان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. نازۇ-نېمەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولدىكى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئۈششۈپ كەتتى. كاپىرلار مېۋىلەردىن مەھرۇم قالدى.

تەڭرىدىن لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

— بۇ كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن. سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلدىم. سەن ئۇلارغا «لائىلاھە ئىللەللاھۇ لۇت رەسۇلۇللاھ» دېگەن سۆزنى تەلىم بەرگىن. — دېگەن پەرمان كەلدى.

ھەزرىتى لۇت ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كاپىرلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلسا، بۇ بەدبەخت كاپىرلار ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە يامانلىق قىلاتتى. چۈنكى شەيتان لەئىن كاپىرلارنى بۇتقا مايىل قىلاتتى. بۇ ھارامزادە كاپىرلارنىڭ كۆڭلى شەيتاننىڭ دالالىتىگە مايىل بولۇپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمايتتى. شەيتان بىر دىۋىنى ئەپكىلىپ بۇتنىڭ ئىچىگە سولىدى. دىۋە بۇتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سۆزلىسە كاپىرلار «بىزنىڭ تەڭرىمىز سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ ناھايىتى زور ئەقىدە-ئىخلاس قىلاتتى.

— بىر كۈنى دىۋە بۇتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

ئەي بەندىلىرىم، سىلەر مەندىن

كۆڭلۈكلىرىنى ئۈزۈپ، لۇتنىڭ ... گە كىرمەڭلار. سىلەرگە ئاچچىقلاپ سوغۇق ئەۋەتتۈردۈم، ھەممە مېۋىلىرىڭلار يوق بولدى. ئەمدى بولسىمۇ ماڭا ھەقىقىي ئىشەنسەڭلار، ئەقىدە قىلساڭلار سىلەرگە شەپقەت قىلىمەن، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كاپىرلار خۇشال بولۇشۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

ئەلقىسسە، لەنەتگەردى شەيتان كىشىلەرنىڭ بېغىغا كىرىپ، مېۋىلەرنى ئىرغىتىپ يەرگە تۆكۈپ قوياتتى. باغ ئىگىسى مېۋىلەرنى كىم ئىرغىتىپ تۆكۈۋەتكىنىنى بىلەلمەي ھەيران قالاتتى. بىر كۈنى شەيتان ياش ۋە چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، يامان بىر باغۋەننىڭ بېغىغا كىردى. باغۋەن ئۇنى كۆرۈپ تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا شەيتان:

— مەن بۇ يەرگە ماكانلاشتىم. ئەمدى ھېچيەرگە بارمايمەن. ئەگەر مېنى چوقۇم كېتىسەن دېسەڭ، ماڭا خوتۇن بول، يا مېنى خوتۇن قىلغىن، — دېدى. ھېلىقى ئادەم يىگىت سۈرىتىدىكى شەيتاننى ئامال قىلىپ كەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى ۋە ئۇنى خوتۇن قىلدى. ئاندىن ئۇ بۇ توغرىلىق باشقا كىشىلەرگە «بۇ ئايال كىشىدىن ياخشى ئىكەن ...» دېگەندەك ئىپلاس سۆز-چۆچەكلەرنى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر خەلقى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ قەبىھ، پاسكىنا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. نۇرغۇن ئەرلەر بۇزۇلۇپ كەتتى.

بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

— تەڭرى سېنى بۇ شەھەرنىڭ خەل-

قىنى ئىمان-ئىسلامغا دەۋەت قىلسۇن دېدى،— دەپ پەرمان يەتكۈزدى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى خوتۇنى ۋە ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ، ئىتتىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چەترەك بىر جايغا چۈشتى.

بۇ شەھەرنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى چىرايلىق يىگىت ئىزدەپ يۈرۈشەتتى، بۇلار لۇت ئەلەيھىسسالام چۈشكەن جايغا كېلىپ قالدى. لۇت ئەلەيھىسسالام تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. ھېلىقى ئادەملەر لۇت ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا ئۇنى تۇتماقچى بولۇشتى. ھەزرىتى لۇت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۆگىسى بىلەن ئىتتىغا بىرلا ئىشارەت قىلىۋىدى، تۆگىسى بىرمۇنچە كاپىرلارنى تېپىپ، چىشلەپ ئۆلتۈردى. ئىت ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىنى تالاپ ئۆلتۈردى. بىرمۇنچىسى ئاران قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇلار ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلدى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىرىگە بەش يۈز ئادەمنى قوشۇپ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ لۇت ئەلەيھىسسالامدىن:

— سىز نېمە ئادەم؟— دەپ سورىدى. ئۇ:

— مەن تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن. سىلەرگە تەڭرىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى تەرغىپ قىلغىلى كەلدىم،— دېدى.

ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ خەۋەر قىلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا لۇت ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە تەڭرىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپ ئۇلارغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى. بۇ چاغدا پادىشاھ:

— ئەي لۇت، ئۆزۈڭنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟— دەپ سورىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ بۇ يەردە تۆگەم بىلەن بىر ئىتتىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. تەڭرىم سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا تىل بەرسە ئەجەب ئەمەس،— دېدى. شۇ ھامان تۆگە بىلەن ئىت ئىككىسى يېتىپ كىرىپ:

— ئەي كاپىرلار، تەڭرى بىر ۋە باردۇر، ھەزرىتى لۇت بەرھەق پەيغەمبەردۇر. بىزمۇ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ لۇت رەسۇلۇللاھ» دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز،— دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان كاپىرلار ھەيران قېلىشىپ:

— بىز ھازىرغىچە بۇنداق ۋەقەنى كۆرمىگەن ئىدۇق. ئىشقىلىپ بۇ ئادەم جادۇگەر ئىكەن،— دېيىشتى ۋە بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ لۇت ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي لۇت، سەن پۇل-مال ئۈچۈن ياكى ئوقەت ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغان بولساڭ كېرەك. ياخشى ھۈنىرىڭ بار ئىكەن. سەن ئەمدى مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ قالغىن. مەن ساڭا مال-دۇنيا بېرىپ، ئىززەت-ھۆرمىتىڭنى قىلىمەن،— دېدى. لۇت ئەلەيھىسسالام:

— مەن سېنىڭ پۇل-مېلىڭ ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىڭگە ھاجىتىمەن ئەمەس،— دېدى ۋە ئۇلارغا يەنە ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. كاپىرلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ

تېخىمۇ يامان ئىشلارنى قىلىشاتتى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئاخىرى ئامالسىز قېلىپ تەڭرىگە مۇناجات قىلدى:

— ئەي تەڭرىم، بۇ كاپىرلارغا نەسىھەت قىلغانسېرى يامانلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— ئەي لۇت، قىرىق يىل سەۋر قىلغىن، شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىمان - ئىسلامنى يەنە قوبۇل قىلمىسا ئۇ چاغدا ئۇلارغا بالا ئەۋەتىمەن، — دېگەن خىتاب كەلدى تەڭرىدىن.

ئەلقىسسە، بىر كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە لۇت ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. ئۇ «لۇت كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا قانداق ئەھۋالدا ياشاۋاتقاندۇ» دەپ غەم قىلىپ يۈرگەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ھەركۈنى روزا تۇتاتتى ۋە ئۆيىگە مېھمان كەلمىگۈچە ئىپتار قىلىپ تاماق يېمەيتتى، ئەمما توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلمىگەنىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرى، مەندىن نېمە خاتالىق ئۆتتى، ماڭا نېمىشقا مېھمان ئەۋەتمەيسەن؟ — دېدى، شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، تەڭرىم لۇتنىڭ غېمىنى سەنچىلىك يېمەسمۇ؟ سەن ئۇنىڭ غېمىنى يېگەنلىكىڭ سەۋەبىدىن ئۆيۈڭگە مېھمان كەلمىدى، — دېدى.

ئەتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە ساھىبجامال تۆت نەپەر ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۆرگە باشلىدى ۋە بۇۋى سارەگە:

— بۇ مېھمانلارغا ئۆزۈڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ بىلەن زىياپەت بەرسەڭ بولاتتى، — دېدى. بۇۋى سارە:

— مەن مۇشۇ پاقلاننى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. شۇنى ئۆلتۈرۈپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالايلى، — دېدى.

بۇۋى سارە بۇ پاقلانغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، ئالتۇن - كۈمۈشتىن بويىنغا ھالقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ باقاتتى.

ئۇلار بۇ پاقلاننى سويۇپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. مېھمانلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلغاچ ئۆزلىرى گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئەمما قارىغۇدەك بولسا مېھمانلار يېمەي ئولتۇرۇشاتتى. مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ زورلىۋىدى، ئۇلار:

— بىز يېمەك - ئىچمەكتىن خالىي كىشىلەرمىز، — دېيىشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— سىزلەر كىم بولىسىزلەر؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— بىز جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسراپىل ۋە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملار بولىمىز. بىزنى تەڭرى «سىلەر ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىڭلار، چۈنكى توققۇز كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلمىگەچكە ئىپتار قىلماي ئاچ ئولتۇرۇشۇپتۇ. سىلەر بارساڭلار ئۇلار تاماق يېسۇن» دەپ پەرمان قىلىۋىدى، شۇڭا كەلدۇق، — دېيىشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئۇلار:

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى ئۇنىڭغا ياردەمگە بارىمىز. ئۇ كاپىرلارنىڭ شەھىرىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتىشكە تەڭرىدىن پەرمان بولدى. لۇتنى بالا-ۋاقىسى بىلەن ئۇ شەھەردىن چىقىرىۋېتىمىز،— دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

بۇ تۆت پەرىشتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ، لۇت ئەلەيھىسسالام تۇرغان شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئون كۈنلۈك مۇساپە ئىدى، ئۇلار بىر سائەتتە يېتىپ باردى. بۇ كاپىر پادىشاھقا بەش شەھەر تەۋە ئىدى.

بۇ چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالام ئېتىزلىققا چىقىپ كېتىپ ئۆيىدە قىزلىرى قالغانىدى. تۆت پەرىشتە تۆت ياش يىگىتنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ:

— بىز بۇ يەرگە مۇساپىر بولىمىز. بىزنى قوندۇرۇپ قالساڭلار بولماسمۇ،— دېدى. قىزلاردىن بىرى ئىشىككە چىقىپ:

— ھازىر ئۆيدە ئەر كىشى يوق. بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىزلار ئاتام قايتىپ كېلىدۇ،— دېدى.

بىرئازدىن كېيىن لۇت ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ «بۇ چىرايلىق مۇساپىر يىگىتلەر ماڭا مېھمان بولۇپ كەپتۇ. لېكىن بەتقىلىق كاپىرلار بۇلارنى كۆرۈپ قالسا بۇلارغا يامان نىيەتتە بولۇشى مۇمكىن» دېگەن غەم-ئەندىشىدە بولدى. ئۇ قىزلىرىغا دەرھال ئۇلارنى يوشۇرىدىغان جاي تەييارلاشقا بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا بىرقانچە ئىپلاسلار بۇ تۆتەيلەننىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ يېتىپ كەلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىۋىدى، ئۇلار:

— ئەي لۇت، ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمانلارنى بىزگە قوشۇپ قويساڭ، ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قوندۇرايلى،— دېدى، لۇت ئەلەيھىسسالام:

— بۇلار مېنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ، شۇڭا ئۇلارنى مەن ئۆزۈم ئۇزىتىمەن،— دېدى.

كاپىرلار لۇت ئەلەيھىسسالامنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ماقۇل قىلالماي ئاخىرى زورلۇق قىلىشقا باشلىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئۇلارنى بۇ ئىشتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن يالۋۇردى. ئۇ ئەبلەخلەر ئۇنىماي ئۆكتەملىك بىلەن:

— ئەي لۇت، سەن ھەرقانچە يالۋۇرغىنىڭ بىلەن بىز ئۇنىمايمىز. بىزنىڭ ئادىتىمىز ۋە بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆزۈڭگە مەلۇم. بىز ئۇ يىگىتلەرنى ئاپىرىپ قىلىدىغىنىمىزنى قىلماي قويمايمىز،— دېدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام تولىمۇ تىت-تىت بولۇپ كەتتى ۋە:

— ئەي تەڭرىم، بۇ ئىپلاسلار مېنىڭ مېھمانلىرىمغا يامان نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر كۈچۈم يەتكەن بولسا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان بولاتتىم،— دەپ زارلاندى. بۇ ئارىدا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم تالاغا چىقىپ كىردى. ئۇ ھەر قېتىم تالاغا چىقسا كاپىرلار ئۇنىڭغا ئىزا-ئاھانەت قىلىپ ئازابلايتتى. ئۆيگە كىرگەندە ئۇ مېھمانلارغا ئۆزرە ئېيتاتتى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خىجالەتچىلىكتە ۋە ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا

قالغانلىقىنى كۆرگەن بۇ تۆت پەرىشتە ئاخىرى ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ:

— ئەي لۇت، بىز تەڭرىنگە ئەڭ يېقىن بولغان تۆت پەرىشتەدۇرمىز. سىزنى بۇ لەنىتىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتقۇزغىلى كەلدۇق. تەڭرى ئۇلارغا بالا-قازا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ،— دېدى. لۇت ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە قاچان بالايىئاپەت كېلىدىغانلىقىنى سورىدى. پەرىشتىلەر:

— سەھەردە كېلىدۇ،— دەپ جاۋاب بەردى.

ھېلىقى بىر توپ ئىپلاسلار ئاخىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئۇلارنى ئېلىپ چىقايلى دېيىشىپ تۇرغاندا تاڭ سۈزۈلۈپ قالدى. ئۇلار:

— تاڭ ئاتقاندا نۇرغۇن ئادەم بىلەن كېلىپ قىلىدىغىنىمىزنى قىلىمىز،— دېيىشىپ قايتىشتى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئون يەتتە ئادەم مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇلارغا ئىككى ئايالى ۋە ئۈچ قىزىنى قوشۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. مىكائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ قويدى. ئاندىن تۆت پەرىشتە كاپىرلارنىڭ بۇ شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى قىرىق گەز يىراقلىقتىن ۋە قىرىق گەز چوڭقۇرلۇقتىن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن پېتى ئېگىزگە ئەپچىقىپ دۈم كۆمتۈرۈپ تاشلىدى. ھازىرغىچە ئۈۋەنگە قاراپ چۈشۈۋاتقانمىش. قىيامەت كۈنى يەرنىڭ ئېگىزدىكى دوزاخقا يېتىپ چۈشەرمىش. تەڭرى بۇ توغرىلىق «بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپ (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى-ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق.»① دېگەنىدى.

بۇ شەھەرلەر ھىجاز بىلەن شامنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. مەككە-مەدىنىگە بارىدىغانلار شۇ يەردىن ئۆتەتتى. ھېلىقى شەھەرنىڭ ئورنى چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ بولۇپ، ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ۋە ئوتلار چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا كىشىنىڭ يۈرىكى ئېچىپ، ئىختىيارسىز تۆۋە-ئىستىغپار ئوقۇشاتتى.

تەڭرى ھەرقانداق كاپىرلارغا غەزەپلەنسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىسىمۇ، شەھەرلىرى ساق قالاتتى. ئەمما بۇ شەھەرلەرنىڭ نام-نىشانىسى قالمىدى. تەڭرىنىڭ بۇنداق قاتتىق غەزەپلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، شۇ كۈنلەردە ماۋەرائۇننەھىردە قەھەتچىلىك بولۇپ، خەلقلەر ئاچارچىلىقتا چىدىساي تەرەپ-تەرەپكە چىقىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى كاپىرلارنىڭ مۇشۇ شەھەرلىرىگە كېلىشكەنىدى. شەھەر خەلقى «بۇ كەلگەندىلەر بىزنىڭ ئاشلىقلىرىمىزنى يەپ تۈگەتسە بىز قانداق قىلارمىز؟» دەپ ئەنسىرەپ ئەندىشىدە قالدى. بۇ چاغدا شەيتان ئۇلارغا:

— ئۇلارنى بۇ شەھەرگە يېقىن يولاتمايدىغان بىر ئامال بار. بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەرنىڭ بىرىنى سىلەر بەش-ئونىڭلار بىرلىشىپ كەينى-كەينىدىن بو-

① «قۇرئان كەرىم» 11-سۈرە، 82-ئايەت.

زەك قىلساڭلار شۇ چاغدا ئۇلار ھەممىسى قاچىدۇ ۋە ئىككىنچىلەپ بۇ ياققا قەدەم باسمايدۇ،— دەپ ئۆگەتتى.

كاپىرلار شەيتاننىڭ دېگىنى بويىچە ئەڭ ئىبلاس قىلىقنى قىلىپ تەڭرىنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىدى ۋە ھەر ئىككى دۇنيادا قارا يۈز بولدى. تەڭرى بۇ توغرىلىق قۇرئاندا «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرسىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس»① دېگەنىدى. قۇرئاندا يەنە بىر جايدا «سىلەر ھەقىقەتەن لىۋاتە قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟»② دېگەن.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دائىم تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ يىغلىسا ئاۋازى ئون پەرسەڭ يەرگىچە ئاڭلىناتتى. بۇنى ئاڭلىغانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىۋېتىپتۇ، دەپ بىلەتتى. بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي تەڭرىم، قىيامەتتە بارلىق ئۆلۈكلەرنىڭ چىرىگەن گۆشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى يىغىپ ئۇلارنى ئەسلى شەكلىگە كەلتۈرۈپ قايتا جان بېرىپ تىرىلدۈرىمەن دەيسەن. شۇ ئىشىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ خەلقلەرگە بىلدۈرسەم،— دەپ تەڭرىگە مۇناجات قىلدى. تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، ئۇنداق بولسا سەن بىر توز، بىر قاغا، بىر ئۆردەك ۋە بىر خورازنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرگىن، ئاندىن ئۇلارنى يۇڭداپ، گۆشىنى ئايرىپ، چانىغىن، ئۇستىخانلىرىنى پارچىلاپ ئارىلاشتۇرۇۋەت. ئەڭ ئاخىرىدا بۇلارنى تۆتكە بۆلۈپ ئايرىم-ئايرىم قويۇپ، ئۆزۈڭ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرغىن ۋە مېنىڭ قۇدرەت كامالىتىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن،— دېگەن خىتاب كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۆت تۈرلۈك جانىۋارنى تېپىپ كېلىپ ئۆلتۈردى ۋە يۇقىرىقىدەك قىلىپ تۆرتكە بۆلدى. تۈك-پەيلىرىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. شامال ئۇ پەيلەرنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاراپ ئولتۇرۇۋىدى، سۆڭەك، گۆشلەر ئاستا-ئاستا مىدىرلاپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. بىر سائەتكە قالماي تۆت جانىۋارنىڭ ئەسلى شەكلى بارلىققا كەلدى. شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن پەيلەر ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بىسىر تال تۈكىمۇ بىر-بىرىگە ئالمىشىپ قالمىدى. ئاندىن ئۇلارغا جان كىردى. ئۇلار «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىبراھىم خەلىلۇللاھ» دەپ ئىمان كەلتۈرۈپ ھەر بىرى بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

بۇ تۆت جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ سەۋەبى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: توز ھەممىدىن ياسانچۇق ئىدى، خوراز شەھۋەتپەرەس ئىدى، ئۆردەكنىڭ نەپسى يامان، قاغا نىجاسەتكە ئامراق ئىدى. تەڭرى ئادەم بالىسىنىمۇ شۇلاردەك بولۇپ قالمىسۇن، نەپسى ئۇچۇن ئۆزىنى بۇلغىمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدى.

① «قۇرئان كەرىم» 29-سۈرە، 28-ئايەت.

② «قۇرئان كەرىم» 29-سۈرە، 29-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇۋى سارەنىڭ ۋاپاتى

بۇۋى سارە بىر يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن كەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەئزۇر دېگەن قىزغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن ئالتە باللىق بولدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن جان ئالغۇچى پەرىشتە ئەزرائىل بىر قېرى بوۋاينىڭ سۈرىتىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ سەدىقە سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ ئالدىغا غىزا كەلتۈردى. بوۋاي غىزانى قولىغا ئالسا قوللىرى تىترەپ ئاغزىغا ئاپىرالمايتتى. بۇنى كۆرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىڭىز؟— دەپ سورىدى. بوۋاي:

— بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قېرىپ كەتكەچكە مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم،— دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەگەر ئادەم قېرىسا مۇشۇنداق ئەھۋالغا قالىدىغان بولسا، مېنىڭ جېنىمنى تېزرەك ئالغىن،— دەپ يالۋۇردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ روھ قۇشى بەدەن قەپىزىدىن پەرۋاز قىلىپ چىقتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا بىر يۈز يىگىرمە ياشتا ئىدى. بۇ ھۇشۇر ئايىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى پەيشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇنى مەككىگە دەپنە قىلدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دادىسىدىن كېيىن ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى.

تەڭرى قۇرئان كەرىمدە «(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى)نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى»① دېگەنىدى.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام لەيياننىڭ قېشىغا باردى. لەييان ئۇنىڭدىن:

— سەن نەدىن كەلدىڭ؟ كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسەن؟— دەپ سورىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام:

— ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى بولىمەن،— دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان لەييان خۇشال بولۇپ:

— مېنىڭ تۇغقىنىم ئىكەنسەن. مېنىڭ ئوغلۇم يوق، ئىككى قىزىم بار، بىرىنى ساڭا بېرەي. سەن ماڭا ئوغۇل بولۇپ مېلىمنى بېقىپ بەرگىن،— دېدى.

لەييانىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئېتى لىيان بولۇپ، بويى ئېگىز ھەم يوغان، ئۆزى ناھايىتى سەت، كالامپاي بىر قىز ئىدى. كىچىكىنىڭ ئېتى راھىلە ئىدى.

---

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە مەريەم، 54 ـ ئايەت.

ئۇ چىرايلىق، خۇش خۇي، قەددى - قامەتى كېلىشكەن قىز ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام راھىلەنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئېلىش ئۈمىدىدە ئۇلارنىڭ قويلىرىنى يەتتە يىل باقتى.

بىر كۈنى لەيىيان «راھىلەنى ساڭا بېرىمەن» دەپ تەييارلىق قىلىپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تويىنى قىلدى. ئۇ ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا راھىلە ئەمەس، ئۆزگە نىكاھ قىلىپ بەرگىنى لىيان ئىكەن. ئۇ خاپا بولۇپ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باردى، ۋە:

— مەن راھىلە ئۈچۈن خىزمىتىڭىزنى قىلغاندىم. ئەكسىچە ماڭا لىيانىنى بېرىپسىز. بەرسىڭىز راھىلەنى بېرىڭ، بولمىسا يەتتە يىل ئىشلىگەن ھەققىمنى بېرىڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ لەيىيان:

— ئەي يەئقۇب، ياتلار ئۇنى سەت دەپ ئالمىسا، سەن تۇغقىنىم تۇرۇپ ياراتمىساڭ، ئەمدى ئۇنى كىمگە بېرىمەن؟ ئەگەر راھىلەگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان بولسا، يەنە بىر نەچچە يىل قوي باقساڭ ساڭا ئۇنىمۇ بېرەي، — دېدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يەنە ئىككى يىل قوي باقتى. لەيىيان راھىلەنىمۇ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. چوڭ قىزىغا مۇلھەمە ئىسىملىك كېنىزەكنى، كىچىك قىزىغا زۇلفە ئىسىملىك كېنىزەكنى قوشۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تۆت خوتۇنلۇق بولدى. چوڭ ئايالىدىن يەھۇدا ۋە شەمئۇن ئاتلىق ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى.

راھىلەمۇ يۇسۇف بىلەن ئىبن يەمىننى تۇغدى. مۇلھەمە تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز، زۇلفەمۇ تۆت ئوغۇل ئىككى قىز تۇغدى. ھەممىسى قوشۇلۇپ ئون ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز بولدى. ئۇلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مال - چارۋىلىرى، ئات - يىلقىلىرى كۆپىيىپ كەتتى. باللىرىدىن بىرمۇنچىسى ئۆياۋك - ئوچاقلىق بولدى.

ئاخىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يەنە ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كەنئانغا كۆچۈپ باردى.

غەيز بۇ يەردىكى بىر سەھرادا ياشاۋاتقاندى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېپىپ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئۆي - جاي قىلىپ بەردى. بىرقانچە ۋاقىت ئۇلار بىللە ئۆتتى. بىر كۈنى غەيز:

— بۇ يۇرتتا نەچچە يىلدىن بېرى مەن تۇردۇم. سىلەر مۇساپىر بولۇپ باشقا جايلاردا يۇردۇڭلار. ئەمدى بۇ يەردە سىلەر ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەڭلار، — دەپ ئۆزى شامغا كۆچۈپ كەتتى.

ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۈچاۋك ۋە قۇۋۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە تولىمۇ ئىشىنەتتى. بىر كېچىسى پەرىشتاەر ئوغرى سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا خېلى قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆڭىكى زەخىملىنىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ: «مۇشۇ كېسەلدىن ساقاي-

www.uyghurkitap.com

سام، يېمەك ـ ئىچمەكتىن بىرئاز ئۈزۈنى تارتاي» دەپ ئويلىدى ۋە شۇندىن كېيىن تۆگە سۈتى بىلەن تۆگە يېغىنى ئىستېمال قىلماس بولدى.

بەيتۇللاغا ھەر كېچىسى يەتتە يۈز چىراغ يېقىلاتتى. بۇ چىراغلار تاڭ ئاتقۇچە يېنىپ تۇراتتى، بىر كۈنى بىرسى كېلىپ بارلىق چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام «بۇ چىراغلارنى كىم ئۆچۈردىكىن» دەپ ئەتىسى كەچتە ماردى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى كېلىپ چىراغلارنى بىر باشتىن ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار بىرپەس قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى يىقىتىپ قولىنى باغلىدى. بۇ بولسا لەنىتى شەيتان ئىدى. شۇنىڭغىچە ھېچكىم شەيتان بىلەن ئېلىشىپ غەلىبە قىلالمىغانىدى.

ئەلقىسسە، شەدداد دېگەن كاپىرنىڭ ئوغلى ئەلاق پادىشاھ ئىدى. ئۇ «مەن خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئوردا بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر شەھەر بىنا قىلماقچى بولدى. ئۇ شەھەر سېپىلىنىڭ ئورنىنى قىرىق گەز قازدۇرۇپ، ئۇ يەرگە تاش توشقۇزدى ۋە ئۈستىگە قايتا سېپىل سالدۇردى. سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوردا سالدى. ئوردىنىڭ تاملىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن نەقىشلەپ، لەئل ـ زەبەرجەدتىن كۆز قويدۇردى. بۇ شەھەر پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «قەترام» دەپ نام بەردى. شەھەردە باغۇ ـ بوستانلارنى، ئايۋان ـ سارايلارنى بىنا قىلدى، بۇ شەھەرنىڭ قىرىق دەرۋازىسى بار ئىدى. دەرۋازىلارنىڭ بىرى سۆمبۈلدىن، بىرى ئۈددىن، بىرى پىل چىشىدىن، بىرى ئۈندىن، بىرى كۈمۈشتىن... دېگەندەك ھەر بىر دەرۋازا بىر تۈرلۈك ئېسىل ماتېرىيالدىن ياسالغانىدى، بۇ دەرۋازىلارنى ئۆز نامى بىلەن ئالتۇن دەرۋازا، كۈمۈش دەرۋازا دەپ ئاتايتتى. ئوردىغا ئېگىزلىكى قىرىق گەز كېلىدىغان بىر راۋاق سالدۇردى. بۇ راۋاقنى «جاھاننەما» دەپ ئاتايتتى.

بىر يىلى كەنئاندا قەھەتچىلىك بولۇپ، خەلقلەر ئاچارچىلىقتا قالدى. قەترام شەھىرىدە بولسا دولچىلىق ئىدى. ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئون ئوغلىنى ئۇ شەھەرگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتتى. يەھۇدا كەلگەن ئادەمگە:

— بىز تەگرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كەلدۇق. ئىشىمىزنى بىر تەرەپ قىلىپ ئاندىن بارايلى، — دېدى. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەتىسى يەنە ئادەم ئەۋەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئاخىرى ئەملاقنىڭ ئالدىغا باردى. ئەملاق قارىغۇدەك بولسا بىربىرىدىن چىرايلىق، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بەرنا يىگىتلەر ئىكەن. پادىشاھ ئەملاق ئۇلارنى ئىززەت، ئىكراملار بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمى نەسەبلىرىنى سورىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ نام-نەسەبلىرىنى بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئەملاق:

— سىلەر ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنسىلەر،

ماڭا سىلەردەك يارۇ ھەمدەم كېرەك ئىدى. مەن سىلەرگە كۈيئوغۇل بولۇشنى خالايمەن. سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنى بىر شەھەرگە باشلىق قىلىپ، مال-مۈلۈك ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنى زىيادە قىلاي، — دېدى.

— بۇ ئىشلارغا بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز. سىزگە ئاتام ئۆزى جاۋاب بەرسۇن، — دېيىشتى ئاكا-ئۇكىلار.

ئەملاق ئون تۆگىگە بۇغداي، ئەتلەس ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئارتىپ بەردى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا مەخسۇس ئون پاتمان ئىپار، ئون پاتمان كافۇرنى خالتا قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئوغۇللار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەملاقنىڭ ئەۋەتكەن خالتىسىنى بەردى ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى غەش بولۇشقا باشلىدى. ئۇ «ھېچقانداق پەيغەمبەر ئۆز قىزىنى كاپىرغا بەرگەن ئەمەس. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك» دەپ غەمكىن بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، ئەملاقنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەملاق ئەۋەتكەن نامىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. خەتتە:

«مەنكى پادىشاھ ئەملاق شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، يەئقۇب ماڭا قىزىنى بەرسە، مەن ئۇنىڭغا قۇچاق-قۇچاق ئەتلەس، سەرلەپ ئالتۇن-مەرۋايىتلارنى ئىنئام قىلىمەن. ئەگەر سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىسا، شەھىرىگە ئوت قويۇپ، مال-مۈلكىنى ئولجا قىلىپ، خوتۇنلارنى تۇل، باللارنى يېتىم قىلىمەن، ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنىڭ تەڭرىسى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم...» دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت ئىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى پەرىشان بولدى ۋە ئوغۇللىرىنى يېنىغا يىغىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى، يەھۇدا:

— بىز قانچە غەم قىلغىنىمىز بىلەن باشقا ئامالىمىز يوق. تەڭرىنى ياد ئېتىپ تۇرساق ئۆزى ئاسان قىلار، — دېدى، ئۇلار ئەملاقنىڭ ئەلچىسىدىن مۇنۇ مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى:

«مەنكى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن بۇ دۇنيا ئاخىرەتتە لەنەتگەردى بولغان ئەملاققا سۆزۈم شۇكى، ھېچقانداق پەيغەمبەر كاپىرغا قىز بەرگەن ئەمەس. ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولۇپ ئىمان ئېيتساڭ، ھازىرقى دۆلىتىڭدىن ئون ھەسسە دۆلەتمەن بولىسەن، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىپ، ھۆر-غۇلمانلار بىلەن راھەتتە ياشايسەن. مەنمۇ ساڭا قىزىمنى بېرىمەن. ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ قولىڭدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلغىن».

ئەملاقنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى بۇ خەتنى ئاپىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئەملاق خەتنى ئوقۇپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ لەشكەر يىغدى. ئۆزى پىلغا مىنىپ، نۇرغۇن لەشكەرنى باشلاپ كەنئانغا يېتىپ كەلدى.

ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنى يىغىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى، ئۇلار:

— بۇنىڭ لەشكىرى بەك نۇرغۇن ئىكەن. ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەسمىزەكىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېيىشتى.

ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— بىز ئاجىز كېلىپ قالدۇق، ئەي تەڭرىم، بىزنى كاپىرلاردىن قۇتقازغىن، دېدى، شۇئان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي يەئقۇب قورقمىغىن، تەڭرى «مەن يەئقۇبنىڭ پەرزەنتلىرىنى كاپىرلارغا تۇتتۇرمايمەن، ئۇلار قورقماي ئەملاقنىڭ ئالدىغا چىقىپ جەڭ قىلسۇن. مەن ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلىمەن» دەپ پەرمان قىلدى، — دېدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئوغۇللىرىغا دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر تۇرلۇك جەڭ قورالى تۇتقۇزدى. بۇ ئاكا-ئۇكا ئون يىگىت تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئەملاقنىڭ ئالدىغا چىقىپ، جەڭگاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇردى. ئەملاق بۇلارنى كۆرۈپ:

— بۇلار يەئقۇبنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن. بەلكىم ئەلچىلىككە كەلگەن بولسا سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار كەلگەن كىشىگە:

— بىز يولدىن ئېزىپ كەلگەن كاپىرلارنى راست يولغا كىرگۈزگىلى كەلدۇق. ئەگەر ئۇنىمىسا ئۇلارنى بىراقلا ھالاك قىلىمىز — دېدى. ئەملاق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى ۋە تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

يەھۇدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ نەئرە تۇرۇپ ۋاقىرىدى. ئاندىن باشقا ئىنىلىرىمۇ تەڭ نەرە تارتىپ ۋارقىراشتى. ئۇلارغا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ قوشۇلدى. بۇ ھەيۋەتلىك ئاۋازلاردىن [illegible] كاپىرنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى. ئەملاق بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىگىرمە تۆت مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ كېلىپ سەپ تارتىپ تۇردى. بۇ قېتىم شەمئۇن باشلاپ نەئرە تارتتى. ئۇنىڭغا ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ قوشۇلۇپ نەئرە تارتتى. بۇ چاغدا ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەلدى. كاپىرلار «ئاسمان يىقىلىپ چۈشۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، قورقۇشۇپ تۇرغىنىدا، ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ئوت چاقناتقان پېتى كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى.

ئەملاق بىر قانچەيلەن بىلەن قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ شەھەرگە كىردى ۋە:

— ئەي بەدبەخت، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە قايىل بولۇپ ئىمان كەلتۈرگىن، بولمىسا شەھرىڭنى ۋەيران، ئۆزۈڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمىز، — دېيىشتى(?) — دېۋىدى، ئەملاق:

— ئەي پەيغەمبەرزادىلەر، ئەمدى نېمە قىلساڭلار سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا. مېنىڭ ھېچقانداق ئامالىم يوق، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنى باغلاپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ نەسىھەت قىلدى. ئەملاق:

— مېنى قويۇۋەتسەڭلار، قايتىپ بېرىپ بالا-چاقام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئىمان ئېيتسام، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا قانچە ۋاقىت مۆھلەت سورايسەن، — دېۋىدى، ئەملاق:

— ئون يىللىق مۆھلەت سورايمەن، — دېدى.

ئۇنى قويۇۋەتتى. بۇ كاپىر ئون يىلغىچە زور تىرىشچانلىق بىلەن مال-دۇنيا يىغدى ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ لەشكەر توپلىدى. بۇ لەشكەرلەرنى ناھايىتى تەجرىبىلىك يىگىرمە تۆت نەپەر سەردار باشقۇراتتى.

ئون يىل مۆھلەت توشقاندا، ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يەھۇدانى ئەملاقنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى، ئۇ بېرىپ:

— ئەي بەدبەخت، ئون يىل ئامانلىق تىلىۋىدىڭ، ئون يىلمۇ توشتى. ئەمدى مۇسۇلمان بولارسەن، — دېۋىدى، ئەملاق:

— ئەپسۇسكى، سەن ئاتاڭنىڭ ئالدىدىن ئەلچى بولۇپ كەلدىڭ. ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش ياخشى ئەمەس، بۇرۇن مەن بىلمەي قاپتىمەن، سىلەر جادۇگەر ئىكەنسىلەر، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئامالىنى تاپتىم. سەن ئاتاڭغا بېرىپ ئېيتقىن، قىزىنى ماڭا بەرسۇن، بولمىسا مېنىڭ لەشكەرلىرىمگە تەڭ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن، — دېدى.

يەھۇدا قايتىپ كېلىپ ئاتىسىغا بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، سېنىڭ پەرمانىڭ بىلەن كاپىرلارنى ئىمان-ئىسلامغا دالالەت قىلسام ئۇنىمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. بۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە:

تەڭرىدىن «يەئقۇب كاپىرلاردىن ھەرگىز قورقمىسۇن. مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دېگەن پەرمان كەلدى، — دېدى.

ئەملاق يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن كەنئانغا قاراپ يولغا چىقتى. كەنئانغا ئىككى كۈنلۈك يول قالغاندا تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن بىر پارچە ئوت پەيدا بولۇپ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممە مال-مۈلكى ۋە لەشكەرلىرى قوشۇلۇپ كۆيۈپ تۈگىدى. پەرىشتىلەر تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇلارنىڭ شەھىرىنى كۆتۈرۈپ قىرىق گەز ئېگىزلىككە ئەپچىقىپ، دۈم كۆمتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇۋەتتى، ھەممىسى تۇپراقنىڭ ئاستىدا قالدى.

# ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ئالتە مىڭ جۈپ قۇرتقا يەم بولغاندا «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى①» دەپ پەرياد قىلغان، تەڭرى ئۇنىڭ ھەققىدە «بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە» ② دەپ ماختىغان ۋە تەڭرىنىڭ «ئۇنىڭغا

① «قۇرئان كەرىم» 21-سۈرە، 83-ئايەت

② «قۇرئان كەرىم» 38-سۈرە، 44-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

رەھىم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)»،① دېگەن كارامىتى بىلەن خۇشال بولغان ـ ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى مەۋسۇف، ئۇنىڭ دادىسى راۋاج، ئۇنىڭ دادىسى غەيز، غەيزنىڭ دادىسى ئىسھاق نەبىيۇللا، ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم خەلىلۇللاھدۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام رۇم ۋىلايىتىدە ياشايتتى. ئۇنىڭ ئايالى رەھىمە ھەزرىتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قىزى ئىدى.

بۇ شەھەردە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئادەم كېسەل بولۇپ يول ياقىسىدىكى بىر تامنىڭ تۈۋىدە يېتىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ بەدەنلىرى تېشىلىپ سېسىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئادەم ياتقان تامنىڭ كەينىدىكى قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا:

— ئۇزۇندىن بۇيان بۇ يەردە يېتىپ بەكمۇ سېسىتىۋەتتىڭ، ئەمدى باشقا يەرگە بېرىپ ياتساڭچۇ، — دېدى. بۇ چاغدا بۇ يەردىن ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كېسەل ئادەم ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا:

— مەن مۇشۇنداق ئېغىر كېسەل تۇرسام، مېنى بۇ يەردىن كەت دەۋاتىدۇ. مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ماجالىم يوق، — دەپ دادلىدى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا

— راست دەيدۇ، ئەمدى باشقا جايغا بېرىپ ياتساڭچۇ، — دېدى.

كېسەل ئادەمنىڭ بۇ گەپتىن قاتتىق كۆڭلى ئاغرىدى ۋە تەڭرىگە يالۋۇرۇپ.

— ئەي تەڭرىم، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ ماڭا رەھىم قىلمىدى. مېنىڭ مۇشۇ ھالىمنى (كېسىلىمنى) ئۇنىڭغىمۇ سالساڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە، ھېلىقى ئادەمنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ.

— ئەي ئەييۇب، ئۇ كېسەل ئادەمگە نېمىشقا رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپتىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا تەڭرىنىڭ نارازى بولغانلىقىنى بىلدى ۋە دەرھال كېسەل ئادەمنى ئىزدىدى، ئەمما تاپالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق جايدا بىرەر كېسەل ئادەم بارلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى ئەپكېلىپ باقاتتى. قېرى ـ ئاجىزلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلاتتى. ئۇ باي ۋە دۆلەتمەن ئىدى. ھەرقانداق ئادەمگە قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ئايىمايتتى. ھەر كۈنى كەمبەغەل ـ دىۋانىلەرنى تويغۇزمىغىچە ئۆزى تاماق يېمەيتتى. ئۇ ھەمىشە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، تەڭرىنى بىردەم يادىدىن چىقارمايتتى. ئۇ قۇرتلارنىڭ دەردىگە سەۋرى قىلىپ چىداپ ئاخىرى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە يەتتى.

تەڭرى پەرىشتىلەرگە:

— ئەي پەرىشتىلەر، قاراڭلار، ئەي-

---

① «قۇرئان كەرىم» 21 ـ سۈرە، 84 ـ ئايەت

يۈپ ھېچقانداق ۋاقىتتا مېنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، — دەيتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ناھايىتى باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بەشيۈز جۈپ قوشقا قاتىدىغان ئۆكۈزى بار بولۇپ، ھەر بىرى بىر ئۆيلۈك قۇلنىڭ قولىدا ئىدى. تۆتيۈز قۇلى مىڭ تۆگە، مىڭ خېچىر بىلەن سودىگەرچىلىك قىلاتتى. مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ئۇنىڭ قويلىرىنىڭ ئارىسىدا قىرىق مىڭ قارا كۆز قوچقىرى بار بولۇپ، باشقا قويلىرىنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز باش كۆتۈرمەي ئىبادەت قىلاتتى. بۇنىڭغا شەيتاننىڭ ئىچىدىكى ھەسەت ئوتى قوزغىلىپ چىدىيالماي قالدى ۋە:

— ئەي تەڭرى، ئەييۇبقا سەن مال - دۇنيانى كۆپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بولمىسا ھەرگىز بۇنچىۋالا ئىبادەت قىلمىغان بولاتتى، — دېدى. تەڭرىدىن:

— ئەي مەلئۇن، ئەييۇبنىڭ مال - مۈلكىنى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇردۇم، — دېگەن پەرمان كەلدى. لەنىتى ئىبلىس ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ماللىرىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ بىردەم ئۇرغانىدى، ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ پۈتۈن مال - چارۋىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى.

قويچىلار كېلىپ يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلىۋىدى، ئۇ:

— تەڭرى ئۆزى بەرگەننى ئۆزى ئېلىۋالسا مەيلى ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. تۆگىچىلەر كېلىپ.

— تۆگىلەر ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ:

— تەڭرى نېمىنى خالىسا، مەن شۇنىڭغا رازى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلقىسسە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق مال - مۈلكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يوقالدى ئۇ ھەممىگە سەۋر قىلىپ، رازى بولدى.

شەيتان يەنە:

— ئەييۇب ھەممىگە سەۋر - تاقەت قىلسىمۇ پەرزەندىگە چىدىمايدۇ، — دېدى.

— ئۇلارنىمۇ خالىغىنىڭنى قىل، — دېدى تەڭرى:

بىر كۈنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە بالىلىرى بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئۇلارنى ئۆي بېسىۋېلىپ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شەيتان يۈگۈرگەن پېتى ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بالىلىرىڭنى ئۆي بېسىپ ئۆلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئۇلار تەڭرىنىڭ خاھىشى بويىچە قازا تاپقان. بولمىسا بىمەجەل بىر تال قۇرتمۇ ئۆلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرىتى ئەييۇب.

لەنىتى شەيتان ئەييۇبنىڭ بۇنچىۋالا سەۋرچانلىقىغا قاراپ ئامالسىز ئەھۋالدا قالدى، چۈنكى ئۇنى ھېچقانداق قىلىپ نارازى قىلالمىغانىدى. ئۇ ھېچقاچان مۇنچىلىك جاپا - مۇشەققەت تار-

www.uyghurkitap.com

تىپ ئىزاغا قالمىغانىدى. ئۇ يەنە:

— ئەي تەڭرى، ئەييۇب ھەممىگە سەۋرى-تاقەت قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بەدىنىنىمۇ مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويساڭ، ئۇنىڭغا قانداق قىلاركىمىن، — دېدى.

— ئۇمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولسۇن، — دېدى تەڭرى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە قىمچىق ئولاشتى ۋە ئۇ يەرلەر قاپىرىسىپ چىقتى. قاپارغان جاي تېشىلىپ ئۇ يەردىن ئىككى تال قۇرت پەيدا بولدى. ئۇ قۇرتلار كۆپىيىپ بىر دەمدە ئاتتە مىڭ جۈپ قۇرت يامراپ چىقىپ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەنلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، مېنى بۇ قۇرتلارغا يەم قىلىپسەن، ئەمما ئۇلار مېنىڭ كۆزلىرىمنى يېمىسە، سېنىڭ سۈنئىگنى كۆرۈپ تۇرسام، يۈرىكىمنى يېمىسە، ھايات ياشىسام، تىلىمنى يېمىسە ساڭا زىكرى-سانا ئېيتىپ تۇرسام ياخشى بولاتتى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرتلار ئۇنىڭ بەدىنىنى يېسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى، يۈرىكىنى ۋە تىلىنى يېمىدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 40 ئايالى بار ئىدى. ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن 39 خوتۇنىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن خېتىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. يالغۇز رەھىمەلا ئۇنىڭ يېنىدا قالدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدەنلىرى غالۋىرنىڭ تۆشۈكىدەك تېشىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇياقتىن كۈن چۈشسە، ئۇ تەرەپتىن يورۇقى كۆرۈنەتتى. ئاخىرى ئۇ سېسىپ يۇراپ كەتتى.

بۇ چاغدا شەيتان كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ:

— ئەي خالايىق، ئەييۇبنى سىرت ياقىغا قوغلاڭلار. بولمىسا كېسىلى سىلەرگىمۇ يۇقسا سىلەرمۇ ئۇنىڭدەك بولۇپ قالىسىلەر، — دەپ جار سالاتتى. خەلق ھەزرىتى ئەييۇبنى ياتقان جايىدىن قوغلاشقا باشلىدى. ئايالى رەھىمە ئۇنى يۆدۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە بىر تاغقا ئەپچىقىپ قويدى. ئۆزى شەھەرگە كىرىپ باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ، ئىش ھەققىگە بەرگەن ئازراق نەرسىنى ئۆزىمۇ يەپ، ھەزرىتى ئەييۇبقىمۇ ئەپچىقىپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. لەنىتى ئىبلىس بۇنىڭغىمۇ چىدىماي شەھەر خەلقىگە:

— ئەي خالايىق، قۇرۇت يەپ ياتقان ئەييۇبنىڭ خوتۇنىنى ئۆيۈڭلەرگە يولاتماڭلار. ئۇ ئېرىنىڭ قان يىرىڭىنى تۇتقان پاسكىنا قولى بىلەن سىلەرگە ئاش-تاماق ئېتىپ بەرسە، ئۇ كېسەل سىلەرگىمۇ يۇقسا قانداق قىلىسىلەر، — دەپ پىتنە-پاسات تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رەھىمەنى ھېچكىم ئۆيىگە كىرگۈزمىدى.

ھەزرىتى ئەييۇبتىن بەزى ئادەملەر:

— سىز بۇنچىۋالا جاپاغا گىرىپتار بولغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىسا ئۇ:

— بۇ جاپا ۋە ئازاب تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن ياخشىلىقى. مەن يەتمىش يىللىق ئۆمرۈمنى تولىمۇ راھەت-پاراغەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم. بۇ جاپانى يەتمىش يىل تارتسام ئوبدان بولاتتى، — دەپ ئويلايمەن، — دەيتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر تال

قۇرت يەرگە چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئۇ ئۆزى ئېلىپ ئورنىغا سېلىپ قويدى.

بىر كۈنى شەيتان كېلىپ:

— ئەي ئەييۇب، ئەجەبمۇ يامان كۈنگە قاپسەن. تەگرىدىن تىلىسەڭ ساقىيىپ كەتمەسسەنمۇ؟ — دېۋىدى، ھەزرىتى ئەييۇب:

— كېسىلىمنىڭ ساقىيىشى بىلەن كارىم يوق، تەگرىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئىش بولسا بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى. شەيتان قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپ قالدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىمەگە تولىمۇ ئىچى ئاغراتتى. بىركۈنى ئۇ:

— ئەي رەھىمە، سەنمۇ مەندىن ئايرىلىپ ئۆز جېنىڭنى جان ئەتكىن، — دېۋىدى، رەھىمە يىغلاپ كەتتى ۋە:

— ئەي ئەييۇب سېنىڭ راھەتىڭنىڭ پەيزىنى سۈرگەن چاغلاردا سەن بىلەن بىللە ئۆتكەنىدىم، ئەمدى جاپا-مۇشەققەتتە قالغاندا سېنى تاشلاپ ھەرگىزمۇ كەتمەيمەن. ئەگەر ئۆلۈپ قالساڭ سېنى يەرلىكىڭدە قويغاندىن كېيىن ئاندىن نەگە كەتسەممۇ كېتەرمەن، — دېدى. ھەزرىتى ئەييۇب بۇ سۆزدىن ناھايىتى خۇشاللىنىپ ئۇنىڭدىن رازى بولدى.

بىر كۈنى رەھىمە شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى، شەيتان بىر مويسىپىتنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە:

— ئەي رەھىمە، مەن ئۇستا تىۋىپ. مېنى ئېرىڭنىڭ قېشىغا باشلاپ بارساڭ ئۇنى داۋالاپ باقاي، — دېدى. رەھىمە ئۇنى باشلاپ ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ:

— مېنى كىشىلەرنىڭ داۋالىشى ھاجەتسىز. تەگرىنىڭ ئىنايىتى ماڭا داۋا بولىدۇ، — دېدى. شەيتان ئىزا تارتقىنىچە كېتىپ قالدى.

يەنە بىر كۈنى رەھىمە شەھەرگە ماڭغىلىۋاتاتتى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— مېنىمۇ ئاپىرىپ بىر يول ياقىسىدا ياتقۇزۇپ قويساڭ، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئىچ ئاغرىتىپ سەدىقە بېرەرمىكىن، — دېدى. شۇزامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئەييۇب، پەيغەمبەرلەرگە سەدىقە ھارام. تەگرى ئەۋەتكەن جاپا-مۇشەققەتكە سەۋر قىلساڭ، شۇ ساڭا غىزا بولىدۇ، — دېدى.

رەھىمە شەھەرگە ئىش ئىزدەپ كىرسە ئۇنى ھېچكىم يېقىن يولاتمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يېڭۈدەك بىر نەرسە تاپالماي بېشى قېتىپ تۇراتتى. بىر ئايال رەھىمەنىڭ بوستان چاچلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى ئالدىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي چوكان، چېچىڭنى كېسىپ بەرسەڭ مەن سېتىۋالاي، — دېدى.

رەھىمەنىڭ ئون ئۆرۈم چېچى بار بولۇپ، ئىككى ئۆرۈمى ئالدىدا، سەككىزى كەينىدە تۇراتتى، ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەرقېتىم نامازغا قوپماقچى بولسا، رەھىمەنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىغا ئېسىلىپ قوپاتتى. ئۇ شۇنچىلىك زەئىپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ نامازنى ھەرگىزمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇمايتتى.

ھېلىقى ئايال رەھىمەنىڭ ئىككى تال چېچىنى كېسىۋېلىپ ئىككى نان بەردى. بۇ چاغدا شەيتان رەھىمەدىن بۇرۇنراق ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئەييۇب، رەھىمەنى شەھەردە كۆردۈم. ئۇنى كىشىلەر تۇتۇۋېلىپ چېچىنى كېسىۋەتتى، — دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە «ئۇنى چوقۇم يۈز تاياق ئۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئىككى تال قۇرت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇ قۇرتلارنى ئېلىپ بەدىنىگە سېلىپ قويدى. ھېلىقى ئىككى قۇرت ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ بەدىنىگە شۇنداق قاتتىق بىر نەشتەر ئۇردىكى، ئۇنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي ۋارقىراپ كەتتى ۋە نالە قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، بۇ ئىككى قۇرتنىڭ چىشلىگىنىگە پەقەتلا تاقەت قىلالمىدىم، — دەپ يىغلىدى. ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— يەتتە يىلدىن بۇيان ئالتە مىڭ تال قۇرت تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن يېگەچكە، ئۇنىڭ ئازابىدىن تەڭرى ئۆزى ساقلىغانىدى. ئەمدى تەڭرى قۇرتلارنى «يەرگە چۈشكىن» دەپ پەرمان قىلغاندا سەن ئۇنى ئېلىپ ئورنىدا قويۇپ قويدۇڭ. بۇ سېنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئازابىغا تاقەت قىلالمىدىڭ، — دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ يىغلىدى.

بۇ چاغدا ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن بىر دانە ئانار بىلەن بىر دانە بېھى ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەييۇب ئانارنى يېگەنىدى، [illegible] قۇۋۋەت ھاسىل بولدى، بېھىنى يېۋىدى كۆڭلى ئېچىلدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا بەدىنىدىكى قۇرتلار ھەممىسى يەرگە تۆكۈلۈپ سەكرەشكەنىدى، ئۇ يەردىن ئىككى دانە بۇلاق ئېچىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىر بۇلاقتا بەدەنلىرىنى يۇدى، يەنە بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ساقىيىپ، بەدىنىگە ماغدۇر كىردى. ئاندىن ئۇ ئېگىز بىر جايغا چىقىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا رەھىمە ئۇنىڭ ياتقان جايىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ھەزرىتى ئەييۇب يوق. ئۇ پەرياد ئۇرۇپ يىغلىدى ۋە:

— ئەي بىچارە، زەئىپ ئەييۇب! سېنى قايسى بۆرىلەر يەپ، قايسى ئىتلار تالاپ كەتتى؟ ئاھ، مەن سېنىڭ بىلەن بىللە بولغان بولسام، مېنىمۇ بىللىلا ئېلىپ كەتسە بولماسمىدى. — دەپ زار-زار قاخشىدى. بۇنى كۆرگەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

— ئەي رەھىمە، مەن بۇ يەردە، تەڭرىم ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلدى، — دېدى. ئاندىن رەھىمەنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا دېگەندەك ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچى يوق تۇراتتى. «بايامقى ئادەمنىڭ دېگىنى راست ئىكەن-دە» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ھەي ئەييۇب، رەھىمەدە ھېچقانداق گۇناھ يوق. ساڭا بۇ گەپنى دېگەن شەيتان ئىدى، — دېدى. ئەييۇب ئەلەي-

ھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى، ۋە:

— مەن ئۇ گەپكە ئىشىنىپ كېتىپ «رەھىمەنى يۈز تاياق ئۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلىپ قويۇپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— يۈز تال بۇغداي باشىقىنى بوغۇپ، ئۇنى بىرلا ئۇرسىڭىز، شەرت ئادا بولىدۇ، — دېدى.

ئاندىن تەڭرىدىن:

— ئەمدى بېرىپ بالا-چاقا، مال-مۈلكۈڭنى تاپشۇرۇۋالغىن، — دېگەن پەرمان كەلدى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە بېرىپ تەڭرىگە شۈكرى قىلىپ ئولتۇرۇۋىدى، قويچىلار:

— قويلار تىرىلىپ قالدى، — دەپ كېلىشتى. تۆگىچىلەر كېلىپ:

— تۆگىلەر تىرىلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوغۇل-قىزلىرى تىرىلىپ كەلدى. ئەييۇب ئۇلار يوقىلىپ كەتكەندىمۇ شۈكرى قىلغانىدى، ئۇلار ھەممىسى ئالدىغا قايتىپ كېلىۋىدى، يەنىلا تەڭرىگە شۈكرى كەلتۈردى.

ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ بەدىنىدىكى قۇرتلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقىنى يەپ پىلە پەيدا قىلدى. پىلىدىن چىققان يىپەك ئادەملەرگە زىننەت بېرىدىغان ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كۆردىكى، ئۇنىڭ مال-مۈلكى بۇرۇنقىدىن يۈز ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرىمۇ ئۆلۈپ كەتكىلى يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، خۇددى يەتتە يىل بۇرۇنقى ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش تىرىلىپ جەم بولدى. ئۇلار بىرقانچە يىل بىللە ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي دۇنياغا كېتىپ قالدى.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ۋەھاب ئىبنى مۇنەببىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام جەمئىي پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىپى. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىلىك، خۇش خۇي ۋە شېرىن سۆز كىشى ئىدى، دېيىلگەن. قۇرئاندا «ئەيكىلىقلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى: سىلەر (ئاللادىن) قورقمامسىلەر؟ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن①» دېيىلگەن. يەنى ئەيكى دېگەن خەلقلەر ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى تولىدىن-تولا رەنجىتتى. ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— بۇتتىن يېنىپ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە قايىل بولۇڭلار. شەيتان سىلەرنى يامان يوللارغا باشلاۋاتىدۇ. ئۇ تەڭرىنىڭ دۈشمىنى. كىمىكى ئۇنىڭ يولىغا كىرسە دوزاختا چۈشۈپ، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. تەڭرىنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئىمان ئې-

① «قۇرئان كەرىم» 26 سۈرە، 176-177-178-ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لامغا كىرسەڭلەر، قىيامەتتە جەننەتتە ھەر خىل شىرىن مېۋىلەرگە، لەززەتلىك تائاملارغا ۋە تۈرلۈك ناز-نېمەتلەرگە ئېرىشىسىلەر. ھۆر-غىلمانلار بىلەن جەننەتنىڭ ھەۋزى كەۋسەرلىرىدىن ئىچىپ، ئەيش-ئىشرەت، ئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولىسىلەر. ئەگەر شەيتاننىڭ يولىغا كىرسەڭلەر دوزاخقا چۈشىسىلەر. ئۇ شۇنداق بىر جايكى، يېمەك-ئىچمىكى ۋە ئازاب-ئوقۇبىتى ھەممىسى ئوتتىن بولىدۇ. بۇ ئازابلارنىڭ ئاچچىقى مىڭ يىلدىمۇ بېسىلمايدۇ. ئۇ يەردىن ھېچيەرگە قېچىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. يىلان-چايانلارنىڭ نەشتەر ئۇرۇشلىرىدىن بىردەممۇ ئارام ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇ جايدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىشىمۇ ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، — دەپ يۈز مىڭلارچە نەسىھەت قىلدى، كاپىرلار بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەزرىتى شۇئەيبقا مىڭلارچە كۈلپەت ۋە ئاھانەتلەرنى ياغدۇراتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، بۇ كاپىرلارغا شۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلساممۇ ھېچقايسىسى تەسىر قىلمىدى، قانداق قىلارمەن، — دېدى، ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە:

— ئەي شۇئەيب، سىز بالا-چاقىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ، بۇ كاپىرلارنى ھالاك قىلماقچىمىز، — دېدى.

ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ، شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىققا چىقىپ كەتتى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەيۋەتلىك ئاۋازدا بىر ۋارقىرىۋىدى، بۇ ئاۋازنىڭ دەھشىتىدىن كاپىرلارنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ھەممىسى ئۆلدى. شەھەر-دالىلاردا يۈرگەن مال-ۋارانلىرى ۋە كېرەكلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ كەتتى. تەڭرى قۇرئاندا: «بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتقۇلدۇردۇق ①» دېگەن. ئاندىن تەڭرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي شۇئەيب، ئەمدى ئۆز تائىپىلىرىڭنى ئېلىپ مەدىنىگە بارغىن، — دەپ پەرمان قىلدى. بۇ يەردىكى كاپىرلار باشقىلاردىن ئاشلىق ئالسا چوڭ قاچىدا ئۆلچەپ ئالاتتى. باشقىلارغا ساتقاندا كىچىك قاچىدا كەملەپ ساتاتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

جىڭ-تارازىلارنى توغرا ئىشلىتىڭلار. مەن بولسام سىلەرنى ھەقىقەتكە باشلىغۇچى پەيغەمبەردۇرمەن، — دەپ نەسىھەت قىلسا، ئۇلار:

— ئاشلىق ئۆزىمىزنىڭ، ئۇنى قانداق ئالىمىز، قانداق ساتىمىز، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى. سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ ئەمدى سېنى بۇ شەھەردىن قوغلىماسلىق بولمىدى. سەن تولا گەپ قىلما، — دەپ بىلجىرلىشاتتى. ھەزرىتى شۇئەيب:

— مەن سىلەرگە تەڭرىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. ئەمما سىلەر ماڭا دۈشمەنلىك قىلساڭلار تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىلەر، — دېسە كاپىرلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ، ھەرگىز قۇلاق

① «قۇرئان كەرىم»، 11 - سۈرە، 94 - ئايەت.

سالمايتتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى جىبرىئىل كېلىپ:

— ئەي شۇئەيب، ئۆزۈڭگە ئەگەشكەن ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىڭ بولسا ئۇلارنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكىن، — دېدى.

ئەلقىسسە، بۇ شەھەرگە قەھەتچىلىك بالاسى كەلدى. خەلق نېمىلا يېسە ھەرگىز قورسىقى تويمايتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاچارچىلىقتا ئۆلدى. يېمەك-ئىچمەك، ئاشلىق-زىرائەتتىن بەركەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىر كۈنى شەرق تەرەپتە بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ بۇ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئوت ياغدى. ھەممە ئادەم كاۋاپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەسلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى.

ئاندىن ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن مەدىنىگە كېلىپ يەتتە يىل تۇردى. ئۇ كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەت قىلىپ تولا يىغلايتتى. بىر كۈنى ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي شۇئەيب، نېمىشقا مۇنداق يىغلايسەن؟ ئەگەر تەڭرىدىن جەننەتنى تىلەپ يىغلىساڭ، تەڭرى جەننەتنى ساڭا ئاتا قىلدى. ئەگەر دوزاختىن قورقۇپ يىغلىساڭ، دوزاخنى ساڭا ھارام قىلدى، — دېدى. ھەزرىتى شۇئەيب:

— ياق، مېنىڭ دوزاختىن قورقۇنچۇم يوق. پەقەت «تەڭرىمنىڭ جامالىنى كۆرەلەيمەنمۇ-يوق» دەپ ئويلاپلا يىغلايمەن، — دېدى. بۇ چاغدا تەڭرى خىتاب قىلىپ:

— ئەي شۇئەيب، مەن ساڭا بارلىق پەيغەمبەرلەردىن بۇرۇن دىدارىمنى كۆرسىتىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ يايراپ كەتتى.

بىرقانچە ۋاقىتلاردىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋندىن قېچىپ مەدىنىگە كەلدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەنە مىسىرغا قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام يەنە ئون يىل ئۆمۈر كۆردى. بىر كۈنى جان ئالغۇچى پەرىشتە (ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام) كېلىپ ئۇنىڭ روھ قۇشىنى بەدەن قەپىزىدىن چىقىرىپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز). چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»①



① «قۇرئان كەرىم»، 2-سۈرە بەقەرە 156-ئايەت.

# «دىۋانى فۇتۇھى»دىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇقەييۇم خوجا
ئابلەت ئابلىز

مۇھەررىردىن: فۇتۇھى — خوجا جاھان ئەرشى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان تالانتلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەرشى دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قول يازمىنىڭ بىر نۇسخىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان. يولداش ئابدۇقەييۇم خوجا مۇزېيدىكى قول يازمىغا ئاساسەن فۇتۇھى شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغانىدى. ئۇنى نەشرگە بېرىش ئالدىدا، يەكەندىن يولداش ئابلەت ئابلىز ئەرشى ۋە فۇتۇھى دىۋانلىرىنىڭ يەنە بىر قول يازمىسىنى خەۋەر قىلدى. شۇڭا بىز مۇزېيدىكى قول يازمىغا كىرگۈزۈلمەي قالغان شېئىرلارنى ئابلەت ئابلىز ئەۋەتكەن نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاپ ئېلان قىلدۇق.

## غەزەللەر

ئوينىشىپ ئول شوخ كۆزلەر گۈل كەبى رۇخسار ئارا،
ئۆيلەكىم ياتقان كىيىكلەر پۈتراشۇر گۈلزار ئارا.
خەستە جانىم نەقدىنى تاراج ئەيلەر كۆزلەرىلىك،
بىر دىرەم يەڭلىغ تالاش ئولغاي ئىككى ئەييار ئارا.
چىرماپ ئالدى خەستە كۆڭلۈمنى قاتار كىرپىكلەرىلىك،
تاڭ ئەمەس گەر غۇنچە تۇتسە جەرگە تۈزگەن خار ئارا.
ئىتلارىلىك باغرىم تالاشورلار كۆڭۈل مەنۋاسىدا،
ئۆيلەكىم سەۋدايى گۈل قىلغايلار ئەل بازار ئارا.
مەخفى ئەيلەر ناتەۋان كۆڭلۈم ئارا نەقدى غەمىن،
ئەل ياشۇرغاي ئۆيلەكىم مالىن بۇزۇق دىۋار ئارا.
نېچە ھىجراندىن ئەزابۇ دەھردىن يەتسۇن سىتەم،
كۆرمەگەي، يارەب، كۆزۈم، يارىب يۈزىن ئەغيار ئارا.
بادە ئىچكىلىكىم، ئەزەلدىن كەلدى ئەمرى ئىشرە بۇ،
تەشنە لەب ئۆلمە فۇتۇھى كۆلبەئى خۇممار ئارا.

× ×

دۇرجى لەئلىگدىن تەبەسسۇم سەربە ئۇرغان چاغ ئارا،
ياشنىغان ھەر غۇنچەلەر ياشۇندىلار ياپراغ ئارا.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلارەم يۈز تاب بىرلە رەشكدىن،
چۈنكى كىردى تابلىغ زۇلفۇڭ قىزىل ساچباغ ئارا.
گەر كۆزۈڭ جەللاددەك جان چەكمەك ئىزدەر شادمەن،
جان بېرۇر يەگلىغ مەسىھا لەئلىڭ ئۆلگەن چاغ ئارا.
گەر كۆزۈڭ گەۋھەرلەردىن مەھزۇن كۆڭۈل گەۋھەر نى تالڭ
گەۋھەردىن ئاسرار كىشلەر ياشۇرۇر تۇپراغ ئارا.
دەرد ئېتەر داغىمە گەر كىرپىكلەرىڭ ياد ئەيلەسەم،
قەتل ئېتەرگە تالڭ ئەمەس زۇلم ئۆلسە كۆپ تىرناغ ئارا.
داغلىق كۆڭلۇم ئىلە قانلىغ ياشىمدىندۇر نىشان،
لالە ئېككەن ئەل كەمال ئېرمەس مەسەللىك باغ ئارا.
دەۋر ئېلى بىرلە، فۇتۇھى، جان قۇشىنىڭ سايرىشى،
تۇتىنى گويا ئېرۇر بىر نەچچە ئەسكى زاغ ئارا.

× ×

پۇتمەگەن بىر غۇنچە ھەم ئاغزىڭ كەبى دەۋران ئارا،
قامەتىڭدەك سەرۋ يوقتۇر رەۋزەئى رىزۋان ئارا.
خىفچەئى گۈلدىن دېسەم نازۇك قەدىڭنى خۇب ئەمەس،
رىشتەئىمدۇركىم [بويۇڭ] پىنھان ئەلفدەك جان ئارا.
ئەنبەردىن قاشىڭمۇدۇر يا چەرخ ئۆزە قەۋسۇ قۇزەھ،
يا ھىلالى ئېيد ئېرۇر بۇ نىلگۈن ئەيۋان ئارا.
دانەئى خالىڭنى كۆرگەچ يەر تۇتار كۆز مەردۇمى،
تۇرفەدۇركىم سەيد قىلغاي دام كۆرمەي دان ئارا.
يۈز ئۆزە مەڭزىڭ قىزىل، مەڭزىڭ ئۆزە تەم ـ تەم ئەرەق،
ئۆيلەدۇر كىم ئۈنجۈ تۈشكەي قارغە يىگەن قان ئارا.
چاكلىك كۆڭلۈم ئارا ئىشقىڭ ئۆيىن ياشۇرماغىم،
زەرنى تۆككەنلەر ئېرۇر زەر مەستلەر ھەميان ئارا.
سەكرەتۇر جانىمنى بۇلبۇلدەك فىغان ئەيلەر كۆڭۈل،
گۈلئۇزاردىم بادى پايىن سەكرەتىپ مەيدان ئارا.
ئەي فۇتۇھى، فانى بول، تا بار ۋۇجۇددىن ئەسەر،
قەدر بىلمەس كىمسەگە بۇ چەرخى كەج گەردان ئارا.

× ×

تىكەرمەن ياغلىقىڭنى كۆز سەۋاددىن مەداد ئەيلەپ،
ياسارمەن خامە كىرپىك ئىگنەسىدىن ئېئتىقاد ئەيلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەسۇل ئەتتىم كۆزۈمنىڭ مەردۇمىن مۇنداغ خەيال بىرلە،
تۆزۈمنى ئىشق ئەھلى شاھى، سەن شاھى قۇباد ئەيلەپ.
ئىپەك جان جەۋھەرى تارىدىن ئەيلەپ ئاندا جان چەكتىم،
ئىنى جان بەخش لەئلىڭ سۆرەتىن ھەرلەھزە ياد ئەيلەپ.
يازىپمەن قامەتىڭ سەرۋىدىك كەپى پايىڭغە سۆرەتەي دەپ،
قويى ئول سەرۋىدىن مۇڭلۇغ كۆزۈم شەكلىن سەۋاد ئەيلەپ.
بۇ ياغلىق پۈتكۈچە ئەشكىمنى ساچتىم كۆڭلۈم ئۆرتەنگەچ،
چېكىپ ئاھىم يېلى گەردىمنى كۆككە گەردى باد ئەيلەپ.
چېكىپ زۇلفى پەرىشانىڭ پەرىشان ئەيلەدى كۆڭلۈم،
لەبىڭدەك غۇنچەلەر سىزدىم ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ.
فۇتۇھى قايسى تىل بىرلە سېنىڭ ھەمدىڭ بەيان قىلسۇن
كى گۇستاخ ئولدى بۇ دەم ئۆز سۆزۈڭگە ئېتىماد ئەيلەپ.

× ×

ئاھكىم، كۆڭلۈمنى ئالدى قامەتى زىبا يىگىت،
ئاغزى گويا غۇنچەۋۇ يۈزى گۈلى ھەمرا يىگىت.
ئەشكىدەك بىر يەردە تۇرماس جىلۋە ئەيلەپ ھەر تەرەف،
نېچۈن ئەتمەس بىر كۆزى كۆز مەردۇمىن مەئۋا يىگىت.
جىلۋە كۆرگۈزگەچ خىجالەتدىن گۈلى رەئنا ئەمەس،
بولدى رۇخسارى قىزىل سارىغ بۇ رەڭ رەئنا يىگىت.
جان ئىلە دىن نەقدىنى ئاسرارغە يوقدۇر تاقەتىم،
بىر كۆزى ئۆلتۈرسە ئەيلەر بىر كۆزى ئەھيا يىگىت.
نەچچە يالبارسام مېنى مەھزۇنغە پەرۋا ئەيلەمەس،
يوقتۇرۇر دەھر ئىچرە مۇنداغ شوخ بىپەرۋا يىگىت.
رەھم ھەرگىز قىلمادى كۆڭلۈمنى ئالغاندىن بېرى،
كۆڭلى قاتتىغ، تاش باغىر ئافاق ئارا يەكتا يىگىت.
ئەي فۇتۇھى، جانۇ دىل بىرلە ئانىڭ مۇئتادى بول،
دېسە مۇئتادىم سېنى يۈز شۈكر ئەت زىبا يىگىت.

× ×

كۆڭۈل پەريادلار ئەيلەر يۈزۈڭنى ناگەھان كۆرگەچ،
چېكەر تۇرلۇك فىغان ئانداغكى بۇلبۇل گۈلىستان كۆرگەچ.
كۆزۈڭ ئويناشماغى ئەكسىن كۆرۈپ كۆزگۈدە ئانداغكىم،
كىيىكلەر پۈتراشۇر سۇ ئىچرە ئۆز ئەكسىن ئەيان كۆرگەچ.
كۆڭۈل مەئۋاسىدا جاتۇتماغى مەھۋەشلەرنىڭ يادى،
ئېرۇر ئانداغكى قۇشلار مەسكەن ئەتكەي ئاشيان كۆرگەچ.

كۆڭۈللەر پۈتراشۇر باغ ئىچرە كۆرگەچ قامەتىڭ نەخلى،
ئانىڭدەككىم سۆيۈنگەي قۇمرىلەر سەرۋى رەۋان كۆرگەچ.
كۆزۈڭ ئىشق ئەھلىنى كۆرگەچ تەغافۇل ئەيلەر ئانداغكىم،
ياشۇنغاي غارەت ئەيلەرگە قاراقچى كارۋان كۆرگەچ.
سارىغ چېھرەم كۆرۈپ ئول گۈل كۈلۈمسۈپ ئىلتىفات ئەيلەر،
ئانىڭدەككىم تەرەب يۈزلەنگەي ئەلگە زەئفەران كۆرگەچ.
يۈز ئۆزرە ئەگمە قاشىڭغە مىسال ئەتمەك قاچان بولغاي،
فەلەك بىرلە ياڭى ئاينى قۇياش بىرلە قىران كۆرگەچ.
قۇياش كۆك ئەشھەبىدىن ئۆزىنى تاشلاپ تەۋاف ئەيلەر،
سەمەندىڭ نەقشى پايىنى يەر ئۆزرە ناگەھان كۆرگەچ.
فىراقىڭدىن تەنىم ئۆزرە يۈزۈم سارغارماغى گويا،
ئېرۇر بەرگىڭكىم ئول شاخ ئۆزرە سارغارغاي خەزان كۆرگەچ.
فۇتۇھى ئانچە بولمىش ئاتەشىن، لەئلىڭ ھەۋاسىدىن،
سەمەندەردەك ئۆزىن پاك ئۆرتەگەي، ئوت ھەرقايان كۆرگەچ.

× ×

ئەي، جەمالىڭ تابىدىن كۈن زەررەدەك بىتابدۇر،
كاكۇلۇڭ سەۋداسىدىن سۈنبۈلدا پىچۇتابدۇر.
نالە ئەيلەر جان قۇشى ئەفئى گۇمان ئەيلەر مەگەر،
قامەتىڭ سەرۋىنى سۈنبۈلدەك ساچىڭ چىرمابدۇر.
خىزرۋەش خەتتىڭ ھەياتىم تازە قىلسە، نې ئەجەب،
چۈنكىم ئول لەئلىڭدىن، ئىچكەن سۇ بىلە سىيرابدۇر.
مايىل ئېرسە كىرپىكىڭ قاشىڭ سارى، ئېرمەس ئەجەب،
چۈنكى ئوقلار سەجدەگاھىغە قاشىڭ مىھرابدۇر.
غۇنچە ئېرمەس لەئلىگۈن، لەئلىڭنى كۆرگەچ باغ ئارا،
ناخۇنى ھەسرەت بىلە گەردۇن يۈزىن تىرنابدۇر.
تاكى ئول گۈلگۈن قەبا كۆلبەمغە كىرگەچ كەچقۇرۇن
تاڭغە تەگرۇ خەستە جىسمىم گويىيا سىيمابدۇر.
بىر كۆزى ئۆلتۈرسە، بىر كۆز تىرگۈزۈر، يۈز شۈكركىم،
رەھم ئېتىپدۇر بىر كۆزى، بىر كۆز ئەگەر سىينابدۇر ①.
ۋايكىم، ئول بىۋەفاغە، رەھم قىلماس② ئىچەكىم،
نالە ئەيلەپ جان ئىلە كۆڭلۈم كۆزۈم يىغلابدۇر.
ئىزدەسەڭ راھەت، فۇتۇھى، فەقر كويىن قىل مەقام،
كىم گەدالارغە كۈلىدىن بىستەرى سىنجابدۇر.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان ئول يازمىدا «قىيىنابدۇر» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «كەلمەس» دېيىلگەن.

× ×

بىنا گۈشۈگىنى كۆرگەچ يۈز ياشۇرمىش بارچە دىلبەرلەر،
ئانىگدەككىم سەبۇھ تولغاندا ئۆچكەي شەمئى ئەنۋەرلەر.
زەھى لەئلىك بىلە دۇر تىشلارىنىڭ كۆرگەچ خىجالەتدىن
ياشۇنەمىش بەرگ ئارا غۇنچە، سەدەفلەر ئىچرە گەۋھەرلەر.
ئېرۇر گۈل دەۋرىدە غۇنچە، يۈز ئۆزرە يا ئىكى لەئلىك
ئېرۇر يا شۇئلەلىغ ئوت ئىچرە پەيدا نەچچە ئەختەرلەر.
لەبىڭ خەت زاھىر ئەتسە، ئەي پەرىۋەش، بولماغىل غەمكىن،
نەخۇشدۇر ئابى ھەيۋان تەگرەسىدە ئۆنسە ئەنبەرلەر.
يامان كۆز تەگمەسۇن ھۇسنۇڭگە دەپ قىلمىش قەزا گويا،
توقۇز ئەفلاكنى مۇجمەر پىسەند ئورنىغە ئەختەرلەر.
رەقەم قىلسام كۆيەر يۈز پىچ ئىلە، ئوتلۇغ يۈزۈڭ ۋەسفىن،
ئوت ئۆزرە قىل مەسەللىك سەفھەئى كاغەزدە مەسترلەر.
نەزاكەتدىن تەكەللۇم زاھىر ئەيلەر ئىككى لەئلىڭدىن،
سۈچۈكلۈكدىن ياپۇشمىش يا مەگەر بىر - بىرگە شەككەرلەر.
ئىگارىم ۋەسفىنىڭ مىڭدىن بىرى ھەرگىز تەمام ئولماس،
سىياھى بەرۇ بەھر ئولسە، فەلەك ئەۋراقى دەفتەرلەر.
ئەمەس كىرپىك، كۆزۈم دەۋرىدە مىژگانىڭ خەيالىدىن،
قاراغىم ئۆزرە سانچىلمىش ئىتىك بىر نەچچە نەشتەرلەر.
فەنا جامىنى نۇش ئەتسەم ئەزەل ساقىيسى ئىلكىدىن،
تەجەررۇد پىشەمۇ ھەمسۆھبەتىم بولسە قەلەندەرلەر.
نې تاڭ بىر لەھزەدە ئىسيان خەسۇ خاشاكى ئۆرتەنسە،
فۇتۇھى ئوتلۇغ ئاھىدىن ھەزەر [ئەيلەر] سەمەندەرلەر.

× ×

ئەي، سىفاتىڭ بەھرى بەس بىھەد ئېرۇر ھەم بىكەنار،
ماسىۋا ئېرمەس سېنىڭ زاتىڭ مەسەللىك پايدار.
زاھىرۇ باتىنمۇ سەنسەن، ئەۋۋەلۇ ئاخىرمۇ سەن،
بىزگە غەفلەتدىن ئەمەستۇر زاتى پاكىڭ ئاشكار.
غەمدە سارۇلغان كۆڭۈل شاد ئولدى لۇتفۇڭدىن يەنە،
گۈل توزۇپ، گۈل فەسلدە گويا ئاچىلدى نەۋبەھار.
يا رەسۇلۇللاھ، تىفەيلىڭ بولدى بارچە كائىنات،
ئايەتى لەۋلاك ئېرۇر شاھىد ئاگا، ئەي كامكار.
يۈزۈ زۇلفۇڭدىن قەسەملەر ياد ئەيلەپ زۇلجەلال،
نازىل ئولدى سۈرەئى «ۋەللەيلى» بىرلە «ۋەننەھار»
«ئەييۇھەل مۇزەممىل» ئولدى زاتى پاكىڭغە ئىدا،

رەھمەتەن لىل ئالەمىن ھەم ياد قىلدى بىرۇبار،
تاكىلا ئولتۇرىيالى شەفائەت تەختى ئۈزرە، ئەي شەفىئە،
قىلماغايسەن مەن كەبى ئاسى قۇلۇڭنى شەرمسار.
ئەۋۋەلا بۇ يەكرى شەرئى دىنغە تەسدىق ئەيلەدى،
ئىردى ھىجرەت چاغىدا ھەزرەتكە تەنھا يارغار.
ئەدل بابىدا ئىرۇر فارۇقى يەكتايى جەھان،
بولمايىن ئول بولمادى دىنى مۇھەممەد① ئاشكار.
سەبقەتۇللاھ ۋەسفى نى ھاجەتكى زىننۇرەين ئىرۇر،
مەنبەئى ئىلمۇ ھەيا كانىيۇ ساھىبى ۋىقار.
ئايدىلا ھەزرەت نە خۇشكىم شاھى ھەيدەر سانىدا،
لافەتا ئىللا ئەلى لاسەيفى ئىللا زۇلفىقار.
زەھر ئىچىپ تاپتى شەھادەت ھەزرەتى شاھى ھەسەن،
بائىس ئولدى بۇ شەھادەتكە يەزىدى خاكسار.
ھەزرەتى شاھى ھۇسەين ئولدى شەھىدى كەربەلا،
ئەھلى بەيت ئولدى جەۋارىجلار ئاراكىم خارۇ زار.
يەتمەس ئىردى بۇ ئىكى شەھزادەغە مۇنچە ئەلەم،
مۇندا كۆپ ھىكمەتنى زاھىر ئەيلەدى پەرۋەردىگار.
بىرى ئولكىم تاكىلا ئۈممەتلەرغە ئۇ بولغاي شەفىئە،
بىرى بولدىلار بۇ ئالەمدە شەھىدى نامدار.
ئالىمۇل-غەيب ئولدۇرۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىس-سەۋاب،
ئۆزگە ھىكمەتلەرنى نى بىلگەي مېنىڭدەك بىمەدار.
تا مۇشەققەت چەكمەيىن ئەيشى تەرەب مۇمكىن ئەمەس،
غەم بىلەن راھەتنى تەۋئەم خەلق قىلدى كىردىگار.
غەمدە سارغان كۆڭۈل شاد ئولدى ئۇتغۇڭدىن يەنە،
گۈل تۇزۇپ كۈز پەسلىدە گويا ئاچىلدى نەۋ بەھار.
ئەرشىيا، شاھا، شەھەنشاھا، ساڭا غەم يەتمەسە،
بولماس ئىردى دىنى ئىسلام ئاشكار، ئەي شەھرىيار.
ئەي فۇتۇھى، ۋاقىف ئول، ئۆز ھالىڭە شۇكر ئەتمەگەج،
نەچچە كۈن بولدى كۆزۈڭگە تۇتىيا يارۇ دىيار.

× ×

جىلۋە ئەيلەپ بەزم ئىچرە بەرقدەك پەرران ئۇسۇل،
كۆڭلۈم ئۆرتەر، نەيلەگەيمەن، ئافەتى دەۋران ئۇسۇل.
ئىگەرى سايچىپ، كىيمىن يانجىپ خىرام ئەتكەن چاغى،
كىمىسك ئىنە تاۋۇسنى ئەيلەر بەسى ھەيران ئۇسۇل.

① بۇ سۆز بەكەندىن تىپىلغان نۇسخىدا «شەرئى دۇھەممەد» دىيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قول سالىپ ئىلكىن چېكىپ، ساپچىپ ماڭىپ، يار تارتىبان،
تىيرى ئىشقىن كۆكرەكىمدىن ئۆتكەرۈر پەرران ئۇسۇل.
چەۋرۇلۇپ ھەۋۋالە يەڭلىغ مەجلىس ئىچرە ھەر تەرەف.
جانغە ئوت ياقىپ قىلۇر كۆڭلۈمنى سەرگەردان ئۇسۇل.
گۈل مەسەللىك گۈل چاغى گۈلگۈل يانىپ گۈلشەن ئارا،
ئەيلەدى كۆڭلۈم قۇشىن بۇلبۇل كەبى نالان ئۇسۇل.
خەستەئى مەھزۇن كۆڭۈلگە بۇ ئۇسۇل نې ياقماغاي،
ئاتەشى ئىشقىن بارى ئەل كۆڭلىگە ياقغان ئۇسۇل.
سايغالىپ بىر قول كۆتەرمەي بار ئۇسۇلچىلار قاچار،
كۆرمەگەي ئالەم ئىلى مۇنداغ يەنە چاققان ئۇسۇل.
گەر ئاياغىغە ياشىن قويسە نېتاڭ رەققاسلار،
رەقس شەھرىگە ئېرۇر بىشۇبھە ئول سۇلتان ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل ۋەسفىنى تىل بىرلە نېچۈك ئەيلەي ئەدا،
بىر ئاياغ ئورنىچە يەردە يۈزچە ئايلانغان ئۇسۇل.
ئەيلەدىم بۇ بىر ئۇسۇل ئىسمىن ئۇسۇل، ئەي دوستلار،
نېگەكىم بىر شوخنىڭ بولماس بۇ رەڭ سامان ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل نەززارەسى بىھەددۇ بىپايان ئەمەس،
يارەب ئېھسان ئەيلەگىل بىھەددۇ بىپايان ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل مۇھتاجىنىڭ مۇھتاجى بولساڭ فەخر بىل،
ئەي فۇتۇھى، بۇ ئۇسۇل ئېرمىش شەھى شاھان ئۇسۇل.

× ×

كېزەرمەن ۋەسلىڭ ئىزدەپ يىللار ئولمىش دەربەدەر ھەريان،
جۇنۇن سەھراسىدىن مەجنۇن مەسەللىك بىخەبەر ھەريان.
يۈزۈڭنى ياد ئېتىپ ۋۇرقەت تۈنىدە ئوتلۇغ ئاھىمدىن،
ئەمەس ئەنجۇم، فەلەك تاقىدا بەند ئولمىش شەرەر ھەزيان.
يۈگۈرماقدىن تالىقدىمكى نەچە سىيمابدەك سەير ئاب،
ئېدىنكىم جىلۋە ئەيلەپ ئات ئۆزە ئول سىيمبەر ھەريان.
سارىغ چېھرەم بىلە قانلىغ ياشىمغە كۈلمە، ئەي زاھىد،
نىگارىم باشىدىن ھەردەم ساچارمەن لەئلۇ زەر ھەريان.
لەبىڭ سەرچەشمەسىدىن غافىل ئېردى تەشنەلەب كۆڭلۈم،
نىشان بەلگۈردى خەتتىڭدىنكى فۇتى نىلۇپەر ھەريان.
شەفەق ئەرمەس فەلەك ئۆزرە قۇياشىم پەردەگە كىرگەچ،
چېكەر ئاھىم يېلى كۆز يولىدىن خۇنى جىگەر ھەريان.
نە كۈن ئول ئېردىكىم قاشىڭدا چىن كۆردۈم بۇ نې كۈندۈر،
تەبەسسۇم مەۋجى ئېردى لەبلەرىڭدە سەربەسەر ھەريان.

مىژەڭنىڭ ناۋەكىن كۆز ئاتتى لەئلىڭ كەلتۈرۈپ بىسمىل،
ماڭا مەيلى مەزار ئورنىدا بىتكەن نى شەكەر ھەريان.
يۈرەكنى چاك ئېتىپ سانسىز تىكەن باغرىمغا سانجىلغان،
مېنىڭ ھالىمغە باقماي كۆزلەرىڭ قىلغاچ نەزەر ھەريان.
جەمالىڭ تالىئىڭنىم تاپمادى ھەرگىز خەبەر ئاندىن،
خەيال ئەلچىسىدىن گەرچە ئىبەردىم كۆپ خەبەر ھەريان.
ئۇيالىپ قۇمرىدىن سەرۋى چەمەن گۈلبەرگىدەك تىترەر،
چەمەندە سەرۋى ئازادىمنى كۆرگەچ جىلۋەگەر ھەريان.
فۇتۇھى قۇلغە، ئەي شەھ، گاھى-گاھى ئىلتىفات ئەتكىل،
ساچىپ تۇتى كەبى كۆڭلۇمگە لەفزىڭدىن شەكەر ھەريان.

× ×

لەبىڭ يادىدا گۈلگۈن مەي ئىچىپ مەستانە بولمىشمەن،
جۇنۇن شەھرىدە رەسۋالىق بىلە ئەفسانە بولمىشمەن.
پەرى پەيكەر نىگارى لەيلى يەڭلىغ جىلۋەگەر كۆرگەچ،
ياقامنى چاك ئېتىپ مەجنۇن كەبى دىۋانە بولمىشمەن.
جەمالىڭ شەمئىغە، ئەي گۈل، نەسىم ئەتمەكنى① ياد ئەيلەپ،
باشىڭدىن ئۆرۈلۈپ بۇلبۇل كەبى پەرۋانە بولمىشمەن.
بىرەۋ ئىشقىمنى تەرك ئەيلەپ ئىدىم يۈزمىڭ جەفا تارتىپ،
گىرىفتارى سىتەم، ۋەھكىم، بىرەۋگە يانە بولمىشمەن.
كۇلاھى زەرنى باشىڭ ئۈزرە كۆرگەچ ئوتلۇغ ئاھىمدىن،
چېكىپ زەرردىن ئەلەم باشىم ئۈزە شاھانە بولمىشمەن.
جۇنۇن دەشتىدە مەجنۇندەك كىيىكلەر ھەمدەمىم بولمىش،
نەدىنكىم شەھر ئېلىدىن ئەسرۇ كۆپ ئەفسانە② بولمىشمەن.
قەدىم دالۇ كۆزۈم پۇرنەم سىرىشكىمنى ساچىپ ھەريان،
ۋەفا سەندىن تۇتارغە دامى سۇدى دانە بولمىشمەن.
فىگار ئەيلەپ تېنىمنى تىيرى ئىشقىڭ، ئەي قارا كاكۇل،
ساچىڭ سەۋداسىدىن، ۋەھكىم، ئەجايىب شانە بولمىشمەن.
ئىچىمدە تامغە-تامغە داغى ئىشقىڭ نەقدىنى ئاسراپ،
ئىچىمدىن چاك-چاك بولغان بۇزۇق ۋەيرانە بولمىشمەن.
فۇتۇھى قۇلغە، ئەي شەھ، شەككەردىن لەفزىڭ گەزەك قىلغىل،
لەبىڭ يادىدا گۈلگۈن مەي ئىچىپ مەستانە بولمىشمەن.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئەسەكنى» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «بىگانە» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com



× ×

قاشىڭ ئاستىدا قارا خالىڭ ئەمەس قىلغان كەمىن،
سەجدەگاھ ئەتمىش سۆۋەيدايى كۆڭۈل ئانىڭ خەمىن.
كۆلمۈسۈپ تۇرغان لەبىڭ ئىيساغە نى تەشبىھ ئېتەي،
كىم قاچان بولغاي ئانىڭ كۆلكۈسى مۇنداغ شەككەرىن.
نى قىلاي يۈز ئۆزرە لەب، لەب ئۆزرە خەتتىڭ يادىدىن①،
زۇلمەت ئىچرە خىزر② سۈيىن، باغ ئارا گۈل خىرمەنىن،
غۇنچە بىرلە گۈلنى يۈزۈ لەئلىگە نى ئوخشاتاي،
غۇنچە ئېرمەس لەئلىگۈن، گۈل رەڭگى ئېرمەس ئاتەشىن.
چەرخ ئۆزە ئەنجۇم ئەمەس بىر كۈن جەمالىڭنى كۆرۈپ،
جەمئ قىلمىش ئۈمر ئىچى سىدقىلىق ئۈچۈن دۇررى سەمىن.
نېچە كىم③ كويۇڭدا ياستاندىم ۋىسال ئۈمىدىدە،
ئانچە كۆردۈم يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەمدى قايتايىن.
ئويناشۇر ئول شوخ كۆز جانىمنى سەكرەتمەك ئۈچۈن،
سەيد ئىلە سەيياددەك ئاڭا ئويۇن ماڭا قىيىن،
رىز-رىز ئولمىش كۆڭۈل ئەمدى ۋىسال ئولسە نى سۇد،
دەمبەدەم يەتكەچ كەتاندەك كۆڭلۈمە ئول مەھ جەبىن.
زاھىدا كۆرسەڭ مىنى مەيخانە ئىچرە قىلمە ئەيب،
كىم ئاڭا④ يەكساندۇرۇر دەيرۇ ھەرەم ئول كۇفر دىن.
ئەي ئەجەل جان چەكمەگىل ئول ناۋەك ئاتماسدىن بۇرۇن،
گەر فۇتۇھى ئۆلسە ئۆلسۇن بولماسۇن جانان غەمىن.

× ×

نەسىمى لۇتف ئەسكەچ گۈل ئاچىلمىش بۇ چەمەن ئىچرە،
ئېرۇر بۇلبۇلدىن ئارتۇق ئىشق ھەم بۇ ئەنجۇمەن ئىچرە.
ئەمەسدۇر مەھۋەشىم ئىگنى قىزىل ياخۇد سارىغ رەڭگىن،
لەتافەت ۋەجھىدىن جىسمى سىغىپدۇر نەستەرىن ئىچرە.
ئۆزى چاھ ئىچرە تۈشتى كۆڭلەكى ھەم قانغە بۇلغاندى،
سېنىڭ بىرلە ئۆزىن يۇسۇفتەك ئەتكەچ پىرەھەن ئىچرە.
ساچىڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ تاپماغاي جۇز پىچۇتاب ئەتمەك،

---

① بۇ مىسرا يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نى قىلاي لەئلى لەب ئۆزرە خەتتى ئەيىنىڭ يادىدا» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «چەشم» دېيىلگەن.
③ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نەچچە كۈن» دېيىلگەن.
④ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ماڭا» دېيىلگەن.

بىرەۋكىم ئۆمر ئىچى جەھد ئەيلەگەي ھەرلەھزە تەن ئىچرە.
فۇتۇھى ھەرنىچە مەيلى مەزار① ئەتمىش نە باك ئۆلغاي،
كى بەند ئۆلمىش ھەقىقەت تارى پۇدىدىن رەسەن ئىچرە.

× ×

خەستە جانىم سەدقە بولسۇن لەئلى شەككەر خاسىغە،
تەلبە كۆڭلۈم ھەم فىدا بولسۇن كۆزى يەغماسىغە.
قۇشقە ئانداغكىم يىلان ئەفسۇنى تەئسىر ئەيلەگەي،
تەلپىنۇر كۆڭلۈم قوشى ئول كاكۇل ئەژدەرھاسىغە.
ماھ نەۋ قەددىن خەم ئەتمىش چەرخ ئۆزە ئەيلەپ ھەۋەس،
تاكى بولغاي ئەئل ئانىڭ رەخشى فەلەك فەرساسىغە.
قىل ھەزەر خۇنىن كۆزۈمدىن قورقەرەم نازۇك تېنىڭ
غەرقە بولغاي تاكى ئانىڭ ئاتەشىن دەرياسىغە.
مۇنچە يۈزمىڭ ئالەم ئەھلى ئۆلجە بولسە نى ئەجەب،
گەزلەپ ئاتسە② كىرپىك ئوقىنى ئەگەر قاش ياسىغە.
مەن نىچۈك دەيكىم، دىبە ئالمان نىگارىم بەزمىدە،
پەردەئى جانىم مۇناسىبدۇر قەدەھ پالاسىغە.

× ×

نى ئۆچۈن گەر مەھدىن ئىرمىش③ مەھۋەشىم بىباكرەك،
ھەركىچە مەھزۇن كۆڭۈل ئىرمىش كەتاندىن چاكرەك.
گۇل يۈزۈڭ گۇل-گۇل يانۇر چاغ بارچە ئەل قولدۇر ساغا،④
غەم چاغى بىر بۇلبۇلۇڭ يوق بارچەدىن چالاكرەك⑤.
ياد ئېتىپ كۆڭلۈم يۈزۈڭ، خۇنىن نىچە⑥ شاداب ئېسە،
نەچچە كۆن شەبنەم تۈشەر گۇل بەرگىدىن نەمناكرەك.
پاك ئىشق ئۇيناپ نەچە يىل چەكتى مەجنۇن غەم يۈكىن،
كىم يوق ئىردى لەيلىدىن دەھر ئىچرە دامەن چاكرەك.
ئەي فۇتۇھى، بۇ سەھەر كۆي ئىستەر ئىرمىش چابۇكۇم،
باش ئالىپ مەيدانىغە بارغىل بارچەدىن چالاكرەك.

---

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «مەجاز» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئالسە» دېيىلگەن.

③ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئىرمەس» دېيىلگەن.

④ بۇ مىسرا يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «گۇل يۈزۈڭ گۇل-گۇل يانۇردا بارچە ئەل بۇلبۇل ساغا» دېيىلگەن.

⑤ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «بەندەدىن غەمناكرەك» دېيىلگەن.

⑥ بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نى تاڭ» دېيىلگەن.

× ×

تەبىئى يۇقلار تەۋرىدىن ئۆلگۈنچە قاچقان ياخشىراق،
ياستانىپ تەبىئى ئەھلىنىڭ ئىشكىدە ياتقان ياخشىراق.

دەردى يوق داناۋۇ ئاقىل نەچچە گۆلدەك ئاچىلۇر،
دەردىدىن پەژمۇدە بولغان گولۇ نادان ياخشىراق.
قەدىردان ئېرمەس كىشىلەر بەزمىدە① ئىچكۈنچە مەي،
ھەجرىدە خۇدابەتى ھەسرەتنى يۇتقان ياخشىراق.
گەرچە سۇد ئەھلى تەكەللۇف بىرلەدۇر ئاراستە،
بىتەكەللۇف فەقر ئېلىدىن سەرۋ چەندان② ياخشىراق.
ئەھلى دۇنيا بەزمىدە ئىچكەن شەرابى نابىدىن،
ئىت يالاغى ئىچرە ئىچكەن قىبقىزىل قان ياخشىراق.
گەرچە يوق شەۋكەت ئىلىغە نالەدىن پەريادى چەك،
بەسكى تاۋۇسى چەمەندىن مۇرغى خۇشخان ياخشىراق.
ئىلكىگە تەسبىھ ئالىپ قىلغان رىيالىغ زۇھددىن،
مەي ئىچىپ زۇننار ئاسىپ كەلتۇرگەن ئىمان ياخشىراق.
ئەي فۇتۇھى، تۇرماغىل كۆپ بۇ ۋەفاسىز دەھردە
يول باشىدا تۇرغۇچە مەنزىلگە يەتكەن ياخشىراق،

× ×

بۇلبۇلى مىسكىندىن ئۆزگە كىم قالۇر بۇ باغدە،
گۈل كۆچۈپ بۇلبۇلنى تاشلاپ ئەزم قىلغان چاغدە.
تۇرفەكىم مەجنۇنى بىدىل مەسكەن ئەيلەر باغ ئارا،
لەيلى چەككەي پۇيەلەر گەھ دەشتۇ گاھى تاغدا.
لالەگۇن خەد بىرلە خالىڭدىن جۇدا ئەيلەپ مېنى،
قويماغىل قانلىغ كۆڭۈلنى لالە بىرلە داغدە.
تابلىغ زۇلفۇڭ بىلە لەئلىڭ مەيىدىن ئاجراسام،
تاڭ ئەمەس ئاغزىم قۇرۇپ، قالسە ئىچىم تولغاغدە.
ئاجراشىپ تۇشدە بۇ كۈن، بۇ كۈنگە تەگرۇ لالمەن،
نى كېچەر ھالىم مېنىڭ بولسام ئەگەر ئويغاغدە.
ۋاي، لەئلىڭدىن جۇدا بولماققە كىرسەڭ باغ ئارا،
ياشۇنۇر ھەردەم يۈزى گۈل غۇنچەسى ياپراغدە.
زار جىسمىمدىن كۆڭۈل نەقدىنى ئالغاچ ئەزم قىل،
ئانى تۇپراغدىن كۆتەرگىن قالماسۇن تۇپراغدە.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ۋەسلىدە» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئەھلىدىنىدۇ چەندان» دېيىلگەن.

جىنس ئەمەس ھەمراھ ئىلە ھالىڭ نە كەچ‌ئ‌ى، قورقارەم،
كۆرمەدىم جۇز مۇزتەرىبلىغ سۇ تۆكۈلگەن ياغدە.
بۇ غەزەلنى پاك تەبئ ئەل كۆرسە گەر ئەلبەتتە دەر:
«نالەئى بۇلبۇل قاچان بولغاي زەغەن يا زاغدە.»
بىلمەن، ئايا، نى ئىكىن ھالى ئۆزۈمدىن ئۆزگەنى،
گۈل كۆچۈپ، بۇلبۇلنى تاشلاپ، يولغە كىرگەن چاغدە.
خاھ تۇرغىل ـ تۇرماغىل سەن، خاھى بارغىل ـ بارماغىل،
ئەي فۇتۇھى، چارە يوقتۇر بىر كۇنى بارماغدە.

× ×

نى ئەجەب فەرھاددىن بولسام مەنى زار ئۆزگەچە،
چۈنكى شىرىندىن ئىرۇر ئول شوخ ئەييار ئۆزگەچە.
دىمە، ئەي ناسىھ، ئول ئايىنىڭ ئىشقىدىن تانغىل، مىنى،
زۇلفى تارىدا ئىرۇر كۆڭلۈم گىرىفتار ئۆزگەچە.
يىغلاشۇرلار ھالىمە مەجنۇن بىلە ۋامىق مەگەر،
لەيلىيۇ ئۇزرادىن ئىرمىش ئول سىتەمكار ئۆزگەچە.
ئاغزى يادىدىن ئۆزۈمدە گاھ بارمەن، گاھى يوق،
چۈنكى ئاغزى يوقتۇرۇر، گەر بولسە ھەم بار ئۆزگەچە.
نى تىرىكمەن نى ئۆلۈك ئاز لۇتف ئىلە كۆپ جەۋرىدىن،
خۇبلاردىن لۇتفۇ قەھرى ھەم بۇ مىقدار ئۆزگەچە.
مەيگە رەھن ئىستەپ چىقار چاغ رىندلەرغە كۆرۈنۈر،
شەيخ ئىگنىدە رىدا باشىدا دەستار ئۆزگەچە.
فەخر ئىتەر ئادەم دەمىڭ ھەركىمگە ئادەم زىيۋەرىدىن،
كىم ياسانچۇق ئۆزگەچەۋۇ سادە پۇركار ئۆزگەچە.
شامى غۇربەتدە ئۆلۈپ بارسام دەمىڭ ئاندىن خەبەر،
كىم ھەزىن جانغە يىتەر بۇ سۆزدىن ئازار ئۆزگەچە،
ئىشق ئارا يۈزمىڭ بەلاۋۇ جەۋر يەتسە دەھردىن،
ئەي فۇتۇھى، قىلماغىل كۆڭلۈڭنى زىنھار ئۆزگەچە.

× ×

كىمنى دەي، بىداد ئىتەي، ئول شوخ دىلبەردەككىنە،
كۆزى قاتىل، قاشى يا، مىژگانى خەنجەردەككىنە.
ئارەزى دەۋرىدە ھەريان زۇلفى گويا گەنج ئۆزە،
گەۋھەر ئاسرارىغە تۇرغان ئىككى ئەجدەردەككىنە.
ئىشلارىڭ دۇردانەسى كۈلگەن چاغىڭ گويا بولۇر،
ئابى ھەيۋان ئىچرە تۇشكەن نەچچە گەۋھەردەككىنە.
ۋائىمزا، دەۋزەخ ئەزابىدىن مىنى قورقۇتماكىم،

ئىشق ئاتەشگاھىدا بولدۇم سەمەندەردەككىمنە.
ئىشق ئوتىغە بەسكى خۇ قىلدىلىك كىچىكلىك چاغىدىن،
ئوتدىن ئۆزگە مۇنىسىم يوقتۇر سەمەندەردەككىمنە.
خانى ۋەسلىڭدىن تەمەئ ئەيلەپ ھەيات ئىمكانىچە،
ياستانىپمەن ئاستانىڭنى قەلەندەردەككىمنە.
ھەجر ئوتى ئىشىن ئۇنۇتقۇم تاتسام ئاز نۇشى لەبىن،
پاك ئولۇپ دەۋزەخدە ئىچكەن ئابى كەۋسەردەككىمنە.
رۇھپەرۋەر نۇكتە ئايتۇردىن ئەجەب يوق، كۆك ئۆزە،
قويسە گەر مەھزۇن قەدەم ئىيسا پەيەمبەردەككىمنە.
قاشلارىڭنى سەفھەئى ھۇسنۇڭدە ئەيلەرمەن گۇمان،
مىسرەئى بەرجەستە تەھرىرى مۇكەررەردەككىمنە.
جىسم ئارا كۆڭلۈم ھەرارەتدىن بۇ نەۋئ ئولمىش گەدا،
ئىلتكەي ۋەيرانەگە خەس ئۆزرە ئەخگەردەككىمنە.
يۈزۈ زۇلفۇڭنىڭ مىسالىن تاپمادىم، مەن ئايۇ يىل،
گەرچە كەزدىم مەشرىقۇ مەغرىب قەلەندەردەككىمنە.
ئارەزىڭ ئەترافىدا كۆردۈم قۇلاقىڭ زۇلف ئارا،
كېچە ئاي دەۋرىدە تۇرغان نەچچە ئەختەردەككىمنە.
ئول مەسىھ ئەنفاسىدىن بولمىش فۇتۇھى بەھرەۋەر،
سۆزدە جان بەرسە نې تاڭ ئىيسا پەيەمبەردەككىمنە.

× ×

كـۆرگۈزۈركىم چىنى چىن قاشى ھىلالى ئۆزگەچە،
ئول سىتەمگەرنىڭ مەگەر بولمىش خەيالى ئۆزگەچە.
يۈزىگە كۆز تىك باقالماس ئەمدى، ئەي جانۇ كۆڭۈل،
كۆرسەك ئول مەھۋەش يـۈزىـن ئەمدى① قارالى ئۆزگەچە.
بەلۇ ئاغزى ۋەسفىدە گەرنۇكتە سۇرمەن ئەيب ئەمەس،
كىم مۇھەببەت دەفتەرىنىڭ قىلۇ قالى ئۆزگەچە.
لەبلەرىنىڭ شەھدىدىن ئالماقىغە گەر قەسد ئەتمەسە،
ياشۇنۇر نې ۋەجھىدىن خەت ئىچرە خالى ئۆزگەچە.
باغ ئارا نازۇك فەدىغە گۇلۇ② سەرۋ ئوخشار، ۋەلېك،
جىلۋە ئەيلەر قامەتى ئۆزرە جەمالى ئۆزگەچە.
ئاڭلاماي گۇل غۇنچەسىن لەئلىغە تەشبىھ ئەيلەمەڭ،
كىم ئېرۇر ئول لەب سۆچۈك لەئلى مەقالى ئۆزگەچە.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «كۆرسەك ئول مەھۋەش يۈزىن ناگەھ، بارالى ئۆزگەچە» دېيىلگەن.

② بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «نەخلى» دېيىلگەن.

رىندەلەر جەمشىد جامىن نې ئۈچۈن قىلسۇن ھەۋەس؛
مەي ئىچەرگە زەرف ئېرۇر سىنغان سەفالى ئۆزگەچە.
زۇھد ئەل يەڭلىغ پارىپ مەيخانەدە يول تاپمادۇق،
مەي ئىچىپ، ئەي دوستلار، بۇ كۆز① بارالى ئۆزگەچە.
ئەي فۇتۇھى، ئەرشنى كامىل پەناھىڭە ساغىن،
دەھرنىڭ شەكلىنى كۆركىم بولدى ھالى ئۆزگەچە.

× ×

بىر كىچىك دىلبەر كۆرۈپمەن قامەتى نازۇككىنە،
غۇنچە لەب، پەيۋەستە ئەبرۇ، قىرقىزىل ئۆڭلۈككىنە.
گەرچە ياشىدۇر كىچىك، شىرىن لەبى ئەسرۇ سۇچۇك،
ھەر باقىشدا كۆزىنىڭ ئىماسى بىر تۇرلۇككىنە.
ئەشكدەك بىر پەردە ئىنماس جىلۋە ئەيلەپ ھەر تەرەف،
قىرمىزى كۆڭلەك ئىچىدە تور تۆشۈك بۆرگاۋۇككىنە.
كۈلۈمسۈپ بىر كۈن ماڭا دىدى: «ساڭا رەھم ئەيلەگۈم»
كۆزىدىن بىلدىمكى ئېرمىش ۋەئدەسى ئۆترۈككىنە.
دائۇمىد ئېردىم بۇ يالغان ۋەئدەسىدىن ئەسرۇ كۆپ،
ياش بالالار ئىچرە كۆردۈم ناگەھان ئۇسرۇككىنە.
ئىختىيار ئەتتىم ئاياغىن ئۆپكەلى، قىلماي قەبۇل،
سەسكەنىپ قاچتى سەمەندىن سەكرەتىپ چابۇككىنە.
چۈنكى كۆردۈم مۇنچە مەكرۇ شىۋەلەر، ئاندىن دىدىم:
ئەي فۇتۇھى، ئۇن چىقارماي ئەمدى بولغىل شۇككىنە.

× ×

ئەي نۇش لەب لەبىڭ مەيىدىن بىرلا سىپقاراي،
بوغزۇم تۇتۇپ قاچانغىچە ئالدىڭدا يالباراي.
مۇشكىن ساچىڭنى مۇمكىن ئەمەستۇر غەزالى چىن،
كىرپىك تاراغى بىرلە ئەگەر دېسەكىم تاراي.
كۆڭلۈمدە ئىشق مەخفى ئۈچۈن مەن يارانمادىم،
چاك ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭۈل سىينەسىن ياراي.
ئەيلەپ ئۇمىد ئاتىڭ ئىزىنىڭ گەردى سۇرمەسىن،
سىزدى كۆزۈم قاراسى بولۇڭغا قاراي-قاراي.
بىر يولى بەر كۆفى بىلە بادەڭنى، ساقىيا،
بىر يولى دەھر رەنجىدىن ئۆزۈمنى قۇتقاراي.
بۇ كۈن كويىڭدا ھۆسن زەكاتىن بېرۇر ئېمىش،
جانۇ كۆڭۈل، بارىڭلا سىلەر، مەنمۇ ھەم باراي.

① بۇ سۆز يەكەندىن تېپىلغان نۇسخىدا «ئەمدى» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەرم ئولماغىل مەگەر ئىشتىيىدۇرۇر شىكارغە،
سەھرا سارى فۇتۇھى شىتاب ئەتتى ئالداراي.

× ×

بىر غەمىم بار زاھىر ئەتسەم دەھرۇ ئەفلاك ئۆرتەنۇر،
گەر نىھان ئەتسەم ئىچىمدە جانى غەمناك ئۆرتەنۇر.
گەر ئەيان ئەتسەم بۇ مۇھلىك غەمنى زاھىر بەزم ئارا،
غەم ئوتىدا جامى مەي ھەم بەزم ئەھلى پاك ئۆرتەنۇر.
ئاسراي-ئاسراي جان ئىلە كۆڭلۇم بۇ غەمنى، دوستلار،
ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ چۇن خارۇ خاشاك، ئۆرتەنۇر.
كىمسە گەر بۇ غەمنى زاھىر ئەيلەمەكنى ئىزدەسە،
بەرق تۇشكەن خۇشەدىن ھەم چۇستۇ چالاك ئۆرتەنۇر.
تەلبەلەردەك نەچچەكىم بىھۇدە سۆزلەر سۆزلەدىم،
ئەيب ئەمەس، ھەردەم بۇ ئۆيدىن فەھمۇ ئىدراك ئۆرتەنۇر.
گەر بۇ غەمنىڭ نەشئەسىدىن بەھرە ئالسە رەشكىدىن،
خۇشەسىن خەس، دانەسىن ئەخكەر بولۇپ پاك ئۆرتەنۇر.
ئەي فۇتۇھى، خەلق تەئنىدىن تولا ۋەھم ئەتمەكىم،
بىر غەمىم بار زاھىر ئەتسەم دەھرۇ ئەفلاك ئۆرتەنۇر.

× ×

قەدىڭ نەخلى ئۆزە ھەريان ساچىلىغ ساچىلماغى يادى،
كىبلۇر كۆڭلۇمگە گويا ئەنبەرىستان ئىچرە شەمشادى.
كۆز ئاچىپ يۇمغۇچە قەتلىمغە چەكتى تىغى كىن گويا،
قاشىڭ يەڭلىغ قىلىچ يوقتۇر كۆزۈڭدەك تۇند جەللادى.
داغى مەكتەبدەۋۇ نەۋ مەشقلىق چاغىدە قۇل قىلدىڭ،
چىقاردىڭ خەت، نە بولغاي ئەمدى بەرسەڭ خەتتى ئىرادى.
جەفاۋۇ جەۋر تەئلىمىن بىرۇر يارىم پەرىلەرغە،
ۋەفاۋۇ مىھر بابىدا بۇلاردۇر ئانىڭ ئۇستادى.
قەدىڭ نەخلىنى جىسمىم پىچتابى بىرلەكىم كۆرسە،
دىگەيكىم ئىشقپىچان چىرمانىغلىق سەرۋى ئازادى.
قاشىغە يالاپ ئىردى كىرپىك ئوقىن جان پىدا قىلدىم،
ئاتاي دەپ چاغلانىپ جانىمنى ئالدى تۇرفە سەييادى.
ئەگەرچە كوھكەن ئاشق ئىسە تىرناغ ئىدى مەسكەن،
قۇيۇندەك ئىشقىنىڭ دەشتىدە يوق مەن كىرمەگەن ۋادى.
ئۆلۇپ ۋەسلىڭ مۇيەسسەر بولسە گەر، ئۆلتۇرسە ئۆلتۇرسۇن،
فىراق ئەييامىيۇ ھىجران جەفاسى، ھەجر بىدادى.

ئەگەر ۋەسل ئىزدەر ئىرسەڭ دەير پىردىغە مۇرىد ئولغىل،
قاچان ئىشق ئەھلىغە لايىق، فۇتۇھى، شەيخ ئىرشادى.

× ×

بىر سۇچۇك سۆزلۈك پەرىۋەش كۆرمىشىم نازۇككىنە،
زۇلم پىشە، جەۋر ئايىن كۆزلەرى ئۇسرۇككىنە.
ھەرنەچە تىرگۈزسە لەئلى كۆزى ئويناپ جان ئالۇر،
قايسى بىرسىن ئايتايىن ھەرقايسى يۈز تۈرلۈككىنە.
ناله ئەيلەپ زار بۇلبۇلدەك زارىقتى جانى غەم،
رەھم قىل جانىمغە، ئەي گۈلى قايىغ بۆركلۈككىنە.
مەدەنىي تەبئى فۇتۇھى ئىرۇر تىغى دۇدەم،
فەقر ئولماقدا نە مۇمكىن بول سەن ئەمدى شۇككىنە.

× ×

كۆڭۈلنى تۇتى كەبى سايراتۇر قەلەندەر ئوغۇل،
لەبىيۇ ئاغزى نەمۇدۇر قەند بىرلە شەككەر ئوغۇل.
ئۆزىنى فەقر لىباسىندا كۆرگۈزۈر گەرچە،
ۋەلې ئانىڭ كەبى يوق دەھر ئارا ستەمگەر ئوغۇل.
ھەلاك ئىتەر مىنى ھەردەم نىگاھى تىغى بىلە،
كۆزىمۇ قاتىل ئانىڭ كىرپىكىمۇ خەنجەر ئوغۇل.
مۇيەسسەر ئولماسا لەئلى ئاياغىغە ئۆپەيىن،
قەبۇل قىلسە ئەگەر قامەتى سەنەۋبەر ئوغۇل.
چەمەن نىگارلارىن نەيلەيىن ئەگەر بولسە،
بىنەفشە خەت يۈزى گۈل، سەرۋى قەد، سىمىنبەر ئوغۇل.
نە خۇشكى گەرچە ئىرۇر ھۇسن ئەھلىنىڭ شاھى،
لىباسى فەقرنى ئەيلەر ئۆزىگە بىستەر ئوغۇل.
فۇتۇھى كۆڭلىنى قىلمىش جەمالىغە كۆزگۈ،
نە ئەيب ھۇسن ئىلىگە بولسە گەر ئىسكەندەر ئوغۇل.

## مۇخەممەسلەر

ھەزىن كۆلبەمىغە ئول مەھۋەش تۈن ئاخشام ناگەھان كەلدى،
تەجەللى پەرتەۋى رۇخسارى تابىدىن ئەيان كەلدى،
كۆڭۈل ئۆيىگە دەھر ئىچرە تاپىلماس مىھمان كەلدى،
سۆيۈنگىل، ئەي كۆڭۈل، ئاخىركى جىسمىڭ ئىچرە جان كەلدى،
قۇۋان، ئەي جانى مەھزۇنىم، ھەياتى جاۋىدان كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چەمەن سارى ئول ئاي كەتتى، كېتەر چاغ خەيرى باد ئەتتى،
كېتەردىن بولمادى مانىئ كۆكۆل هەر نەچچە داد ئەتتى،
مەگەر بىلمەدىكى ئول دىلبەر بۇ مەھزۇن قۇلنى ياد ئەتتى،
سەفەردىن ئول پەرى يەتتى مەنى مەھزۇننى شاد ئەتتى،
كۆكۆلدىن ئەسكى غەم كەتتى تەن ئىچرە ياكى جان كەلدى.

كى ئەي شەيخى زەمانە، تەرك قىلغىل ئىختىلافىڭنى،
يىغىشتۇر بۇ مەھەل، ئەي زاھىدى يەخ، لافى قافىڭنى،
تەفاخۇر قىلمە، ئەي هاجى، هەرەم ئىچرە تەۋافىڭنى،
خىرەد يىغ بۇ مەسافىڭنى، تەھەممۇل قوي كەزافىڭنى،
ۋەرەئ تەرك ئەيلە لافىڭنىكى ئاشۇبى جەھان كەلدى.

كۆكۆل باغىغە كەلمىش ئول قەدى مەۋزۇن ئەمەن ئاگەھ،
كى قىلمىش فىتنەلىغ قاشى مېنى مەفتۇن ئەمەن ئاگەھ،
كېلىپدۇر ياشۇرۇن ئول شەھ، مەنى مەجنۇن ئەمەن ئاگەھ،
نىھان كەلگەچ، بۇ ئىشلاردىن مەنى مەھزۇن ئەمەن ئاگەھ،
پەرى ئېرمەس ئېسە، بەس، ۋەھ، نېچۆك كۆزدىن نىھان كەلدى.

ۋىسال ئەۋجىدە يارىمدىن هەم ئايرىلماغلىقىم بىلدىم،
كېيىنكىم هەجر تىغىدىن تېنىمنى شانەدەك تىلدىم،
بۇ يەڭلىغ دەردۇ غەم بىرلە ئانىڭدىن ئاخىر ئايرىلدىم،
دەمىكىم ئاندىن ئايرىلدىم كۆكۆلنى هەمرەھى قىلدىم،
بۇ كۈن كەلدى كۆكۆل، بىلدىمكى ئول نامېھرىبان كەلدى.

زەمانە رەھم كۆرگۈزدى مېنىڭ مۇھلىك زەمانىمغە،
ھەۋادىس رەھمى كەلدى كۆزدىن ئاقغان قەترە قانىمغە،
تەرەھھۇم ئەيلەدى گەردۇن كۆكۆل ئاتلىغ يامانىمغە،
فەلەك باقتى فىغانىمغە، ئەجەل رەھم ئەتتى جانىمغە،
خەزانلىغ بوستانىمغە گۈلى باغى جەنان كەلدى.

فۇتۇھى، بەزمى ئىشرەت تۈز، كېلىپ، ئەي مۇغبەچە، مەي سۈز،
مېنى قىلما خىجىل بۇ كۈز، ئەگەر ئەگرىمەنۇ گەر تۈز،
قۇياشدەك جامىنى يەتكۈزكى بولغاي بىر كېچە كۈندۈز،
مۇغەننى، بىر نەۋائى تۈز، نەۋائى، نەغمەئى كۆرگۈز،
ئاياقچى، تامسە، تۇت تولقۇزكى دارايى زەمان كەلدى.

× ×

باغبان باغ ئىچرە ھەيران، مېھربانىم كەلدىمۇ،
گۇلنى پايئەنداز ئېتەر، شاھى جەھانىم كەلدىمۇ،
جان ياسار كۆڭلۇم ئۆيىنى، مېھمانىم كەلدىمۇ،
گۇل ساچار يەل باغ ئارا، سەرۋى رەۋانىم كەلدىمۇ،
جان ئىسى گۇلدىن كېلۇر، ئارامى جانىم كەلدىمۇ.

جانۇ كۆڭلۇم كەتمىش ئېردى باقمايىن ئەھۋالىمە،
فۇرقەت ئىچرە ئەگمە قەددىن زاھىر ئەتكەن دالىمە،
جانسىز ئېردىم جان كېتىپ، جان كەلدى جىسمى جانىمە،
بىخۇد ئېردىم ئەتكەلى كۆڭلۇم چۇ كەلدىم ھالىمە،
ئايتىڭ ئول ئەۋۋارەئى بىخانۇمانىم كەلدىمۇ.

شەمئ ئۆزە چۆرگەنگەلى پەرۋانەدۇر پەرۋانەغە،
ھىندلار جاندىن كېچەر گەر كىرسە ئاتەشخانەغە،
مەستلەر رەھن ئەيلەگەي يۇز جاننى بىر پەيمانەغە،
قالمىش ئېردى خەستە جان كىرگەندە مەن مەيخانەغە،
ئاڭلامانكىم، ئول زەئفى ناتەۋانىم كەلدىمۇ.

خۇبلار كەلدى دىمەك ئىشق ئوتىدا كۆيدۇرگەلى،
جان قۇشىنىڭ كامىغە شەمشىرى ئەبرۇ سۇرگەلى،
ئايتماڭ ھۇرۇ پەرى كەلدى جەفا يەتكۇرگەلى،
دىمەڭىزكىم كەلدى مەھۋەشلەر سىنى ئۆلتۇرگەلى،
مۇنى دەڭكىم قاتىلى نامېھربانىم كەلدىمۇ.

جانغە يەتكۇردى مىنى ھەجرىدە بىر شوخى مەلىھە،
جان ئەگەر بەرمەس ماڭا لەئلى لەبىدىن ئول فەسىھە،
خىزر سۇيىدىن تىرىلمەكلىك ماڭا ئېرمەس سەھىھە،
ھەجرىدىن ئۆلدۇم دىمەڭكىم، باشىمە كەلسە مەسىھە،
ئايتىڭ ئول ئاسايىشى رۇھى رەۋانىم كەلدىمۇ.

كويۇڭ ئىچرە ئىشق ئېلى لەئلىڭ زىلالىدىن تىرىك،
يۇز قويارمەن يۇز ئىشىككە لېك ئاچىلماس بىر ئىشىك،
ئاشىقى سادىقنى مەردۇد ئەيلەمەس ئەھلى بىلىك،

www.uyghurkitap.com

كويۇڭا ئۇشتاق كەلگەندىن خەبەر تۇتتۇق ۋەلىك،
دىمەددىلۇق «ئۇل زار بىنامۇ نىشانىم كەلدىمۇ.»

زاھىدا، مەيخارەلىك قەدرىنى ھەرگىز بىلمەدىلۇق،
كەفش ئىلە دەستارنى مەيغە گەرەۋ ھەم قىلمادىلۇق،
ئىشق تىغىدىن فۇتۇھىدەك يۈرەكنى تىلمادىلۇق،
زۇھد كويىغە كۆڭۈل بىرلە دىبدىڭكىم كەلمەدىلۇق،
ئەي نەۋائى، نەچچە ئايتىپ ئۇل يامانىم كەلدىمۇ.

× ×

نە كۈن بولغايكى جا قىلسام ئاڭا كۆزلەر قاراغىدە،
ياراپ قويسە ساچىن كۆز مەردۇمى كىرپىك تاراغىدە،
ۋەلى رەفئى ھىجاب ئولماس ماڭا ئۇل شوخ ياساغىدە،
نە خۇش بولغاي ئىكەۋلەن مەست بولساق ۋەسل چاغىدە،
قولۇم بولسا ئانىڭ بويىنىداۋۇ ئاغزىم قۇلاغىدە.

سۈيۈپ گەھ لەئلى خەندانىن مۇيەسسەر ئەيلەسەم پات - پات،
ئاغىزدا ئابى ھەيۋانىن مۇكەررەر ئەيلەسەم پات - پات،
داغى جانسىز تېنىم جانىن مەكۇررەر ئەيلەسەم پات - پات،
تۇتۇپ گاھى زەنەخدانىن مۇكەررەر ئەيلەسەم پات - پات،
كۆرۈپ گۈللار ئاچىلغان بادەدىن رۇخسارى باغىدە.

دەمى گىريان كۆزۈ مۇڭلۇغ كۆڭۈل ئەييارىم ئىگنىدە،
تۆكۈپ ئەشكىمنى دەۋرىندە بىرىكىم يارىم ئىگنىدە،
بىرى ئۇل ئەشكىمدەك ھالىن تۆكۈپ مەككارىم ئىگنىدە،
دەمى ۋەسل ئىچرە ۋالەلىغ بىلە رۇخسارىم ئىگنىدە،
يەنە بىر دەم نىيازۇ ئەجز ئىلە باشىم ئاياغىدە.

كىشى ۋۇسلەت تۈنى زەھرى ئەجەلنى تاتسە ھەم خۇشدۇر،
مەتائى ۋەسلىگە جانلار ئۇقۇددىن ساتسە ھەم خۇشدۇر،
ئەجەل ئوقىن قىزا سەييادى جانغە ئاتسە ھەم خۇشدۇر،
نە كەلسە ئاڭلا كەلسۈن بىر كۈن ئۇسرۇك ياتسە ھەم خۇشدۇر،
كىشى گۈل چاغى بىر گۈل خىرمانىن تارتىپ قۇچاغىدە.

قاچان گەردۇن ماڭا بىر لەھزە راھەتنى رەۋا كۆرگەي،
مىنىڭ كۆڭلۈم بىلە ئۇل ئايغە ئۇلفەتنى رەۋا كۆرگەي،

فەلەك زالى ھەزىن جانىمغە راھەتنى رەۋا كۆرگەي،
ماڭا دەۋران قاچان بىر لەھزە ئىشرەتنى رەۋا كۆرگەي،
كى ئۆرگەتمىش مېنى ئۆرتەرگە ھەجران دەرد ـ داغىدە.

كۆڭۈل سەن كىمسەنۇ دەۋلەت مېنى بىلمەسمۇسەنكىم، ئايتە
ھەزىن جان كىمسەنۇ راھەت مېنى بىلمەسمۇ سەنكىم، ئايتە
فوتۇھى، سەن كىمۇ ۋەھدەت مېنى بىلمەسمۇسەنكىم، ئايتە
نەۋائى كىمسەنۇ ئىشرەت مېنى بىلمەسمۇسەنكىم، ئايت،
ئەگەر قان ئىچسە ھەم ياشى كۆرۈنۈر ئۆز ياللاغىدە.

× ×

يىقىلدى كوھى غەم باشىمغە غەمخارىمدىن ئايرىلغاچ،
قاراڭغۇ بولدى ئالەم ماھى تابانىمدىن ئايرىلغاچ،
تۈشۈپمەن دەردۇغەم ۋادىسىغە يارىمدىن ئايرىلغاچ،
يىقىلدىم يەرگە باشىم بىرلە سەردارىمدىن ئايرىلغاچ،
يۈرۈرمەن دەربەدەر ھەيران نىگەھدارىمدىن ئايرىلغاچ.

كۆرۈك، ئەي دوستلار، ئەمدى قالىپدۇرمەن فىراق ئىچرە،
ئۈلۈكدەك يوق مەجالىم تەبرەگۈنچە ئىشتىياق ئىچرە،
سېنى بىر كۆرمەدىم، كەزدىم يۈرۈپ شامۇ ئىراق ئىچرە،
ئەگەر تاپسام سېنى باستۇرغاي ئىردىم مەن قاراق ئىچرە،
قىلۇرمەن ئاھۇ ئەفغانلاركى دىلدارىمدىن ئايرىلغاچ.

دەرىغاكىم، يەنە بىر كۆرگەي ئىردىم مېھرىبانىمنى،
تەسەددۇق ئەيلەگەي ئىردىم ئاڭا جانۇ جەھانىمنى،
ئىزىغە كۆز سۈرۈپ كەتكەي ئىدىم تاشلاپ مەكانىمنى،
فەلەك قەسرىدىن ئۆتكەزگەي ئىدىم ئوتلۇغ فىغانىمنى،
قىلۇرمەن نالەۋۇ فەرياد گۈلزارىمدىن ئايرىلغاچ.

رەقىبى رو سىيەھ ئول كۈن جۇدا قىلدى نىگارىمدىن،
ئىرىك ئايرىغۇچە مۇنداغ ئايىرغاي ئىردى جانىمدىن،
جۇدالىق جەھتىدىن ئەمدى بولۇپمەن تەشنە قانىمدىن،
پىدا ئەيلەيكى جانىمنى خەبەر تاپسامكى يارىمدىن،
ياتىپمەن چالمەدەك جانسىزكى جانانىمدىن ئايرىلغاچ.

غەنىملەر بىرلەشىپ كويۇڭدا قىلدىلار ماڭا تۆھمەت،
نىگە قان يىغلاماي، يارىم قىلۇر غەيرى بىلە ئۈلفەت،

ماڭا تەقدىردىن قىسمەت ئىكەن ھىجران بىلە، فۇرقەت،
ئىنايەت ۋەقتىدۇر، يا رەب، مېنىڭ ھالىمغا سەن رەھم ئەتە
يۇتۇردۇم راھى ۋەسلىڭ ماھى تابانىدىن ئايرىلغاچ.

سېنىڭ يولۇڭداقى زۇلمۇ سىتەم ئاشىققە راھەتدۇر،
بەلاۋۇ رەنجۇ مىھنەت كەلسە تالىبغە ئىنايەتدۇر،
بەلاغە سەبر قىلماي نالە قىلماغلىق قەباھەتدۇر،
بۇ يولنىڭ شەرتى ئەۋۋەل ھىممەتۇ تائەت، قەنائەتدۇر،
سەدەفدەك پارە كۆڭلۇم دۇررى غەلتانىمدىن ئايرىلغاچ.

ھۇزۇرى سۇھبەتىڭدىن بىر دەمى ئايرىلماغان بولسام،
ۋىسالىڭ دەۋلەتى قەدرىن ئەگەرچە بىلمەگەن بولسام،
جەمالىڭ شەمئىدىن پەرۋانەدەك ئۆرۇلمەگەن بولسام،
فىراقىڭ ئانچۇنان بەردى سەزا گەر بىلمەگەن بولسام،
قارارىدى روزگارىم گەۋھەرى كانىمدىن ئايرىلغاچ.

بەلا دەشتىدە قالغان قۇللارىم بارمۇ دېسەڭ ناگاھ،
دېگىل تاشقە ئۇرۇپ باشىن فىراقىڭدا قىلۇرلار ئاھ،
مەبادا ئىلتىفات ئەيلەپ ۋىسالىڭ سارى بەرسەڭ راھ،
ھىدايەت تاپقۇسى ھەر كۈن تۇمەنىمنىڭ تالىبى گۇمراھ،
قالىپ زۇلمەت ئارا ھەيرانكى ئەنۋارىمدىن ئايرىلغاچ.

كۆزۈمدىن غايىب، ئەمما مەئنىدە كۆڭلۈمدە سەن ھازىر،
نېچۇك غايىب، دەيىن، جانا، ئېرۇرسەن ھازىرۇ نازىر،
خەتا ئىسيانىمىز كۆپتۇر سېنىڭ ئالدىڭدا، ئەي قادىر،
ئەجەب ئېرمەسكى ئەفۇ ئەتسەڭ ئېرۇرسەن ساتىرۇ غافىر،
بولۇپمەن كافىرى ئىشقىڭكى ئىمانىمدىن ئايرىلغاچ.

ئىلاھا، رەھم قىل ئەمدى بەسى زارۇ زەئىف ئولدۇم،
مۇنافىقلارنىڭ ئىلكىدە قالىپ خارۇ زەئىف ئولدۇم،
رىزامەن مۈلكۈ مال ئالغانغە چۈنكىم نەھىف ئولدۇم،
فىغانۇ ھەسرەتا، ئايرىپ قالىپ بىكەس غەرىب ئولدۇم،
مەسىھانىڭ ئېسى زارى شەھەنشاھىمدىن ئايرىلغاچ.

## رۇبائىيلار

خۇش ئول كىشىكىم ئېلكىدە چىنى بولسە،
ئول چىنى ئىچىدە چايى چىنى بولسە.
چايجۇش مۇزەييەن گۆتەرىپ ئېلكىدە،
قايناتقۇچ بىر ئافەتى چىنى بولسە.

× ×

خۇش ئول كىشىكىم تەبئى سەلىمى بولسە،
چايجۇش ئىلە چاي داغى چىلىمى بولسە.
نە ئەيب ئەگەر مەقامى بولسە گۆلخەن،
ئىگنىدە ئانىڭ قارا كەلىمى بولسە.

× ×

خۇش ئول كىشىكىم بولسە ئەگەر ئازادە،
پەيمانە، چىنىسى بولسە چايىيۇ بادە.
چايجۇش سەبۇھ بولسە بۇ زەررىن مەيگە،
ساقىسى ئانىڭ بولسە فەرەھزادە.

× ×

خۇش ئول كىشىكىم جايى ئېرۇر ۋەيرانە،
شىرىن سەنەمى ئاللىدەدۇر مەستانە.
بىر ئېلكىدەدۇر بادە مەسەللىك چايى،
بىر ئېلكىدە ھەم چىنى كەبى پەيمانە.

× ×

ئول بەزم نە خۇش جامى سۇبۇھى بولسە،
بۇ بەزم ئېلىنىڭ بادە فۇتۇھى بولسە.
چايجۇش چىلىمۇ جايى ئەگەر بولسە بەھەم،
ئەيشۇ نەزاكەتى فۇتۇھى بولسە.

× ×

زىبىبا قەدىڭىز نەخلى ئېرۇر تۇرفە نىھال،
يادەك قاشىڭىز قەۋسۇ قۇزەھ بەلكى ھىلال.
گىيسۇلارىڭىز يۇزىڭىز دەۋرىندە،
كۆرگەن كىشى دەر:بۇ يەگلىغ ئولماسمۇ جەمال

## مۇھەببەتنامە

ئەي يارى قەلەندەرى پور ئازار،
مۇندىن تولا ئەيلەمە مېنى زار،
ئول تەلبەگە بولدى بەزم ئىچىدە،
مۇزتەر كۆرۇبان ئۆزۈمنى ناچار.
پەرۋانەسى بولدى تەلبە كۆڭلۇم،
چۇن شەمئ كەبى يۇزۇڭ نەمۇدار.
جان بەخش ئېرۇر ئەگەرچە لەئلىڭ،
جانىمغە ئېرۇر كۆزۈڭ ستەمكار،
ئەغيارغە ئەيلەبان نەزارە،
جانۇ يۇرەكىمگە قاقما مىسمار.
مەندىن يەنەدىن كۆڭۈل ساۋۇتقىل،
ۋەسلىڭ چاغىدۇر ئۆلار ساڭا يار.
سەندىن مېنى ئەيلەسە جۇدا ھەم،
يۇز جەۋر بىلە بۇ دەھرى غەددار،
يادىڭنى قىلاي ھەرىفى مەجلىس،
فىكرىڭنى ئېتەي كۆڭۈلگە مۇنىس.



# ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئەكرەم
تۇرسۇننىياز كېرەم

ئاسمانلار تاشلادى يەر سەھنەسىگە قارلىق،
كەلتۈرۈپ ھەر قەترەسى فەرمانى ھەقدىن يارلىق.
يەر بىساتىنى قىلىپ ئاق پاختە كافۇر ئايەتى،
قارە يەرنى سۈبھى باستى قار ئەمەس شۇڭقارلىق.
دەم سالىپ ئىسرافىل ئالەم يەرنى قەبر ئەيلەپ ئىدى،
نەفخى سانى بولدىمۇ خەلق ئولدى يەردە بارلىق.
يا قىيامەت سالدىمۇ ئەتلەس زەمىننىڭ ئۈستىگە،
مۇردەلەر زاھىر بولۇپ پەيدا ئېرۇر گۈلزارلىق.
ۋەھ ئەجەب مۇزدىن چىقار مۇزلۇغ سۇ ئوتنى مۇزلاتۇر،
تاڭ يوق دەۋزەخ ئوتىن مۇزلاتسا بۇ گۈلنارلىق.
غالىبەن ھەق كۆرسەتۇر قۇدرەتلەردىن قىش كۈنلەرى،
ياز كۈنى يەڭلىغ ھەرارەت ئوت ئېرۇر دىلدارلىق.
گەر قانات سالسە بۇلۇتلار سايەسى ئوت بەرق ئۇرار،
مەھۋ ئېتەر مۇزدەك ساۋۇقنى كۆكرەكى سەييارلىق.
قار ياغىپ قارلىق زەمىنگە قارەلىقنى تاشلادۇق،
تا كۆڭۈلنىڭ قارەسى ئاقلىقنى قىلسە زارلىق.
يارەب ئۆز فەزلىڭ بىلە ياغدى بۇلۇتىدىن ئاق لىباس،
قارە قىلمە ئاقنى تا ئىلياس ئېرۇر غەمخارلىق.
خىزرنىڭ رەفرەفلەرى دەۋرانىنى قىلدى قاپقارا،
قارەسىدىن كۆز قاراسى كۆرسەتۇر ئەنۋارلىق.
ھاجى ئىسمائىل تۇرۇپ باران تۆكۈلگەن چەرخدە،
قار-يامغۇر ۋەسفىن ئەيتتى قولغە ئال نەززارلىق.

× ×

ياخشى خۇيلارنى كۆرۈپ فەرخۇندەلىكدە بۇ كۆڭۈل،
يۈز تەئەسسۇفلار قىلىپ شەرمەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.

ئادەتى خۇشدۇر ئەجەب خۇرشىد ئارا تەلئەتى،
ئىنتىزار ئولدى تولا دەرماندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
بەس ئۇلۇغ ئالى گۆھەر سۇبھى سەئادەت ئەختەرى،
مۇنتەزىر كەۋكەب كەبى تا بەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
ئەي مۇھەممەدلىك نىياز بولسۇن نەۋازىڭ سەرفەراز،
ناز-نىئمەتلەر سارى گۇيەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
لۇتف ئاسارىڭ تولا قىلدىڭ مەكارىملىق بەلىغ،
بارىكەللاھ يۈز تۈمەن خانەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
مەن ئىچۈك مەدھىڭ قىلاي ۋەسفىڭ مەلائىك زىيۋەرى،
ھۆكمىران بول تائەبەد سازەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
مەملىكەت خاقانى رۇم بولسۇن مۇسەخخەر ھەم مۇتىبئە
يۈزلەرىڭگە تەلمۈرۈپ بىنەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
ھەمىشەلىق ئەيلەشىپ سۇلتانى ئەئزەم قاشىغە،
دائىم ئولتۇرماق ئۇچۇن خاھەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
كىم تەجەللى دىلبەرىڭ ئىردى مۇقىم ھويلۇڭ بىلە،
كەئىس گىر بوستانىدە جۇيەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
قۇتبى ئالەم سەييىدى ئەۋلادى ئالى مۇستەفا،
ئولتۇرۇر تەسنىمدەك ئەرماندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.
كۆپ خىجىل پەيكلەر بىگى قىلغان نەۋازىش فەزلىدىن،
نەفسى ئىسمائىل كەبى فەيۋەندەلىكدە بۇ كۆڭۈل.

× ×

كۆرۈپ ئىنئام ئىھسانىڭ كۆڭۈل مىڭ شادلىق ئەيلەر،
ھۆكۈم ئىكرامىدىن كۆرگەچ مۈلك ئابادلىق ئەيلەر.
فەرىشتە خۇي ئەۋسافىڭ فەلەكنىڭ سەفھەسىن تۇتمىش،
سىنىڭ تەرزى سىياقىڭدىن ئىرەم بۇنيادلىق ئەيلەر.
رەئايا خۇررەمۇ خۇرسەند سىنىڭ دەۋران چەرخىڭدىن،
ھەدائىق گۈلىستانلىقدە بەھى شەمشادلىق ئەيلەر.
تەئالەللاھ ئەجەب بەرنا سىنىڭ تەقۋىم ئىدراكىڭ،
دىلۇجان مەركەزى ئىچرە رەۋان بىھزادلىق ئەيلەر.
نىياز ئىردىڭ مۇھەممەدلىك مۇھەببەت بوستانىغە،
تەرەبدىن روھ رەيھانلار ھەزىن فەريادلىق ئەيلەر.
خىجىل لۇتفى كەرامىڭدىن كۆزى نەززارە ئىسمائىل،
سۆزى فەيزى تەجەللىدۇر ئۇمەم مۇنقادلىق ئەيلەر.

× ×

زىھى مەزاھىر ھۆسنۈڭكى گەنج ئولۇپ ئىزھار،
گۆھەرنى كانىدە كۆرسەتتى نەقد خىزمەتكار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ بەيت ئىچرە بەھا بولدى مۇشتەرى مىررىخ،
كۆن ئىستەپ ئۆزدىگە خۇرشىد خۇ فەرىشتە نىگار.
ھەزار گۇنەگۇن زەھرە ئەندەلىب يەڭلىغ،
ئەتارۇد قۇمرى ئاۋازى بۇلبۇل ئىلە دۇچار.
تۇرۇپ بۇ ئەرسەئى دىلبەند ئەرجۇمەند ئىچىدە،
سەھىفەئى خەد ئىدىرىسۇ مۇسھەفى گۇلزار.
رەمىدە خاك زەبەرجەدغە لەئل تابانىڭ،
بەھارىم ئەشكىنى ئاختۇردى چەشم گۇل رۇخسار،
قاچانغە ياشۇرۇر ئىزھارىكى نىھان ئەي دىل،
كۆكۈل ھەمىشە غەمىڭ سىينەسىدە بەرخۇردار.
ۋۇجۇد ئائىنەسىن ئەكس نەقش ئىلە تۇزدى،
كەمال تافتى مەگەر جۇدىلە ھۇۋەلغەففار.
فەرىشتە كويۇڭە نەززارە ئافەرىن خانىدۇر،
يولۇڭدە شەھپەر ئىدى رەفرەفى سەرىشتەئى كار.
مەن ئەرچە خەستە دىلۇ بىكەسۇ گۇنەھكارەم،
ئىدىڭ شەفىئ سەخى ئەي مۇشەففىئى سەردار،
يىبەر بۇراق ئىزىدىن چەشمەئى ئۇزارىمغە،
كى تا كۆزۈم قاراقى سۆزلەسۇن بولۇپ ئەنۋار،
قۇرەيش جانىبىدىن ياش تۆكەر بەھار كەبى،
نەسىم مەردۇمىكىم ئارەزىلە يىغلادى زار.
دىماغ چىھرەسىدىن خەندە قىلدى گۇلشەنى قۇدس،
قاراغ كىرفىك ئىلە رەۋشەن ئەيلەي دىيدار.
تىلۇ دەھەن جىگەرىم تامغاق ئىلە تاپتى لىسان،
قولۇ پۇتۇم سىنىڭ ئالدىڭدا خاك بىمىقدار.
جەھان فەلەكدەكى تا تاپسا جان ئىلە ئارام،
ئىرۇر ساڭا بۇ كەمىنە كەمىنەئى دىلدار.
مەلەك كى بولسا سەر ئەفكەندە بەندە فەرمانى،
ماڭا نەھەدكى بولا ئالغامەن مۇھەققەق يار.
باشىم فىدايى گەرىبان دامەنىڭ بولسۇن،
ئىدىڭ ئۆزۈك تەن ئىسمائىلغە بائىسۇ دەربار.

× ×

قامەتىڭ ئالدىدا تۇبى تۇردى خامۇشى دەرەخت
كىم ئىرۇر فەررۇخ كەمالىڭ رىفئەتى تەخت ئىلە بەخت،
بەخت دەۋلەتمەندىكىم گەردۇنى ئەيلەر پايمال،
قەدرىڭ ئول دەمدە ئىدى پەرۋەردەئى بازۇيى سەخت.

جۇرم زاتى سەھۇ ئەگەر ئادەمنى ئىسيان خاكىدە،
كۆرديۇ فەرياد ئېتىپ ئاھ ئۇردي ھىجرەتىن نىفەست.
سەنىسىزدىن رۇھۇلقۇدۇس بىرلەھزە ھەم جان تاپمادى،
ئۇمرۇمە شەۋقىلىك دەمى رەيھان سۈيلە بەردي رەخت.
مەن كىمۇ مەدھ ئەتكەمەن ۋەسفىڭنىڭ ئەۋسافىدە،
ھەلئەتا دىلبەرلىغى قۇرغۇزدي بەرگىلە دەرەخت.
كۆرمەدي چەشمى فەلەك ئانىڭ كەبى دىلدارىنى،
دىيدەئى ئەشك ئۆزرە مىلك ئەلتاف ئىلە رۇخسارتەخت.
ئەرش ئەئزەم كىم ھەمە كۆكنى تۇتارئەنگۇشتىدە،
كۆرسەتۇر ئۆز رەسىمىدىن تەرزى سەمەندى مىھرسەخت.
دۇرجى ئىسمائىلكى بۇ ئاھەڭگىدىن ئىزھار ئېتەر،
مۇژدەئىدۇركىم سالۇر كىرفىك خەتى بۇلبۇلغە رەخت،

× ×

ياغىلدى قارى بەھار ئۇستىخان ئۇستىگە،
يايىلدى فەيزى نىسار دوستىخان ئۇستىگە.
تۆكۈلدى بادى سەبا ئافتاب راھەتىدىن،
ئوقۇلدى لۇتفى سۇخەن دەرسىخان ئۇستىگە.
تورۇلدى باغ ـ راۋاق ئەنجۇمىلە كەۋكەبى تاق،
سىپەھرى شەھرلەرى ھەفتىخان ئۇستىگە.
ئالىندى مۇشتەرى ئول بەزم ئارا مەھى خۇرشىدە
فەلەك مەلەكلەرىدىن سەفھىخان ئۇستىگە.
سالىندى ئەرش ئەزىم سۇنبۇل ئەختەرى سايە،
يايىلدى خەتم نىگىن شەھرىخان ئۇستىگە،
مۇسەللى رۇھ قۇدس باغىبان ساھەتىلە،
سەلام ئەنجۇمىدىن راستىخان ئۇستىگە.
پەيام پەيكەرىدىن ھەمد سارىغە سەلەۋات،
نۇزۇل بولسۇ رەھىق مۇفتىخان ئۇس..تىگە.
سەببە مىھرى ھەدائىق سەۋابىھى بەرەكات،
مىھاد سۇندۇس ئەھدى بىسىخان ئۇستىگە،
.... قەدر جەلالەت ھەياتى ئۇمرى خىزىر،
ھىسان مۇھسىن ئوشۇل سەبزەخان ئۇستىگە.
ۋۇجۇھى كەئبە مۇئەززەم سۇجۇد قىبلە نەماز،
نەۋازىلىغ لەبى ئىدرىس نۇخان ئۇستىگە.
سەلامدىن مۇسۇلمان سەلىم ئىسمائىل،
قويۇلدى مۇئمىن ئېلى چۇن شۇ خان : ئۇستىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

مېنى مەنئ قىلدى رەقىبلەر يۈزى،
كۆرەلمەي جامالىڭنى تۈن - كۈندۈزى.
كېچە تاڭ ئېتىپ سۈبھى سادىقىغىچە،
كۆرەر ئېردى شامىم ئۈزۈنىنىڭ يۈزى.
ۋىسالىڭ مېنى ئەلدىن ئەيلەپ يىراق،
فىراق ئىچرە تاشلاپ قاراغىڭ كۆزى.
ئەجەب سەنكى قىلدىڭ جەفانى تولا،
ۋەفانى يوق ئەتتىڭ فەلەك يۈلدۈزى.
بۈچەرخى سىتەمكارە سالدىڭ مېنى،
ئەلەمدە يوق ئەيلەپ سىتەم نەۋ رۇزى.
ماڭا ھەيف قىلدىڭ ھەرىف ئەھلىنى،
بۇ رەڭ ئەيلەمەك بەدنەمانىڭ سۆزى.
قاچانغە قويارسەن جەفا شىۋەسىن،
ۋەفادار بول سۈبھىنىڭ كۈندۈزى.
دەرىغ ئەيتى ئىسمائىل ھاجى سېنى،
تۈت ئانىڭ قولىن تاكى تاپسۇن ئۆزى.

× ×

ئەي سەفھە رۇخسارىڭ ئېرۈر دەھر ئىچرە مېھرى ئافتاب،
سالىمىش خىجالەت سارىدىن ھەركىچە باشىغە نىقاب.
نەززارەئى خۇرشىدغە باقماقغە يوقدۇر تاقەتى،
رۇھى رەۋاندەك تىترەشۈر بۈرجى مەدارىدە ماھتاب.
رەئيىڭ سەۋاب ئولسۇن قەۋم تەبلىغ رەئيى مۇستەقىم،
خۇلقىڭ بەسى زىيبا ئەزىم تەلئەت قەمەر ھۇسنۇ سەۋاب.
كەۋكەب رەفىئ ئەفزۇن تەرەب شايەستە بول فەۋقەششەرەف،
مۇكرەم زەۋى ئىززەت تەرەف ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.
سەييارەلەر بولسۇن فەراھ سابىت سەبھە قارى سەراھ،
تابولغۇچە ھەيھەل سەلاھ پەيكى ئەمىن ئەمنۇ كىتاب.
بولسام كەرەك نەزرەت ۋۈجۇھ، نەززارەغە ئەينى سۈجۇھ،
ئول ۋەقتىدە خۇررەم بولۇپ دېسەم بۇدۇر فەرخۇندە باب.
ئەبۋاب لۇتف ئامىزمەن ئەرباب قۇدس ئارىزمەن،
ئەھباب خۇش مەھمىزمەن تىيرى كەمان فەلكۇلھىجاب.
ئىسمائىل ئول كۈندىن كۆرۈپ ئېردى نىگىن رەڭگىن ۋۈجۇھ،
سالدى بۇ كۈن بەرگى سەمەن ئۆززە سەنەۋبەردىن نىقاب.
ئەييامى ئۆمرۈڭ شاد بول بىغەم سەلىم ئاباد بول،

ئىسلام ئارا ئاماد بول فەتھۇ زەفەر نۇسرەت شىهاب.

× ×

ئەي قاراغىلىك ئايەتى رۇخسارىڭ ئىلە خۇش سىياق،
ئۈرگەتۈر مۇھسىن كەرەم رەئىيات ئىهسان ئىتتىفاق.
مەشق ئېتەردە قامەتىڭ تەقۋىمىنى مۇشكىن رەقەم،
ئەھسەنى سەفهەلجەمىل تەرزىلە تەرتىب ئىشتىياق.
شەۋقىڭ ئانداغكىم بۇراق سەيياھلارى رەفرەف كەبى،
ئەنجۇمى تارەم سىپەھر سەيرىگە ئەيلەب ھەم سەباق.
تۇردى سىنائى قۇشلارى فەرۋاز ئېتەرگە تەلپۇنۇر،
تۇرغالى دارىلقەرار ئىسلام ئىلىلە بىر تەباق.
مۇرغى زەرردىن ئەندەلىبى بۇلبۇل ئىلە مىھرىلىك،
قۇللەئى دىۋان خىتامى زور زەردىن ياخشىراق.
ياغدۇرۇر فەيزىڭ رەۋاھى لۇتفىلىغ باراندىن،
مىڭ سەلام فەزلى بەھاران سارى يۈز مىڭ شەۋق...①
بول سەلامەت ئەسر بىرلە دەھر تابولسە بەھىج،
ئۆمرۈڭ ئۈتسۈن ئەھلى بەيتىڭ سۆزلەرىدەك كۆز-قۇلاق.
دۇررى مەكنۇن تىب مەۋزۇن سەندىن ئىستەرىم سەبەھ،
بەھرى مەمنۇن كۇنلەرىدە كېچە يەڭلىغ بولسە ساق.
شۇكرى لىللاھ ھەقتەبارەك قويدى مۇئمىن مۇستەقىر،
ئەھلى سۇننەت فىرقە ناجى مىللەت ئەفۋاجى رەۋاق.
ئەھدى «تاھا» مەھدى «ياسىن» خىزر ئىلياس پەيكەرىڭ،
سۇھبەت ئانداغ فەيزلىغ فەزلىڭ فەراۋان خور بۇلاق.
ناز تەلئەتلىك نەۋازىڭ ئەتمەش ئەفلاكنى تەراز،
رەسمىڭ ئىهسانلىغ كەرەم جۇدىنى ئەيلەرسەن بۇراق.
تۇردى ئىسمائىل يولۇڭدە مۇنتەزىر نەززارەلىغ،
مەجد تەلئەتلىك مۇجەللى لۇتفىدىن سۆزلەر ۋەراق.

× ×

قايسى دىلبەر شەفقەتى مىهرى ھۇمايۇنۇڭچە بار،
قايسى مادەر ئۇلفەتى فەيزاب گەردۇنۇڭچە بار.
قايسى باغدە سەن كەبى ئەفسەھ بەلاغەت پۇرسەۋاب،
راست قامەت ئەرئەرۇ شەمشاد مەۋزۇنۇڭچە بار.
قايسى ئىهسان ھۇسنىدۇر مۇھسىن سەۋابىڭ سارىغە،
ئىهتىياج ئەيلەر ئاڭا مۇشتاقى مەمنۇنۇڭچە بار.
قايسى خۇبلا زاھىر ئەتتى پۇر جەمىللىق يۈزىنى،

① بۇ مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيە قول يازمىدا ئۈچۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەدىر ـ قىممەت رىفئەتىلە بۇرجى كانۇنۇڭچە بار،
قايسى ئەختەر كەۋكەبىدۇر بەدرىلىك ئوخشە فەتھىياب،
نۇسرەت ئىلە خۇش خىرامان دۇرجى ئاخۇنۇڭچە بار.
قايسى كۈنلەر جۇمئە يەكلىغ قەدرى تاپتى مۇجتەمىئ،
قايسى ئەييام ئافتابى ۋاج مەيگۇنۇڭچە بار.
قايسى ئانام ئىچرە سەندەك كۆرسەتىلدى نۇرى ھەق،
قايسى باغنىڭ سەرۋى، ئەرئەر تاجى مەفتۇنۇڭچە بار،
يوق سەن ئوخشە قاق تەلئەت قىرەۋاندە مەجدىلىك،
قايسى مەھمۇد زورى شەۋكەت ھەمدى مەكنۇنۇڭچە بار،
كۆز ـ قۇلاق شىنۋالىقىنى كۆردى ئىسمائىل سۆزى،
قايسى سۆزنىڭ خوبى قۇربەت دىن مەئمۇنۇڭچە بار،

× ×

كەلدى فىردەۋسىلىك باغىنى كۆرگەلى تاغ تۇرلارى،
كۆزلەرىنى سۇرمەكىچۇن مەقدەمىلىك مەھجۇرلارى.
كۆز قاراغىنىڭ مۇددەئاسى مىھرى تەلئەت يۈزلەرىڭ،
ئاشكار ئەت نازىر ئولسۇن دىيدەئى بىنۇرلارى.
ئەي سەباھەت گۈلبەنىنىڭ پۇر سەۋابلىغ ساھەتى،
بول سەلامىنىڭ سۆزلەرىدە شەھدىلىك مەشكۇرلارى.
دوستلار نەززارە ياران مۇنتەزىر خۇبان نەزەر،
ئىنتىزار ئولدى شەكەرلەب دىل جىگەر مەزكۇرلارى.
قىل تەفەررۇج ئاستانىڭ گۈشەسىنىڭ دۇرجىنى،
بۇرجى كەۋكەب ئەختەرىنىڭ مۇھىممىنى مەۋفۇرلازى.
ئەفزۇن ئەتكىل مىھرىبانلىغ فەيز فەزلىڭ ۋەجھىدىن،
تۇردى بولماقىغە مۇقەررەب دەھرىنىڭ مەئمۇرلارى.
ئەسرىنىڭ ئەييامى فۇرخەند تۇرسۇ ئانامىڭ ھىخام،
قەدرى ھىممەت رەفرەفىنىڭ ئايەتى مەستۇرلارى.
بەرقى خاتىف ئىبردى ئىسمائىلغە ئاسار يىراق،
سۇبھى سادىق مەتلەئىنىڭ شۇھرەتى مەشھۇرلارى.

× ×

كۆزلەرىم نەززارەلىغ قەدرى جەمالىڭ كۆرگەلى،
پۇر شۇكۇھ ھەيبەتلىغ ئىسلام ئىلە بىللە يۈرگەلى،
ئافتابىڭ ئەختەرى سالمىش باشىم ئۆزرە تۇلۇئ،
باش ـ ئاياغ كەۋكەب سەباھەت سارى دەۋران سۈرگەلى.
قامەتىڭگە كىچە ـ كۈندۈز كىرفىك ئوخشە تەلمۈرۈپ،
مۇنتەزىر مەن لۇتفۇ فەزلۇ فەيزدىن بىلدۇرگەلى.

شەمئىدەك خۇرشىدى تابان سۇنبۇلۇڭ فەرخۇندەسى،
پەيكەرى پەيكى بەلىغ يەتكۇردى خۇش ئۇلتۇرغالى.
ئەدنىڭ شەمشاد بەرگى ئەرئەر ئىلە سەرۋگۇل،
بوستانىڭ ئادەتىدۇر خۇيىدىن كۆرگۈزگەلى.
تەلئەتىڭدۇر نەجمى سابىت بىرلە سەيدى ئەنجۇمەن،
بادى تەسنىم مشكى مەختۇم نەفەسا يۇرگۇزگەلى.
... فىردەۋس ئالەم ئارا مۇھسىن ئەئلام ھۇسىدىن،
قىلدى ئەنجۇم سايەسىنى مىھردە كۇلدۇرگەلى.
شاد بول فەيزى ھەدائىق بولسە تا مەمنۇن فەلەك،
يارەب ئەفزۇن قىل سەلامىڭ خۇش بەيان ئۆتكۇرگەلى.
مۇسلىمانلىغ رەسمىن ئىسمائىل ئۇتۇپدۇر فەرق سەر،
مۇئمىن ئەھلى بىرلە ئۇەردىن سىدقىلە پۇتكۇرگەلى.

× ×

دوستلۇق تەرزىنى قويدى ھۇسنى زىبا خىسلەتىڭ،
پۇتكۇرۇر ئالەم ئىشىنى مۇھسىن ئەشياء شەفقەتىڭ.
باغلار بۇلبۇل شەكەرلىك تۇرى سىناء تاغىدە،
تۇرغۇزۇر ئەبرۇيى تابان قەدرى ئەلۋان ئۇلفەتىڭ.
مۇنچەلى يافراغلاردىن لۇتف سۇبھانەللەزى،
يەتكۇرۇر ئىھسان فەراھەت چەرخى دەۋران سۇننەتىڭ.
كۆڭلۇمە راھەت سەباھەت سالمى ئىسلام سەلام.
بىلدۇرۇر ئىمان ئىلغە ئىلم بەرنا مىللەتىڭ.
ئاھ مۇشكىن سازلىغىدىن خەتم «ياسىن» كەۋكەبى،
كەلتۇرۇر فەلەك مەلائىك ئەنجۇم ئەختەر تەلئەتىڭ.
رۇھ راھەت شەھپەرىلە باغى رىزۋان كەۋسەرىڭ،
سىپقارۇر رەيھان فەرادىس سۇھبەتىنى فۇرسەتىڭ.
مىۋەلەر يافراغلاردە شاخداكى ۋەقۋاق كەبى،
سايراشۇر نەخلى ھەدائىق خىزر رەفرەف ئىززەتىڭ.
مەزھەبى ئىسمائىل ئىسلام ئەھلى ئىمانغە سەلام،
يۇرگۇزۇر مۇئمىنلىكىدە ئىلمى فۇرقان سەۋلەتىڭ.

× ×

ئەي ئەئلەمى قارغالىق زەمانە،
فوسكام ساڭا بولسۇ ئاشيانە.
ھەر چەندىكى زور قىلدى چەرخىڭ،
تەقدىرغە يوق ئىكەن بەھانە.
كۆرمەك سىنى بولمادى مۇيەسسەر،
قەسد ئەيلەدى نەچچە شامىيانە.

لىكىن تەلەبىڭ كويۇڭغە مەشغۇل،
پات فۇرسەت ئۇلۇرمىز ھەمزەبانە.
دەۋران ساڭا قىلسۇ سەجدەئى شۇكرە
ئادەملىغىڭ ئولدى مەگەر مانە.
فەيياز سىنى فەزىلەتىدىن،
خەلق ئەيلەدى ئەختەر جەھانە.

www.uyghurkitap.com



جانىمنى قويۇپ باشىم يۇزىدە،
ياشىمنى قىلاي ساڭا رەۋانە.
ۋەھھاب ساڭا مۇيەسسەر ئەتتى،
ئەنۋائ كەرەم نەۋال خانە.
تەھقىق ئىدى پەيامى سىدقىم،
كويۇڭغە قەدەم قويار فىغانە.
ئافىيەت ئىلە سەلامەت ئولغىل،
تا يۇرسە سەھەردە كارۋانە.
سۆزۈڭچە ئەجەب ھەرارەتى دىل،
شەۋقىڭچە تەرەب گۈل چىغانە.
كەئىس گەۋھەردىن شەرابى رەيھان،
جامىڭنى قىلىپ دىماغ شانە.
جانانەئى تۇبۇد تەجەللى،
دەر ھەردۇ جەھان چۇ كامرانە.

دانىشۋەرى ئافتاب دەۋلەت،
ئىشىكىڭدە مۇقىم ئولۇنسۇ دانە.
ئان نەخلى شىناۋەرى مۇسا،
يافراغىدە تۇرسۇ جاۋىدانە
مازاغ سىفەت ئەيان بەيانىڭ،
دۇنيانى تۇتار ئەجەب نىھانە.
ئەفسۇسكى مەن ۋەتەندە مەۋقۇف،
ئالەم ساڭا سوقتى شادىيانە.
بولسام ئىدى رۇزۇ شەب قاشىڭدە،
ۋەسلىڭنى كۆرۈپ چەرب لىسانە.
ھەر نەۋئىدە بولسە مىلڭ تۇمەن شۇكر،
ياردىم سەنۇمەن ساڭا بەيانە.
ئىسمائىل ئىرۇر ئۇمىد غەزار،
نەززارە قىل بولاي يېگانە.

× ×

ئەزىزى ئەرجۇمەندىم بول سەلامەت تاكى دەۋران بار،
مۇسەخخەر بولسۇ ئالەم روزىگارىڭ فەررۇخ ئىستىزھار.
تەمامى مىھر، كەۋكەب ئاستانىڭغە غۇلام ئولسۇن،
مۇتىئ ئولسۇن جەمىئى قەرغەلىق ئالدىڭدە فەرماندار.
جەھان ئارام تاپسۇن شەرئى غەررالىق تەردىقىڭدىن،
ھەقىقەت شاھبازى بولسۇ فىرقىڭدە ئەلەم سەردار.
مەكاردىم ئىردى ئەۋۋەل جۇدلىغ ئىكرام ئاداتىڭ،
كەرامەت تەختى بىرلە بەخت تۇتسۇن ۋەقتىڭ ئىستىبشار.
بەلەند قىلدى فەلەكنىڭ سانىئى قەدرى سىياقىڭنى،
ئۇلۇغلۇق جادەسىدە بەرقەرار ئولغىل نىكۇ كىردار.
كۆرەر مىھىر ئوخشە كۆزنىڭ نۇرىنى قەمران ئىسمائىل،
مۇنەۋۋەر بولسۇ ھۇسنۇڭ بول يۈزۈمنىڭ كۆزىگە ئەنۋار.

× ×

بار ئىردى قارغالىق مەۋزۇئىدە بىر مەردى خۇش رەفتار،
ساباھەت رەزم ئىچىدە ساھەتى مەردۇم ئارا گۇفتار،
قىلىۇردى خوب مەرغۇب ئەل ئىشىنىڭ ئىستىلاھىنى،
مۇبارەك نامى فەرجام قابىس ئاخۇند باي بەلەند ئاسار.
بەناگەھ چەرخى گەردۇن قىلدى دەۋران ئىنقىلابىنى،
كى تا ھاسىد فەرىقى غەم بىلە پەيۋەستەدۇر دىلدار.
قۇتۇلدى فەزئ ئەكبەر خەۋفى ۋەھشەت جايى مەھزۇندىن،

دۇخۇل ئولدى نەئمى جەننەتۇلمەئۋادە ئىستىقرار،
ئىلاھا تا ئەبەد فەرخۇندە قىل ئىمانى ئىسلامىن،
سەلامەت قىل فەراھەت ئۆزرە تۇرسۇن دىلبەرى شەھۋار،
ئىدى لازىم بارىپ خىزمەتدە تۇرماق كىچە ـ كۈندۈزلەر،
ۋەلې مانىئ بولۇندى كۆرمەكىم گۇلدەك قەدىن ناچار،
قىلىپ بادى سەبانى پەيكەرى رەھۋار خوش رەۋشەن،
ئىبەردىم قاسىدىلە بەرگى زەيتۇن ئاتەشى گۇلنار،
يېتىپ گۇلدەستەدەك جان ئىلە تۇتسۇ راھى كەۋسەرنى،
تەجەللى زىيۋەرىدىن تازە تۇرمىش يار ئارىق گۇلزار،
ئەدەدسىز شەھرى شىرىن شۇكر تەۋھىد فەزل قىل، يارەب،
تەھىييەت خاجەسىكىم جەھد قىلمىش مەنبەئى نەززار،
فەراۋان قىل سەلامۇ رەھمەت ئەربابى سەلامەتكىم،
سەلام ئىلە خەۋاتەم مىشك قويمىش نافەئى تاتار،
مۇسەللا قىل خۇدايا ئەھلى ئالەمنى سەلام ئىلە،
كەما ئەسنەيتە بىلۋەسفى ۋە ئەسمائۇس ـ سەلام ئابار،
كەۋاكىب، مېھر، خۇرشىد ساھەتى رىزۋان، ياسۇبھان،
قىلـۇردى ھاجى ئىسمائىل سەباھەت قابىس ئاخۇند يار،

× ×

سەلام ئەيلەر سەنەۋبەر قامەتىڭ ئايدەك جەمالىڭغە،
قويۇپدۇر باشىنى خۇرشىدى خاۋەر خەتتۇ خالىڭغە.
كۆتەرمىش چەرخىنى لۇتفىلە فەيزى قۇدسى مەھتابىڭ،
ئاقارمىش سەلسەبىلدىن ھەۋزدەك جويى رەۋانىڭغە،
خەمىدە ئاسمان ئەنجۇم تۆكەر مىژگان ئىلە ژالە،
ھەمىدە خىسلەتۇ پەيكى رەۋان خۇلقۇ فەئالىڭغە.
ھەمايىل قىلدى ئادەم كويى سەگبانلىقىنى دەربانىڭ
شەمايىل شۆھرەتىڭدۇر كۆرسەتۇر دەربان خەيالىڭغە.
ھەۋادىن يەرسارى ئەزم ئەتتىكىم بادى سەبا يەڭلىغ،
شامالدىن يەتكۇرۇر پەيغامىنى ئالى جەنابىڭغە.
ئاقار سۇدەك تۆكۈلمىش قەترەئى رەھمەت سەھابىدىن،
چەمەننى گۇلشەن ئەيـلەر چېھرەۋۇ زۇلفى سىياھىڭغە،
كۆيەر جىسمۇ ۋۇجۇدۇم ھەجر ئوتىدە ئاتەشىن دەۋزەخ،
ئاڭا يەتكۇر رىياھىن بۇيى تا يەتسۇن رەۋاھىڭغە.
چى غەم ئەزھەۋلى مەھشەرگەر تۇغەممەخارى كۇنى بەرمەن،
تۇئى رۇھۇلقۇدۇس ئىيساغە دەم، مۇسا كەلامىڭغە.
تەجەللى پەرتەۋىدىن كۆرسەتۇر، يوقسە بۇ ئىسمائىل،
قاچان شېئر ئايغالى قۇۋۋەت تاپار روھى رەۋانىڭغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



× ×

ئەي فەئالەت خۇشكۇارۇ پۇر شەكەر قەندۇ نەبات،
شاخى ئەرئەر مىدەمەد گۇلگۇنەئى شىرىن ھەيات.
كۆرمەمىش چەشمى سىپىھرى سەن كەبى خۇرشىدنى،
شەمئىدەك رۇخسارە بەدرى ماھى شەئباندىن ئۇقات.
ئاستانىڭغە ساغىنىمىش جانۇدىل بىرلە سەفى،
تاپتى ئول ۋەقتىدە يۈزمىڭ خەۋف ئىلە غەمدىن نىجات.
كۆرسەتۇر ئەفلاك زۇلفى سۇنبۇل ئەفشاندىن خەبەر،
چۈن مەلەك شەھپەر قاقىپ رەفرەف قوپارمىش رايھات.
ھۇسنى زاتىڭدىن فەلەكدە شەئشەئە بەرقى بۇراق،
ئەي بۇراقىڭ نەئلىسى كۆز كاسەسىن قىلدى فۇرات.
سايە سالغاندەك ھۇمايۇن شاھبازى باشەسىن،
باشىم ئۆزرە ئافتابىڭدىن تۈشەر لەمئى سىفات.
شىۋەئى غەمزە ئىلە ئەيلەرسەن باغىرنى چاكۇچاك،
ئاھەنىن كىرفىك تۆكەر ئۇقنۇم جەيھۇندىن لۇغات.
كۆز ئۈچىدىن قاشى ياسى ئاتتى پەيكان ئوقلارىڭ،
دىل - جىگەرنى نىشى پەيكەردىن جەراھ ئەتمىش ئۇيات.
مەنبەئى ئادابىدىن يەنبۇئى مەھمىل قافىلە،
ھەر زەمان ئىسار ئېتەر گەردى بەيابانىدىن نەبات.
جىلۋە قىلغاندەك سەما ئۆزرە تەجەللى تا، زەمىن،
چىھرەئى ئىسمائىل ئولدى زەئفەران، قىل خۇش نەشات.

× ×

كىچە تۇتتى جەھاننى سۇبھى خۇرشىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
نېچە ئۆتتى زەمان يۈز ئانچە تەمجىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
ھەۋەس تۇتتى كۆڭۈلنى زۇلفى سەۋدايىڭ خەيالىدەك،
سەۋادۇل - ۋەجە ئولۇپ ئىشق ئىچرە تەھجىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
تەماشايى چەمەندىن مەقسەد ئولدۇك كۆز قاراغ ئوخشە،
نىگىنى لەئلىدىن تابەندە تەئكىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
سۇكۇنەت ئەيلەدىم بەيتۇل - ھەزەندە يۈز تەئەسسۇفدىن،
جەمالى يۇسۇفۇ تەبشىرۇ تەئمىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
تۇرۇپ ئەيۋانى دەۋران ئىچرە ئافىيەت پەرىشاندىن،
غەمى پەيۋەستە ئەبرۇ چەشمى ناھىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
بۇ غەفلەتلىك زەمانە ئاخىرىدە فەيزى شەمشىڭدىن،
خۇرۇشان مىغى زۇلمەت تىغى فەرشىدىڭ كۆرەرمەنمۇ؟
يېتەر ئەفلاك ئارا بادى سەبادەك ئاتەشىن ئاھىڭ،

غۇبارى خاكدىن كەيۋانىي تەتىمدىلىك كۆرەرمەنمۇ؟
چۆمۈپ غەۋۋاسدەك تۇفاندە لۈئلۈ مەقسەدى بىرلە،
بۇ يولدە مېھرىدەك رۇخسارە تەسۋىدىلىك كۆرەرمەنمۇ؟
تەجەللىدىن شىھابى نەجمى ساقىب شۇئلە سالغاندا،
نېتاك ئىسمائىل ئول ئەنۋارى تەمھىدىلىك كۆرەرمەنمۇ؟

× ×

ھەۋايى تابى رۇخىلىك لەھزە ـ لەھزە شەمئى سالۇر،
بۇ شەمئى بىلە كۆڭۈلدىن قاراڭغۇلۇقنى ئالۇر،
كۆنەش كەبى قەمەر ئەيلەر شۇئائى مېھرىگىدىن،
فۇرۇغ بىرلە بۇ ئالەم تەھەييۇر ئىچرە قالۇر.
ھۇمايى شەھپەرى تۇشتى سىپېھر تابىشىدىن،
بۇ تابىش ئىلە جەھاننىڭ كۆزىگە نۇق قادالۇر.
تۇرۇج ئاخشامى يەڭلىغ بۇراق رەفرەفدىن،
سالۇر باشىمغە تەجەللى شىھاب زىيەۋەر ئولۇر.
خەمىدە قامەتىم ئىستەر سەنەۋبەرىك نەخلىن،
رىيازى رەۋزەئى رىزۋان سەلامغە يىغىلۇر.
باغىرنى چاك قىلۇرمەن تۇزارۇ خالىڭ ئۈچۈن،
گۇل ئوخشە خەندە ئېتىپ تا رىياھى بۇي كېلۇر.
ھەۋايى دىيدەلەرىمدىن سىرىشكى ئىسمائىل،
تەجەللى لۇتف ئىلە شايەد مېنى بۇ كويغە سالۇر.

× ×

بەختۇ سەئادەتى ئەزەل گەر مەنگە بولسا يارغار،
قىلغاي ئىدىم تەھييەتىم يار كويغە بىشۇمار،
زاۋىيەئى ئىبادەتىم بولغاي ئىدى نەسىمى گۇل،
مەسجىد بورىياسالۇر ئېردى باشىمغە گۇشۋار.
ئەيشى سەفا تەرەب قىلۇر ئېردى چەمەن بېھىشت ئارا،
ئىشرەتىمە تەبەسسۇمى كەلتۈرۈر ئېردى رۇزگار.
ھەيف ئەمەس ماڭا ھەرىف ئەيلەسە زۇلم ھەم سىتەم،
تاڭلا قىيامەت ئالغۇسى زالىمى قەھرى كىردىگار.
مەھۋ بولۇر فەلەكدەكى ئەنجۇمۇ ئافتابلار،
سۇرنى ھەشىر قىلماقى ۋەقتىدە ھۇرسەدەم بەھار.

× ×

كەلدى قاشىمغە بىر كۈنى جاندىن ئەزىز مۇكەررەمىم،
سوردى تەلەتتۇف ئىلە ئول ۋەقتىدە ھالى مەھرەمىم.
سۆزلەدى نۇتقى ۋەجھىدىن كامۇدەھانۇ لەبلەرىم،
دېدى، سەلامەت ئولدى بۇ مەركەز ئارا ئۇممىدۇ بىم.

www.uyghurkitap.com

ئىشقى مەجازىدىن مەلۇل بولدى تەنى غەربى هال،
هەق تەلەبىدە جان بېرۇر ئاشىقى قۇللەئى رەمىم.
ئازەرى بۇتپەرەستدىن ئۆرگەنىپ ئەهلى چىن ئىلى،
قىلدى سەنەمنى جان ئارا ئالى ئەساكىرى كەرىم.
كۇسۇ رەهىل ئەگەر سەدا قىلسە سىپېهر ئاراسىغە،
قالغۇسى گەردى خاك ئارا مەجمەئى دوستى ئەدىم.
مەنكى ئەجەلنىڭ ئىلكىدە زەۋقى شەراب ئىچىپ تۇرۇپ،
مەستلىغىمدە كۆزلەرىم كۆردى سىراتى مۇستەقىم.
مەهۇەشى رۇزگارىمە ئىبنى خەلىل بولۇپ رەفىق،
كەئبە تامىدە راستلادى سەڭگى سىيەهنى بىجەرىم.

× ×

مېنى فىراقىدا كۆيدۇردى هىجرەتى قاراقاش،
ئەلەمدە غەمزەدە قىلدى مۇهەببەتى قارا قاش.
بەهار گۇلشەنىمە يەلپۈنۈردە بادى سەهەر،
سىتەمدە قويدى مېنى قەدرۇ قىيمەتى قارا قاش.
هەۋايى ئەنجۇمەنى ئەندەلىبۇ بۇلبۇلنى،
قەرارسىز قىلىپ ئۆلتۈردى نەكهەتى قارا قاش.
تەبەسسۇم قىلمىشۇر هۇر ئەينۇ ئىنسۇ پەرى،
ئانىڭ ئۈچۈنكى چىرايلىغدۇر ئىشرەتى قارا قاش.
تەمامى يىل ئانىڭ ئەۋسافىدىن سىفات ئولسە،
ئەداسى ئاخىر ئەمەس ئالى هىممەتى قارا قاش.
ئىلاها هەشرىدە بول ئىنتىقامىمە ۋالى،
گۇنەهسىز ئەيلەدى رەنجىدە زىينەتى قارا قاش.
ئۇمىدۇ بىم ئىلە كەلتۈردى يۈز تەمام كىشى،
قىلۇرمۇ دەپ نىگەهى چەشمى دەۋلەتى① قارا قاش.
مۇهەممەدى ئەرەبى قاب قەۋسى ئەبرۇ كەمان،
هەلاك ئېتەر هەممەنى تىيرى هەزرەتى قارا قاش



① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «غەيرەتى» دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇلغان.

# ھۈسەينىي غەزەللىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت

ھۈسەيىن بايقارا — تېمۇر نەسلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزا مەنسۇر مىرزا بايقارانىڭ ئوغلىدۇر. ھۈسەيىن بايقارا 1438 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسى تېمۇردىي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئاتىسى غىياسىددىن مەنسۇر بىلەن ئېمىلداش بولغان. ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ياشلىقىدىن تارتىپلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار بىر مەزگىل بىرگە ئوقۇغان، بىرگە تەربىيىلەنگەن.

ھۈسەيىن بايقارا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ سارايي خىزمىتىگە كىرگەن. تېمۇردىي مىرزىلىرىنىڭ ئۆزئارا تالاش - تارتىشلىرى، كۈرەشلىرى ۋە جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ شاھلىق تەختىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، 1469 - يىلى مارتتا ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ، پادىشاھ بولغان. شۇ يىل ئاپرېلدا ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەندتىن ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمەن ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي پائالىيىتىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىجابىي بولغان مۇھىم تەرەپلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىشتىراكى ۋە تەشەببۇسى بىلەن بىر نەچچە يىللار جەريانىدا مەملىكەتتە تىنچلىق (پىرىنسىپسىز ئۆزئارا فېئودال ئۇرۇشلاردىن خالىي بولغان ھالەت) مەۋجۇت بولدى. نۇرغۇنلىغان جايلار ئاۋات قىلىندى. ئىقتىساد، سودا - سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك جانلاندى. مەدەنىي ھايات تەشكىل قىلىندى. پەن، سەنئەت، ئەدەبىيات راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە مەملىكەت پايتەختى ھىرات ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شەرقتىكى داڭلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ھۈسەينىي ئىدى.

بىزگىچە ئۇنىڭ بىر دىۋانى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھەممە غەزەللىرى بىر خىل ۋەزىندە يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋال ھېچقانداق شائىردا كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى تېخىچە ئېنىقلانمىغان. ھۈسەينىي شېئىرلىرىنىڭ كۆپى ئوبرازلارنىڭ گۈزەللىكى، ئىچكى كەچۈرمىلەرنىڭ جەزىبىدارلىق بىلەن ئىپادىلىنىشى، ئۇسلۇبىنىڭ راۋانلىقى بىلەن

كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەن-لىكمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بۇ شۇ زامان ۋە شارائىتتا نىسبەتەن زور سىياسىي ۋە مە-دەنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

تومۇمەن شەرق ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋە تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ بېيىشىدا ھۈسەيىن بايقارانىڭ رولى ۋە خىزمىتى ئاز ئەمەس. بۇنى نەۋائى ئۆز ئەسەر-لىرىدە ئېتىراپ قىلغاندەك، ئۆز زامانىنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كۆپ قېتىم مۇبالىغىلەشتۈرۈپ يازغانىدى. نەۋائى «مەجالىسۇن - نەفائىس» ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا ھۈسەيىنىي ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ مەخسۇس بىر باب (8 - باب) يازغان ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن نۇرغۇن-لىغان بېيىتلارنى كەلتۈرۈپ، بەدىئىي قىممىتىنى تەرىپلىگەن.

× ×

ۋەھكى، كۆڭلۈم نالەسى ھەردەم بۇزۇلغان جان ئارا،
گويىيا بىر چۇغز ئېرۇر فەرياد ئېتەر ۋەيران ئارا،
ھۇققەئى لەئلىڭ ئاراسىدا ئېرۇرمۇ دۇر تىشىڭ،
يا ئېرۇر ئول ژالەكىم بولغاي گۇلى خەندان ئارا؟
ھەر كىشى كۆرسە پەرىلەر ئىچرە سەن كۆز مەردۇمىن،
بىر پەرىنى جىلۋە قىلغان ساغىنۇر ئىنسان ئارا.
ئانچە قان تۆكتى كۆزۈم ھەجرىڭدە، ئەي كۆز مەردۇمى،
ئەمدى كۆز ئاچسام كۆرەرمەن ئالەمىدۇر قان ئارا.
سەيل كەلسە ژالە بىرلە ئوخشاتۇرمەن ئاڭا كىم،
كۆزلەرىمنىڭ ئاقى ئاققان دىيدەئى گىريان ئارا.
ئىستەگەچ مەجرۇھ كۆڭلۈمدىن ئوقىنى، رەشكىمدىن،
تاپماسۇن دەپ ياشۇرۇپمەن سىينەئى بىريان ئارا.
ئىككى قاشىڭنىڭ خەيالى مۇتتەسىل كۆڭلۈمدەدۇر،
بىر دىلاۋەردەككى سالمىش ئىككى يا قۇربان ئارا.
ھەجر گىردابىدا غەرق ئولدۇم كەمەندى ۋەسل ئىلە
چىڭ مىنىدىكىم، قالمايىن بۇ بەھرى بىپايان ئارا.
كەلدى ئىشقىغە ئىلاج ئەتمەككە بىر كۆن پىرى ئىشق،
ئەي ھۈسەيىنىي، كۆيدى ئۇشبۇ شۇئلەئى سوزان ئارا.

× ×

ئوتقا ياقغىل سەرۋنى ئول قەددى رەئنا بولماسا،
يەلگە بەرگىل گۇلنى ئول رۇخسارى زىيبا بولماسا.
سەرۋ بىرلە گۇل تەماشاسىغە مەيلىم يوقتۇرۇر،
باغ ئارا ئول سەرۋى گۇلرۇخدىن تەماشا بولماسا.
نېگە سەفلەر چەكتى مىژگانىدىن، ئەگەر جان مۇلكىغە،
كۆزلەرىڭنىڭ مەيلى ھەر دەم قەتلۇ يەغما بولماسا.

بولماغاي ئىردى جۇنۇن دەشتىدە سەرگەردانلىغىم،
زۇلفى پىچۇ تابىدىن باشىمدا سەۋدا بولماسا.
گەۋھەرى مەقسۇد تاپماق مۈمكىن ئىرمەس، ئەي كۆڭۈل،
كۆز ياشىڭ تاۋەسل ئۈممىدى بىرلە دەريا بولماسا!
ساقىيا، مەي تۇتكى ھەجر ئەندۇھىدىن بولمان خەلاس،
ھەر دەم ئىلكىمدە لەبا ـ لەب جامى سەھبا بولماسا.
ئەي ھۇسەينىمي، بادە ئىچسەم يار ئىلىدىن تەگدۇرۇر،
بولسا ئابى خىزرۇ ئۆمرى جاۋىدان يا بولماسا.

× ×

بولدى گۈل ۋەقتىيۇ مەن دەردۇ غەمىگە مۇبتەلا،
ئىشق ئوتىدىن لالەدەك باغرىمدا يۈز داغى بەلا.
ھالى زارىن سەن كەبى سۇلتاندىن ئايرۇ تۇشكەلى،
ياپراق ئىرمەس گۈلدەكىم يۈزتىل بىلە ئەيلەر ئەدا.
مەن بىلۇر ئىردىمكى، يوقتۇر ئىنتىھا ئىشقىمدا ھىچ،
تا گۈلى ۋەسلىڭ بىلە قىلدىم مۇھەببەت ئىبتىدا.
لالەدەك مەي جامىنى تۇتغىل غەنىمەت گۈل چاغى،
خاسەئىكىم ئىشرەت ئۆردى بۇلبۇلى بىدىل سەدا.
گەر ھۇسەينىمي تاپمادى بەرگى جەمالىڭ باغىدىن،
بۇ چەمەندە، ئەي گۈلى نەۋرەس، ساڭا بولسۇن بەقا.

× ×

تا تۇشۇپتۇرمەن سىرىشكىم بەھرىدىن گىردابىدا،
زۇلفىدەك سەرگەشتە جىسمىم بولدى پىچۇتابىدا.
تا ئىكى قاشىڭ سارى مايىل ئىرۇر سوزان كۆڭۈل،
ئۆيلەدۇركىم، شىشەئى شەمئ ئاسىلۇر مىھرابىدا.
تەرلەگەن مەھۋەش يۈزۈڭنىڭ ئۆيلە لۇتفى باركىم،
كۆرمەدۈك ئول خوبلۇق ھەرگىز گۈلى سىيرابىدا.
لەئل ئىرۇر ئىككى لەبىڭ سۆز رىشتەسىن ئۆتكۈزگەلى،
ھۇقفت ئىرۇر ئاغزىڭكى، زاھىر بولدى لەئلى نابىدا.
زۇلفىدىن لەئلىڭ سىرى خالىڭدۇر ئوغرى ھىندۇيى
كىم شەكەر ئىستەر ئوغرىلىق ئەيلەگەي مەھتابىدا.
جان بىرىپ ئەبنايى دەۋراندىن ۋەفا كۆز تۇتماكىم،
يوقتۇرۇر بۇ شىيۋە نى مەھبۇبۇ نى ئەھبابىدا.
ئەي ھۇسەينىمي، جان بىرۇر تۇزگەچ مۇغەننى شەددى رۇھ،
رۇھى قۇدسىي فەيز ياشۇرمىش مەگەر مىزرابىدا.

www.uyghurkitap.com

× ×

زەررە يەڭلىغ ئەيىب ئەمەس كۆڭلۈمگە تۈشسە ئىزتىرابە،
مېھرى رۇخسارىغە چۈن ھەرلەھزە كۆزگۈرۈر ھىجاب.
كۆڭلەكى گۈلگۈنمۇدۇر ياگۈل يۈزىنىڭ ئەكسىدۇر،
يا قۇياشنىڭ تابىدىن گەردۇن ئۆزە كۆيمىش سەھاب.
تامىسا باغرىم قانى ئوقىدىن، چىقار كۆڭلۈمدىن ئاھ،
دۇد ئولۇر چۈن قانىنى ئوت ئۆزرە تامىزسا كەباب.
رىشتەئى جانىم ئوزالۇر زۇلفى سارى مەيل ئېتىپ،
گەرچە كۆپرەك قىسقارۇر ھەر نەچچە رىشتە تاپسا تاب.
ئايتسام، ئەي ئۆمر، بارۇردا شىتابىڭ نې ئىدى،
ناز ئىلە دەركىم: ئەجەب يوق ئۆمر ئىشى بولماق شىتاب.
ساقىيا، ھىجران خەراب ئەتمىش مېنى، تولدۇر قەدەھ،
چۈن خەراب ئولماق كېرەك بارى بولاي مەستى خەراب.
ئەي ھۇسەينىي، ئۆيلەكىم ۋەسل ئولدى جەننەت، دوستى ھۇر،
ھەجرى ھەم دەۋزەخدۇرۇر شەۋق ئوتىدىن ئاندا ئەزاب.

× ×

قايسى جەننەت سەبزەسى خەتتى نەمۇدارىچە بار،
يا مەسىھا نۇتقى ئول لەئلى شەكەر بارىچە بار.
ناسىھا، جەننەت ئۈممىدى بىرلە بارمەن كويىدىن،
كىم مەنى مەھزۇنغە يۈز فىردەۋس گۈلزارىچە بار.
ئابى ھەيۋان گەر رەۋانۇ رۇھ پەرۋەردۇر مەسىھە،
نې ئو رەفتارىيۇ ئول جانبەخش گۇفتارىچە بار.
ئەي مۇسەۋۋىر، نەچچە رەڭ ئامىزلىقدا قايسى رەڭ،
لەئلىنىڭ شىنگەرفى ياخۇد خەتتى زەڭگارىچە بار.
دېسە بولغايكىم نەزەر فەننىنى بىلمەس زەررەئى،
كىمكى ئايىنى دەر ئانىڭ خۇرشىدى رۇخسارىچە بار.
بۆزما ئاشىق كۆڭلىنى، بىللاھكى، ئىشق ئەتۋارىدا،
ھېچ جۇرم ئەھلى مۇھەببەت كۆڭلى ئازارىچە بار.
ئىشق ئارا مەجنۇن ھۇسەينىي بىرلە قىلماس بەھسكىم،
نې ئۆزى بار ئانچە، نې يارى ئانىڭ يارىچە بار.

× ×

شۈكرىللاھكىم، جەمالىڭدىن كۆزۈم رەۋشەندۇرۇر،
خەستە كۆڭلۈمگە ۋىسالىڭ گۈلبۈنى مەسكەندۇرۇر.
ئوتلۇغ ئاھىمدىنكى ھەجرىڭ ئىچرە چەكتىم شۇئلەلەر،
شەمئى ئىقبالىم بۇ كۈن ئول شۇئلەدىن رەۋشەندۇرۇر.

دۇرفىشان كۆزۈم جەمالىڭ جەۋھەرىنىڭ ئەكسىدىن،
گەر بۇرۇن دۇرجى گۆھەر ئېردى بۇ كۈن مەھزۇندۇرۇر.
نە ئۈچۈن گۈلدەك ئاچىلماي بەزمى ئىشرەت ئىچرەكىم،
مەجلىسىم شەمئى بۇ كۈن ئول سەرۋى سىيمەن تەندۇرۇر.
ئەشك ئىلە ئىشرەت گۈلىن ئاچتىڭ يەنە ئىشىق ئىلكىدىن،
ئەي ھۇسەينىي، ساڭا يۈز تەھسىنۇ مىڭ ئەھسەندۇرۇر.

× ×

گۈل يۈزى ئەتراپىدا ئول لالەئى ئەسفەرمۇدۇر؟
يانىدا زۇلفىمۇدۇر ياكاكۈلى ئەنبەرمۇدۇر؟
لالەئى ئەسفەرمۇ دەي ئول ئاي يۈزىنىڭ دەۋرىدە،
يا قەمەر دەۋرىدە كۆرگۈزگەن ئۆزىن ئەختەرمۇدۇر؟
لەئلىدىنمۇ ھەر زەمان زاھىر بولۇر شىرىن سۆزى،
يوقسە گۈل ياپراغىدىن بولغاي ئايان شەككەرمۇدۇر؟
ئارەز ئۆزرە ھەر تەرەفمۇ كۆز ئاچىپسەن ناز ئىلە،
يا ئاچىلغان ھەر سارى گۈلزار ئارا ئەبھەرمۇدۇر؟
دەھر ئىچىگە ئافەتى تۈشمىش، قىيامەت بولدىمۇ؟
ياكى چىققان بەزمىدىن مەست ئول پەرى پەيكەرمۇدۇر؟
لەئلى مەيدىن جان تاپىپمەن، ساقىيا شەرھ ئەيلەسەم،
بادە قۇتى رۇھدۇر يا ئۆزگەچە جەۋھەرمۇدۇر؟
ئەي ھۇسەينىي، بارچە ئۇششاق ئىچرە سەن-سەن بىنەۋا،
ھالىڭە ناسازلىقلار قىلغان ئول كافەرمۇدۇر؟

× ×

قان كۆرۈپ ئەشكىمنى كۆڭلۈم نالەسىنى سورماڭىز،
چاك ئولۇپ كۆكسۈم جىگەر پەركالەسىنى سورماڭىز.
ئەزم ئېتىپ ئول غۇنچەئى خەندان ئەدەم گۈلزارىغە،
يۈز سارى ئاچقان سىرىشكىم لالەسىنى سورماڭىز.
چۈنكى باردى ياشىم ئەمدى كۆز ئاقىدىن قەترەلەر،
تامغانىن ھەر يان كۆرۈپ غەم ژالەسىنى سورماڭىز.
تىيرە كۆڭلۈمدە يۈزىن، كۆزۈمدە دەردىن كۆرگەن ئەل،
غەم تۈنىدە ئاي مىھنەت ھالەسىنى سورماڭىز.
ھەجرىدە كۆرگەن ھۇسەينىينىڭ فىغانىن، دوستلار،
يۇسۇف ئۈچۈن پىرى كەنئان نالەسىنى سورماڭىز.

× ×

بەئدەزىن، ئەي ھۇسن ئەھلى، ئەلنى شەيدا قىلماڭىز،
بىۋەفالىق ئەيلەبان ئالەمگە رەسۋا قىلماڭىز.

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاڭ، ئەي ئەھلى ۋەفا، گەر ئۆلسەڭىز تارتىپ جەفا،
بىۋەفالاردىن ۋەفا رەسمىن تەمەننا قىلماڭىز.
مەن ئەسىرى ئىشقمەن، غەۋغا نېدۇر ئۇششاق ئارا،
ئەي رەفىقى پەندگو، ئايتىشلىكى غەۋغا قىلماڭىز.
مەن ئۆلەر ھالەتتىمەن، ئەي يار كويى ئىتلارى،
ئەيلەمەڭ غەۋغا، مېنىڭ سىررىمنى ئىفشا قىلماڭىز.
ئوت تۇشۇپدۇر دەشت ئۆزە ئاھىمدىن، ئەي ئەھلى تەرەب،
لالەزار ئەيلەپ تەسەۋۋۇر ئەزمى سەھرا قىلماڭىز.
سىررىن ئەلگە ئاشكار ئەيلەپ كىشىگە ئىشق ئارا،
زىنھار ئۆز سىررىڭىزنى ئاشكارا قىلماڭىز.
بىر نەفەس جانان بىلەن تاپمىش ھۇسەينىي خىلۋەتى،
بارىڭ، ئەي جانۇ كۆڭۈل، بىردەم ئەلالا قىلماڭىز.

× ×

ۋەھ، نە ھالەتدۇركى مەن ھەر نەچچە كۆرگۈزسەم نىياز،
ئەي مەھى بەد مېھر، سەندىن زاھىر ئولماس غەيرى ناز.
كىمگەكىم بەردىم كۆڭۈل، ۋەھ، دۇشمەنى جاندۇر ماڭا،
بولماسۇن ھېچكىمگە مەندەك ئىشق ئارا سوزۇ گۇداز،
تالىشىم زەئفىمدىن ئولغاي قاچماغىڭ مەن تەلبەدىن،
يوق ئېسە نېگە پەرى مەجنۇندىن ئەيلەر ئېھتىراز.
يوقتۇرۇر ئىشق ئەھلى ئىچرەمەن كەبى رەسۋا يانە،
كۆرگۈزۈپ كۆپ مېھر يارىغا، ۋەفاسىن كۆرگەن ئاز.
نېچەكىم كۆردۈڭ جەفا مېھرىڭنى ئەفزۇن ئەيلەدىڭ،
ئەي ھۇسەينىي، يوقتۇرۇر ئالەمدە سەندەك ئىشقباز.

× ×

ۋەھكى، ئىشقىڭدىن جەھان ئىچرە فىغانىمدۇر مېنىڭ.
بارچە كويۇ كوچەدە بۇ داستانىمدۇر مېنىڭ.
رەئدۇ بەرق ئېرمەس بۇلۇت ئىچرە كۆرۈنگەن ھەر تەرەف،
بىر قۇياش ھىجرانىدا ئوتلۇق فىغانىمدۇر مېنىڭ.
خەلق داغى ئاشكارا بولسا نەسۇد، ئەي كۆڭۈل،
ئولكى يەتمەي قالغۇچى داغى نىھانىمدۇر مېنىڭ.
جىسمىم ئارا بۇ خەستە جاندىن كەلمەگىل ھەر دەم بەتەڭ،
كىم بىر-ئىككى كۈن بۇ ئۆيدە مېھمانىمدۇر مېنىڭ.
ئۆمر ئۆچۈن قىلسام دۇئاسىن، قىلماغىل يارەب قەبۇل،
چۈن ھەياتىم ئىستەمەس شۇخىكى جانىمدۇر مېنىڭ.
خۇن فىشان كۆزۈمدە قەددىڭنىڭ خەيالى بۇتكەلى،

جۇيبار ئەتراپىدا سەرۋى رەۋانىمدۇر مېنىڭ.
ئاھى خۇنابىمىنى لەھنى بارە ئەيلەپدۇر گۇمان،
ئول جەفاچى ئەھدى يالغان بەدگۇمانىمدۇر مېنىڭ.
ياردىن جۇز ياخشىلىق كەلمەس ۋە لېكىن ئالىدا،
زۇلمىغە بائىس كۆڭۈل ئاتلىغ ياماننىمدۇر مېنىڭ.
گەر كۆڭۈلسىزلىكىدىن ئۆلسەم ئەيب قىلمە، ئەي ھۇسەين،
ۋەھ نېتەي، بەرمەس كۆڭۈلكىم دىلىستانىمدۇر مېنىڭ.

× ×

نېتتى بىر باقماق ئىلە كۆڭلۈمنى خۇرسەند ئەيلەگىل،
ھەجر تارىن بىر زەمان ۋەسلىڭغە پەيۋەند ئەيلەگىل.
ئۆچماسۇن ھۇركۇنچىلىك كۆڭلۈم قۇشى ۋەھ-ۋەھ ئانى،
دانەئى خالۇ كەمەندى زۇلف ئىلە بەند ئەيلەگىل.
بىر ئاچىغ سۆز بىرلە جانىمنى قىلىپسەن تەلخكام،
خەستە جانىمنىڭ ئىلاجى بىر شەكەر خەند ئەيلەگىل.
يا رەب، ئول يۈزنى يىراق سالما كۆزۈمدىن، يا ئاڭا
مۇنچە گۆللاركىم ئاچىلمىش، بىرنى مانەند ئەيلەگىل.
يار جەۋرىدىن ۋەفا ئۈستىگە كەلمىش، ئەي كۆڭۈل،
قىلماسۇن دەپ ئۆزگە ئانى ئەھدۇ سەۋگەند ئەيلەگىل.
تەلبەرەپ قالغان كۆڭۈل رەھم ئەيلەمەس پەندىمنى ھىچ،
ئانى لۇتف ئەيلەپ، تەبىبا، قابىلى پەند ئەيلەگىل.
ئەي ھۇسەينىي، گەر ئۆزۈلسە كۆڭلۈڭ ئول مەھپارىدىن،
ئانى تىغى قەتل ئىلە پەركەندۇ پەركەند ئەيلەگىل.

× ×

مەن ھىلال ئولدۇم غەمىڭدىن، سەن قۇياشسەن، ئەي سەنەم،
يوق ئەجەب گەر بولسا، مەندىن كەملىكۇ سەندىن كەرەم.
باغ ئارا خاشاك ئەلدىن ھەر تەرەپ مەيل ئەيلەسە،
سايەسىنى ئەيلەمەس باشىدىن ئانى سەرۋ كەم.
چۇن غەمۇ فەريادۇ ئەفغانى ئېرۇر گۇل شەۋقىدىن،
ھەرنىھال ئۆزرە ئەگەر بۇلبۇل نەۋا تارتار نەغەم.
ھەر قايان سەير ئەتسە پەرۋانە شەبىستان سەھنىدە،
يار بۇ رەۋشەنكىم، چېكەر شەمئ ئوتى كۆڭلىدىن ئەلەم.
كۆزۇ زۇلفۇڭ بىرلە ئاغزىڭ سىررىن ئىلتۇر جان ئارا،
گەر ھۇسەينىي دەردى ئىشقىڭ يولىدا بولسا ئەدەم.

× ×

زۇلفى ئىچرە گۇل، گۇل ئىچرە لەئلى خەندانىدۇر نىھان،
تۈندە مېھرۇ مېھر ئارا سەر چەشمەئى جاندۇر نىھان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىيرە كۆڭلۈم ئىچرە جانپەرۋەر لەبىلىك پىنهانلىقى،
زۇلمەت ئىچرە ئول سىفەتكىم ئابى ھەيۋاندۇر نىهان.
غۇنچە ئىچرە ئۇيلەكىم ھەريان نىهان بولغاي تىكەن،
ھەجىر ئوقىدىن كۆڭلۈم ئىچرە ئانچە پەيكاندۇر نىهان.
ئەھلى دىن ئىچرە، مۇسۇلمانلار، نىتىپ پەيدا بولاي،
كىم بۇزۇق كۆڭلۈم ئارا بىر نامۇسۇلماندۇر نىهان.
سورما، سوزى بىرلە ئەفغانىڭ قايان پىنهان ئېرۇر؟
جانىم ئىچرە سوزى، كۆڭلۈم ئىچرە ئەفغاندۇر نىهان.
دەۋر ئاياغىن، ساقىيا، بىردەم ئىلىكىدىن سالماكىم،
كۆڭلۈم ئىچرە بىر نەچە ئەندۇھى دەۋراندۇر نىهان.
گەر ھۇسەيىنىي ئىيدگاھدا ئاھ چەكتى شۇكرىكىم،
غەيرىدىن دۇد ئىچرە ئول خۇرشىدى رەخشاندۇر نىهان.

× ×

ئىشىق ئارا ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ شەيدا بولماسۇن،
بولسا ھەم ۋەھ مەن كەبى مەھجۇرى رەسۋا بولماسۇن.
ھېچ كىشى ئىشىق ئىچرە مەندەك بولماسۇن كۆڭلى شىكەست،
ئەھلى ھۇسىن ئىچرە سېنىڭدەك كۆڭلى خارا بولماسۇن.
جەۋرۇ بىدادىنى مۇھلىك ئىستەرەم جانىمغەكىم،
ھېچكىمگە ئىشقى ئول ئايىنىڭ تەمەننا بولماسۇن.
ھەرزەمان كۆرمەككە ئول ئارەزنى يوقتۇر تاقەتىم،
ئىشىق ئارا ھېچكىم مېنىڭدەك ناشكىبا بولماسۇن.
خەستە كۆڭلۈم رەشكىدىن بىھالمەن ئول كوي ئارا،
ئايتىڭىز مەن ئاندا ئېركەن چاغدا پەيدا بولماسۇن.
كويىدا شەيدا كۆڭۈل فەرياد قىلما بەئەزىن،
كېچە يۇ كۈندۈز ئۇيۇر ۋەقتىمدە غەۋغا بولماسۇن.
يار مۇستەغنىدۇر ئانداقكىم، قاشىدا تەگدۇرۇر،
گەر ھۇسەيىنىي بولسا ئانىڭ ئاللىدە يا بولماسۇن.

× ×

سېنى كۆرگەچ دەر ئىدىم چىققاي فىغان جانىدىن بۇرۇن،
چىقماسۇن دەپ رەشكىدىن جان چىقتى ئەفغانىدىن بۇرۇن.
نامەئى شەۋقىن تاشىغە يازماسام ئاتىن، نە ئەيب؟
ئەل كۆزى تۇشمەس چۇ مەزمۇنىغە ئۇنۋانىدىن بۇرۇن.
ئەۋۋەل ئول يۈز جىلۋە قىلدى، سۇڭرە زاھىر بولدى خەت،
گۈل زۇھۇرىدىن، ئەي كۆڭۈلكىم، كۆردى رەيھانىدىن بۇرۇن.
سورماغىمغا گاھ كېلۇر ئول ئاي خەدەڭگىن چەكمەگىز،

چىقماغاي جان تاكى ئول كەلگۈنچە پەيكاندىن بۇرۇن.
ۋەھ نە ھالەتدۇركى، يۈز شەمشاد قەد چىقسا پەرى،
ئۆچراماس كۆزۈمگە ئول سەرۋى خىرامانىدىن بۇرۇن.
رەھم قىلكىم، بار ئىكەندۇر ئاشىقۇ مەئىشۇقى ھەم،
مەن گەدايى دەھرۇ سەن ئاشۇبى دەۋراندىن بۇرۇن.
دىمەكىم ئىشقى ئەزەلدىن قىسمەت ئولمىش جانىمە،
ئەي ھۇسەينىي بۇ نەسىب ئولمىش ساڭا ئاندىن بۇرۇن.

× ×

ئەي ۋىسالىڭ خەستە كۆڭلۈم مەھرەمى ئارامىجان،
ئۆلمەدىم ھىجران ئىلىدىن مەن، قاتىق جانلىق يامان.
دەرد ئىلە ھەردەم ساچارمەن لەئلىنى ئەشك ئورنىغە،
ئىككى ئالەم ئىچرە يوقدۇر كۆزلەرىمدەك بەھرۇ كان.
گەر فىراقىڭ مىھنەتى بۇدۇر مەنى بىچارەغە،
تاپماغايسەن بۇ مەنى دىلخەستەدىن نامۇ نىشان.
ھەر قاچان چىقساڭ خىرامان قەددۇ ئاغزىڭنى كۆرۈپ،
ئاھ بىرلە تەڭ چىقار ئولدەم بەدەندىن ئۆشبۇجان.
ئاقىبەت بىر كۈن ھۇسەينىينى جەفا تىغى بىلە،
«قەتل قىلغۇمدۇر» دىدىڭ، ئەي دوست، بىسمىللاھ رەۋان.

× ×

ئەي سىنىڭ جادۇ كۆزۈڭ سەرفىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە كۆڭلۈمگە ھەياتى جاۋىدان.
ئەي قۇياش يۈزلۈك سەنەم، ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەيلەكىم،
يەتتى كۆككە ھەر نەفەس ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان.
ئەل ئاراسىدا نىچە سىررىمنى پىنھان ساقلادىم،
بۇ سارىغ يۈز ئاشكارا ئەيلەدى سىررى نىھان.
گەر خەيالىڭ بولسە مىھمان كۆڭلۈم ئۆيۈندە دەمى،
ئەيلەگەي يۈز سارى ھەردەم كۆزلەرىم گەۋھەر فىشان.
دىدىم: «ئەي جان، دەردىمە ۋەسلىڭ بىلە بىر چارە قىل،»
كۈلۈپ ئايتۇر: «ئەي ھۇسەينىي، تۇتما مەندىن بۇگۇمان».

× ×

ئول قۇياشكىم ئاي يۈزۈڭنىڭ دەۋرىدە قىلمىش قىران،
بارچە مەھۋەشلەر ئاراسىندا ئىرۇر ساھىبقىران.
مۇئجىزىدۇر كەھكەشان، ئەنجۇمدۇر ئانىڭ ئىنجۇسى،
كۆرمەدى يۈز كۆز بىلە گەردۇن مىنىڭدەك بىر قىران.
ئىنجۇدىن ئول شاھدۇركىم ئەيلەدى پامال ئانى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يا سۇرەييادۇر ئاياغىن ئۇپكەلى كەلمىش رەۋان.
گۇل يۇزۇڭ دەۋرىدە تۇزگەن ئىنجۇلار ئېرمەسكى بارە
قەترە گۇللار ياپراغى ئۇستىدە شەبنەمدىن ئەيان.
بار ئىكەن ئول مەھجەبىن يۇزىندە تەرنىڭ قەترەسى،
يا قەمەر ئەتراپىدا كۆرگۈزدى ئەنجۇمدىن نىشان.
كۆرگەچ ئول مەھۋەش قىرانىن كۆزلەرىم تۆكتى سىرىشك،
بارماغىن بوغماق ئەجەپ، ئاي هالە باغلانغان زەمان.
ئەي هۇسەينىي، يەتتە كەۋكەبدە تەمەننا باركىم،
تەۋرەگۈچى باشىدا تۇتغايلار ئىنجۇدەك مەكان.

× ×

خەتتىنىڭ تارى تۇشۇپتۇر لەئلى مەيگۇن ئۇستىنە،
ئۇيلەكىم جان رىشتەسى بىر قەترەئى خۇن ئۇستىنە.
ئىشلارى ئۇستىدە هەركىم لەئلىنى كۆرگەچ دىدى،
بەرگى گۇلدۇركىم تۇشۇپتۇر دۇررى مەكنۇن ئۇستىنە.
خالىنىڭ هەردەم خەيالى تەلبە كۆڭلۇمدە ئېرۇر،
زاغلار ئانداغكى غەۋغا قىلدى مەجنۇن ئۇستىنە.
ئايتغاي سەرۋ ئۆزرە گۇل پەيۋەند قىلمىش باغبان،
كىمكى كۆرسە ئارەزىڭ ئول قەددى مەۋزۇن ئۇستىنە.
ياگى ئايىنىڭ سەمەندى نەئلىدىن كەلدى نىشان،
ئول قۇياش رەخشان مەگەر سەكرەتتى گەردۇن ئۇستىنە.
مەيگە خىرقەم رەهنۇ مەن مەخمۇر، نەتتى مەيپۇرۇش،
يانە بىر پەيمانە هەم بەرسەڭ بۇ مەرهۇن ئۇستىنە.
سەيلى ئەشك ئىچرە، هۇسەينىي، چۇن كۆرۇنمەس ئىستەسەڭ،
كىم كۆرۇنگەي تۇشسە بىر خاشاك جەيهۇن ئۇستىنە.

× ×

نۇقتەئى خالىڭ ئەجەب ئول لەئلى خەندان ئۇستىنە،
كىم بولۇر بىر قەترە دائىم ئابى هەيۋان ئۇستىنە.
هەجرىڭ ئوقى تا ئىكىلمىش كۆڭلۇمە، ئەي قاشى يا،
لەئلگۇن ئەشكىمگە ئوخشار خارى مىژگان ئۇستىنە.
ناۋەكىڭغە باقكى داغى هەسرەتىمدىندۇر نىشان،
جەۋهەرىكىم كۆرۇنەر پولاد پەيكان ئۇستىنە.
ئەي سەبا، قانلىق كۆزۇمگە كويىدىن يەتكۇر غۇبار،
رەسم ئېرۇر تۇپراق تۆكمەك دائىما قان ئۇستىنە.
ئىشق ئىغىدىن بۇزۇغ كۆڭلۇمدە ئېردى چاكلار،
ۋەهكى بولدى هەر سارى ئول داغى هىجران ئۇستىنە.

لەئلى سىيرابىڭ غەمىدىن ناتەۋان جىسمىم ئارا،
مىسلى خاشاكىكى تۇشكەي ئابى ھەيۋان ئۈستىنە.
ئەي ھۇسەينىي، يار كەلگەچ نەقدى جان ئەيلەر نىسار،
ئەل ساچىق ساچقان كەبى دىلخاھ مىھمان ئۈستىنە.

× ×

ئول زۇمۇرەد خەتكى چىقمىش لەئلى خەندان ئۈستىنە،
سەبزەئىدۇركىم تۇشۇپتۇر ئابى ھەيۋان ئۈستىنە.
بۇرقەئىن ئالغاچ قەدۇ رۇخسارىدىن قالدىم ئەجەب،
گۈل ئاچىلماغ تۇرفەدۇر سەرۋى خىرامان ئۈستىنە.
زەئفىم ئانداقتۇركى بىر-بىردىن تۆكۈلگەي پەيكەرىم،
قونسا قۇش ناگاھ مىنى مەجنۇنى ئۇريان ئۈستىنە.
ھەجر ئوتىدىن بىر شەرەر ئالەمنى ئۆرتەر، ئەي تەبىب،
مەرھەمىڭ نە نەفئى قىلغاي داغى ھىجران ئۈستىنە.
شەك ئەمەسكىم سەيردىن قالغاي تەھەررۇك ئەيلەمەي،
قويسەلەر ناگاھ غەمىمنى چەرخى گەردۇن ئۈستىنە.
چەرخ زۇلمىدىن بۇزۇغ جىسمىم ئىرۇر يەر بىرلە تەڭ،
ۋەھ، بەلا تاشى نەچە ياغقاي بۇ ۋەيران ئۈستىنە.
چۇن ھۇسەينىي، يۇز ئاياغ خۇناب كۆزىدىن تۆكەر،
سەن داغى يەتكۇر ئاياغ بۇ چەشمى گىريان ئۈستىنە.

× ×

ئاھكىم، بولدۇم يەنە ئىشق ئىچرە شەيدا ئۆزگەچە،
ئەقلى ھۇشۇمدىن جۇدا، خەلق ئىچرە رەسۋا ئۆزگەچە.
ۋەھىم ئېتەر ئىردىم بەلايى ھەجردىن يۈز ۋايكىم،
جانىمە تۇرلۇك بەلالار بولدى پەيدا ئۆزگەچە.
ھۇشۇ ئەقلىم تاپتىلار تاراجكىم، ئىشقۇ فىراق،
سالدى كۆڭلۈم كىشۋەرى مۇلكىگە يەغما ئۆزگەچە.
بولسە ھالىم ئۆزگەچە ئەيب ئەتمەگىز، ئەي دوستلار،
كىم تۇشۇپتۇر دىلبەرىم باشىغە سەۋدا ئۆزگەچە.
يار بولسە ئۆزگەچە، ۋەھ، ئىختىيارى باردۇرۇر،
بولماغۇمدۇر مەن ۋەفا بابىدا قەتئا ئۆزگەچە.
بۇ چەمەن رەئنالارىنىڭ جىلۋەسى بىر نەۋئ ئەمەس،
ھەم گۈل ئەيلەر ئۆزگەچە، ھەم سەرۋى رەئنا ئۆزگەچە.
ئەي ھۇسەينىي، ئافىيەت كويىدا مەسكەن تاپماغۇڭ،
ئۆزنى بۇ ئاشۇفتەلىقدىن قىلماغۇڭ تا ئۆزگەچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، سەرۋى رەۋانىم باردىلا،
سەبرۇ ھۇشۇم مۈلكىدىن ئارامى جانىم باردىلا.
رىشتەئى جانىم بىلە ۋەسلى ئانىڭ پەيۋەند ئىدى،
جاۋىدان فۇرقەت كېلىپ پەيۋەندى جانىم باردىلا.
كىم بىلە ئەنگىزى مېھر ئەتكەيمەن ئەمدى، ئەي كۆڭۈل،
چۈنكى مېھرەنگىز ئوتلۇغ مېھرىبانىم باردىلا.
سورما جانىم ھالىدىن، داغى جەھان ئىقبالىدىن،
ئەي رەفىقى مېھرىبان، جانۇ جەھانىم باردىلا.
ناتەۋان بولسام غەرىب ئېرمەس ئانىڭ ھىجرانىدىن،
نە ئۈچۈنكىم ئول غەرىبى ناتەۋانىم باردىلا.
گەرچە ئىستەپ تاپمادىم لېكىن كۆزۈمدىن بارغالى،
ئانى ئىستەپ يۈز سارى ئەشكى رەۋانىم باردىلا.
ئەي ھۇسەينىي، ھەجرىدە تاپسام ھەلاكى جاۋىدان،
قىلماغىل ھەيرەت ھەياتى جاۋىدانىم باردىلا.

× ×

ھۇسن ئىلە سەن كامىلۇ شىرىنۇ لەيلى شۇھرەتى،
ئىشق ئارا مەن زار ئولۇپ، فەرھادۇ مەجنۇن تۇھمەتى.
ئافىيەت چاغى فەراغەت ساغىنۇر ئېردى كۆڭۈل،
ئىشق ئارا بەلگۈردى، ۋەھ ـ ۋەھ ئول فەراغەت مىھنەتى.
ئىشق تىغىدىن تەنىمدە يۈزتۈمەن داغى ئەلەم،
بىر گەدا يەڭلىغكى تۈش ـ تۈشدىن كېسىلمىش كىسۋەتى.
ئاھ ئوتى ئۆرتەپ تەنىم ئىشقىڭدا پىچۇتاب ئىلە،
ئول سەبەبدىن بولدى گويا بەرق يەڭلىغ ھەيئەتى.
ئىشقىدا جانىمنى ئال، جىسمىمنى كۆيدۈر، ئەي ئەجەل،
يەلگە ساۋۇرغىلكى ئىشق ئەھلىنىڭ ئولسۇن ئىبرەتى.
ئەي ھۇسەينىي، دەرئىدىم ئىشقىڭنى پىنھان ساقلامەن،
بىلمەدىمكىم، ئەيلەمىش، كۆز ياشى ئالەم شۇھرەتى.

× ×

ئىشقىڭ ئوتى جىسمۇ جانى ناتەۋانىم ئۆرتەدى،
تۇرفە ئوت ئېردىكى پەيداۋۇ نىھانىم ئۆرتەدى.
روزىگارىم ئەيلەدى خالىڭ سەۋادىدەك قارا،
روزىگارىم خود نە بولغاي خانۇمانىم ئۆرتەدى.
سورسەلەر ئەھباب كۆڭلۈم كۆيگەنىن ئايت، ئەي سەبا،
كىم، ئانى بىر خۇر دە ماھى خۇردەدانىم ئۆرتەدى.

ئوتلۇغ ئەھۋالىمنى كۆرگەن خەلق كۆيدى سەربەسەر،
كۆرمەگەننى ھەم ئىشىتكەن داستانىم ئۆرتەدى.
ئىچەكىم ۋەسلى نىھالىن جان ئارا ئەكتى كۆڭۈل،
ھەجر ئوتى بىرلە ئانى سەرۋى رەۋانىم ئۆرتەدى.
يەتتى كۆككىم، زاھىر ئەيلەر جىسمىمدا گۈل رەڭگىنى،
ئەي ھۇسەينى، بارچەسىن ئوتلۇغ فىغانىم ئۆرتەدى.

× ×

غەم يىمە مەجنۇن كۆڭۈلكىم، دىلرەبايىڭ كەلگۈسى،
بەزمى ئەيشىڭ تۈزگۈچى ئىشرەت فەزايىڭ كەلگۈسى.
ئەيلەگىل پەرۋاز، ئەي شەھبازى قىممەتكىم، بۇ كۈن،
تايىرى قۇدس ئاشيانىدا ھۇمايىڭ كەلگۈسى.
تىيرە شاھى ھەجرىدە كۆپ قالما تاڭكىم، مىھر، ئىلە،
سۇبھى دەۋلەتدەك چىقىپ تابەندە ئايىڭ كەلگۈسى.
غەم يىمە لەب تەشنە ھىجران دەشتىدە ھەيران قالىپ،
كىم زۇلالى ۋەسل ئىچەرگە رەھنەمايىڭ كەلگۈسى.
ئەي ھۇسەينى، قىلماغىل ئىشرەت نەۋاسىنكىم، بۇ كۈن،
كىم گۈلىستانى نىشاتىڭدا نەۋائىڭ كەلگۈسى.

× ×

ئىشقىم ئوتىدىن كىلىپ، مەجنۇن بىر ئۇچقۇن ئىستەدى،
ئال، دىدىم سۇنغاچ ئىلىك، باشدىن ـ ئاياغىن ئۆرتەدى.
چۇن ئىشىتتى ۋامىقۇ فەرھاد، مەجنۇن كۆيگەنىن،
كىلىبان كۆرگەچ ئىكەۋ ھەسرەت ئالاردا چۇركەدى.
قالمادى ئول ياركويىندا يىرى قان بولماغان،
ئىتلارى مەجرۇھ جىسمىمنى چۇ ھەريان سۆدرەدى.
خەستە كۆڭلۈم ئىلماغىلكىم، قالمادى ئىمغى ئانىڭ،
گەرچە ھىجران قۇشلارىغا بىر ـ بىر ئانى توغرادى.
ني غەمىڭ چىقتىيۇ نە ئەغيار مىھرى تاپتى يول،
ناۋەكىڭ پەيكانى تا كۆڭلۈم شىكافىن تۆكرەدى.

## مۇخەممەسلەر

ئولكى جانىم گۈلشەنىدە بار ئىدى خۇررەم بەھار،
ئەيلەر ئىردى غۇنچەئى خەندانىدىن گەۋھەر نىسار،
خارى ھەجرىدىن تاپىپ ئىردى ئەمان، جانى فىگار،
غۇنچەئى خەندان بارىپ كۆڭلۈمدە قالدى خار ـ خار،
تىنماغۇر جانىمغە ئانسىز دۇنيادا بارى نە بار.

دەھر بوستانىنى سەنسىز كۆزگە ئىلماس بۇ كۆڭۈل،
باغ سەيرى دەردىنىڭ ئارامى بىلمەس بۇ كۆڭۈل،

سەرۋ بىرلە لالە سارى مەيل قىلماس بۇ كۆڭۈل،
سەرۋ قەددى لالە رۇخلاردىن ئاچىلماس بۇ كۆڭۈل،
ۋاھ نېتەيكىم، دەھر باغى ئىچرە يوق ئول گۇل ئۇزار.

ئول جىگەر پەرگالەسى ۋەھكىم تىلەپ مەندىن فەراغ،
ناتەۋان كۆڭلۈمگە قويدى فۇرقەتى داغ ئۈزرە داغ،
لەھزە ـ لەھزە شەۋقى بەزمىدە چېكەر ئېردىم ئاياغ،
ۋەسل جامىدىن ئاچىلۇر ئېردى كۆڭلۈم باغ ـ باغ،
ۋاي، يۈزىنىڭ ۋايكىم، ئول مەي بېرىپ قىلمىش خۇمار.

ئەيكى، يۈز پەركەندىلىغ باغرىمغە بىر پەركەند ئىدىڭ،
بەلكى ھىجران چاكى قىلغان زەخمىمە پەيۋەند ئىدىڭ،
كۆڭلۈمە دەرمەنكى، چۇن ۋەسلىڭە ھاجەتمەند ئىدىڭ،
قايداكىم كۆرسەڭ ئانى كۆلمەك بىلە خۇرسەند ئىدىڭ،
ئەكسىن ئەيلە، ئەي كۆڭۈل، ھەر يەردە يىغلا زار ـ زار.

گۇل كەبى رۇخسارىڭە ھەردەم ھەۋا ئەيلەي دېدىم،
شەۋقىدە ئاشۇفتە بۇلبۇلدەك نەۋا ئەيلەي دېدىم،
ھەجرۇ غەم زەخمىغە ۋەسلىڭدىن دەۋا ئەيلەي دېدىم،
ۋەسل ئارا ھەردەم ساڭا جانىم فىدا ئەيلەي دېدىم،
نېچۇن، ئەي ئارامى جانىم، ئەيلەدىڭ مەندىن كەنار.

مەن غەنىمەت تۇتمىش ئېردىم ئول سۇمەنبەر ۋەسلىنى،
ئەيلەدى مەندىن جۇدا چەرخى سىتەمگەر ۋەسلىنى،
سەئيى ئىلە مۇمكىن ئەمەس قىلماق مۇيەسسەر ۋەسلىنى،
ئەي كۆڭۈل، تۇتقىل غەنىمەت شاھ مۇزەففەر ۋەسلىنى،
كىم، ئۆتتۈپدۇر دۇنيادا مۇنداغ بەلالار بىشۇمار.

ۋەھكى، دەۋران زۇلمىدىن قالدىم ئەجەب ماتەم ئارا،
تۇشمەگەن بۇ نەۋئ بىر ماتەم بەنى ئادەم ئارا،
ئەي ھۈسەينىي، يارسىز سەن نەيلەگۈڭ ئالەم ئارا،
ھەجرىدىن نالەپ نەۋائىدەك تۈمەنىمىڭ غەم ئارا،
قوپ ئەدەم سەرمەنزىلى ئەزمىن قىلىپ، كېنىچە بار.

× ×

لەئلى جان بەخشىڭدىن ئايرۇ ئابى ھەيۋانىنى نېتەي،
ھەردەم ئەر يۈزجان بېرۇر جانانەسىز جانىنى نېتەي،
گەر ئەمەس مەنزۇر يۈزۈڭ، ھۇرۇ غىلمانىنى نېتەي،

گۈلشەنى كويۈڭدىن ئايرۇ باغى رىزۋاننى نېتەي،
باشىمە گەر گۈل ساچار سەنسىز گۈل ئەفشاننى نېتەي.

ھەجر ئەندۈھىدا تا گۈلشەن ئارا قىلدىم گۈزەر،
سەرۋ بويى قامەتىڭنىڭ نەخلىدىن بەردى خەبەر،
لېكىن ئانىڭ ۋەسلىدىن نە بەھرە تاپتىم، نە سەمەر،
نەخل قەددىڭ چۈن ئەمەس گىريان كۆزۈمدە جىلۋەگەر،
جۈيبار ئەتراپىدا سەرۋى خىرامانىنى نېتەي.

جىسمۇ جاننى ئىستەمەن، بىللاھكى، جانانىدىن جۇدا،
كۆرسەڭ ئول مەھۋەشنى ھالىم ئەرز ئېتىپ ئېلت، ئەي سەبا،
لېك زىنھار ئالىدە بۇ نەۋئ قىلغايسەن ئەدا،
ئول ئىتىڭگە بولماسا تۇئمە نەۋالىڭدە فىدا،
زەئفلىك پەيكەرنى نەيلەي، ناتەۋان جاننى نېتەي.

بىردەم، ئەي ئەھباب، ھەر سارى قاشىمدىن كەتمەڭىز،
ھەرنەكىم دەرمەن مۇۋەججەھ بولماسا ئىشتەتمەڭىز،
بۆكى دەرمەن چېھرىدىن قانلىغ ياشىم ئارىتماڭىز،
لەئلگۈن ئەشكىم لەبى ھىجرانىدا ئەيب ئەتمەڭىز،
كۆز يولىدىن تۆكمەيىن باغرىمدىكى قاننى نېتەي.

بۇ ئەجەبدۇركىم، ساڭا مەئلۇم بولمايدۇر بۇ سىر،
كىم ئېرۇرمەن لەئلى شەۋقىدىن ئۆلۈمگە مۇنتەزىر،
گەر سۆيۈڭدىن ھەر نەفەس يۈزجان بەرسەڭ بارمۇ زىر،
زۇلمەتى ھەجرىدە چەشمەڭ ۋەسفىن ئەتمە، ئەي خىزىر،
مەنكى ئۆمرۈمدىن تويۇپمەن، ئابى ھەيۋاننى نېتەي.

سۆز ئىلاجىمدىن دېمە، ئەي بەھرى ئىشق ئىچرە غەرىق،
كىم بولۇپتۇر دەپ غەمىڭدىن داغ ئىلە جىسمىم ھەرىق،
گەر ماڭا بارسەن مۇھىببۇ مۇشفىقۇ يارۇ شەفىق،
داغىمە مەرھەمنى كۆپ تەكلىف قىلما، ئەي رەفىق،
تۇتتۇم ئول داغىم ئوڭالدى، داغى ھىجراننى نېتەي.

تا ئايىردى مەندىن ئول مەھۋەشنى چەرخى كەج نىھاد،
ئەي ھۈسەينىي تەلبە كۆڭلۈم بولمادى ھەر لەھزە شاد،
ئاقىبەت چۈن تاپمادىم ئول شوخ ۋەسلىدىن مۇراد،
ياردىن ئايرۇ بۇزۇغ كۆڭلۈمگە قىلدىم خەيرىباد،
ئەي نەۋائى، ئۇيلە گەنج ئولماي بۇ ۋەيراننى نېتەي.

1959 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» نىڭ 1 - تومىدىن.

# ئابدۇراخمان جامى

شېرىن قۇربان

## 1 . جامىنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە مەلۇمات

نۇردىددىن ئابدۇراخمان جامى (1414 - 1492 - يىللار) مۇتەپەككۇر شائىر، ھۆرىيەتپەرۋەر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، مەشھۇر سوفىزم يولباشچىسى ۋە پەيلاسوپىدۇر. ئۇنىڭ مول ئەدەبىي ئىجادىيىتى XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىدۇر.

جامى خۇراسان (ھازىرقى ئىران دائىرىسىدە) نىڭ جام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئىسپاھان شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ كىچىك چېغىدا دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زامانىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرى (ھازىرقى ئافغانىستان دائىرىسىدە) گە كېلىپ ماكانلاشقان. جامى دەسلەپتە نىزامىيە مەدرىسىسىدە تاجىك تىل - ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەب تىلىنى ئوقۇغان. كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي يەتتە قېتىم ساياھەتكە چىقىپ، ھەمەدان، كوردىستان، باغدات، مەككە، دەمەشىق، تەبرىز، ئىران ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بارغان. ئۇ يەرلەردە ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشقان، دانىشمەنلەرنى زىيارەت قىلغان. يازغۇچى، شائىرلار بىلەن كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەت بولغان ۋە ئاتاقلىق سوفىستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇزۇن يىللىق ساياھەت جەريانىدا ئۇ تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئىلاھىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرگە، مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان.

جامى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى. ئۇ سوفىزم ئەقىدە - تەلىماتلىرىنى كەڭ تەشۋىق - تەرغىب قىلغانلىقى، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن دەستۇرلارنى يازغانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ قېيىن ئاتىسى سەدىرىددىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سوفىزمنىڭ يولباشچىسى بولغان. شۇڭا ئۇ 58 يېشىدا بىر قېتىم مەككىگە تاۋاپقا بارغاندا، يول بويى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ، ھەرساھە خەلقىنىڭ دەبدەبىلىك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

جامى يەنە ئەلىشىر نەۋائى (1441- 1501 - يىللار) نىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق خۇراسان شاھى ھۈسەيىن بايقارا (1469 — 1506 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

جامى ياشىغان دەۋر چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقى يوقىلىشقا يۈزلىنىپ، تېمۇرىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا سەھنىسىگە چىققان بىر شارائىتقا توغرا كېلىدۇ. تېمۇرىلەر دەۋرىدە ۋەزىيەت بىرقەدەر ئوڭشىلىپ، مەدەنىيەت يېڭىباشتىن جانلىنىشقا باشلىغان، ھىرات، سەمەرقەند، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە بىر قىسىم ئالىم، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەنىدى.

يۇقىرىدىكى تۇرلۇك ئوبيېكتىپ ئامىللار ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تەتقىقاتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## 2. جامىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جامى ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت جەمئىي 100 پارچىغا يېقىن چوڭ - كىچىك ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر جامىدىن كېيىن توپلىنىپ، «كۇللىياتى جامى» نامى بىلەن دۇنياغا تارالغان.

جامىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

ھەفت ئەۋرەڭ — («يەتتە تەخت») «خەمسە جامى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ نىزامى گەنجەۋى، خىسرەۋ دېھلەۋى خەمسىلىرىدىن كېيىن، شەرق خەمسىچىلىكى تارىخىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان 3 - خەمسە، يەنى جامى خەمسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«ھەفت ئەۋرەڭ» — لەيلى - مەجنۇن»، «ئىسكەندەر نامى»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «سەلامان - ئەبسال»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۇرلەر سوۋغىسى»، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىيسى» دىن ئىبارەت يەتتە چوڭ داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«لەيلى - مەجنۇن» مۇھەببەت داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىدىكى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ.

«ئىسكەندەرنامە» داستانىدا شائىر پادىشاھى ئىسكەندەرنى ئادىل شاھلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، غايىۋى گۈزەل جەمئىيەتنىڭ كۆركەم خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

«سەلامان ۋە ئەبسال» داستانىدا شائىر سەلامان بىلەن ئەبسالنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

«يۈسۈپ - زۇلەيخا» — «خەمسە جامى» ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە شائىرغا شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن لىرىك مۇھەببەت داستانى. بۇ داستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شائىر «قۇرئان» ۋە «ئىنجىل» دىكى قىزىقارلىق ھېكايىلارنى سۆزلەش ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. يەنە بىرى، داستاننىڭ ۋەقەلىك لىنىيىسى مۇرەككەپ ۋە مەنتىقىلىق، پېرسوناژلىرى كۆپ، بەدىئىي سەنئىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئوقۇغاندا كىشىگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ. داستان-

www.uyghurkitap.com

نىڭ يەنە بىر مۇھىم خاسلىقى شۇ يەردىكى، باش پېرسوناژ يۇسۇپ بىلەن زىلەيخانىڭ كەچۈرمىشلىرى زىددىيەتلىك بولسىمۇ، شائىر ئاخىرىدا ئەپچىل بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق بۇ ئىككى شەخنى ئويلىمىغان يەردە ئۇچراشتۇرىدۇ. داستان يۇسۇپ بىلەن زىلەيخانىڭ جۈپلىشىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئۇقتا رېئال تۇرمۇشتا كىشىگە ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

سوفىستىك داستانلاردىن جامىنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۆرلەر سوۋغىسى»، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىيسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ داستانلاردا ئاساسەن تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدە - تەلىماتلىرى ئوخشىمىغان جەھەتلەردىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا بۇ ئۈچ داستان سوفىزمچىلار ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىغان.

«باھارىستانى جامى» — جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق نەسرىي ئەسىرى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن XV ئەسىر نەسىرچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن سەئدى شىرازىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق داڭلىق ئەسىرىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان.

«ئۇلۇغلار تەرجىمىھالى» — بىر سوفىزم ئېقىمى تارىخىدىكى 600 دىن ئارتۇق مەشھۇر سوفىستلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى سوفىزم ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ھىرات تارىخى» — بۇ جامىنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاپتور ھىرات شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى، قەدىمكى تارىخىي تەرەققىياتى، ھىراتتا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا شەرھلەنگەن.

جامىنىڭ يەنە «مۇزىكا ھەققىدە رىسالە» ۋە «شېئىرىيەتنامە» قاتارلىق مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى بار، بۇلار كلاسسىك مۇزىكا ۋە كلاسسىك شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا مۇھىم نەزەرىيىۋى قىممەتكە ئىگە.

«ئەۋلىيا شائىر» دەپ سۈپەتلەنگەن جامىنىڭ نەچچە ئون مىڭ مىسرالىق رۇبائىي، غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋىسىنىڭ بارلىقى كىشىلەرگە ئايان. ئۇ ھەقتە بۇ يەردە توختالمايمىز.

## 3. جامى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

جامى ئىجادىيىتى روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، جامىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى پەلسەپىۋى بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە سوفىستىك بەدىئىي ئەسەرلەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى بەدىئىي ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شېئىرلىرى مول تەسەۋۋۇرغا، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات تولىمۇ يالقۇن-

لۇق ۋە ساپ بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇشنى، ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تولىمۇ ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلىگەن. بىزنىڭ ماقالىنىڭ بېشىدا جامى ئىجادىيەتلىرىنى XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتى رېئال مەنزىرىسىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشى دېيىشىمىزنىڭ ئاساسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

گەرچە جامى ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن بەزى سوفىزىملىق تەركىدۇنياچىلىق ئامىللىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ئالغاندا يەنىلا شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقچىلىق، گۈزەل ئەخلاق ئىدىيىلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

بەدىئىي جەھەتتىن، جامى ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا، روشەن تىل سەنئىتىگە ئىگە.

جامىنىڭ تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكى. كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن جامى ياشىغان دەۋرنىڭ رەڭگارەڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قارىشى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئېڭىنى كۆرەلەيدۇ ياكى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، جامى ئەسەرلىرى بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

جامى ئىجادىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ماھارىتى، يەنى ئۇسلۇبى، ئوبراز يارىتىشى، تىل سەنئىتى قاتارلىقلار بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ بىر ئۆرنەك، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ بېيىتىشقا بولىدۇ.

## 4. جامى ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى

جامى پارس ـ تاجىك خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىپتىخارى ۋە پەخرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە مىللەت، دۆلەت، دىن چېگرىسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى شائىر ۋە مەدەنىيەت ئەربابى. خۇددى «تەپەككۇر ئەينىكى» ناملىق ئەدەبىي تاللانمىلارنىڭ ئاپتورى شىرخان رۇكى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «جامى ھاياتىدا 99 پارچە كىتاب يازغان. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىران، تۈرك ۋە ھىندى دانىشمەنلىرىنىڭ بىردەك ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.»

جامىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى ۋە ماھارىتى شەرق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. جامى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋائى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن جامىغا ئاتاپ مەخسۇس كىتاب يازغان. نەۋائى مەزكۇر كىتاب ۋە «خەمسە نەۋائى» نىڭ «ھەيرە-

(ئاخىرى 161 ـ بەتتە)

# دىلئارامۇ دىلئارايۇ دىلئاسا

(ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى ئاياللار دۇنياسى)

غۇلام كەرىموۋ

ئەلىشىر نەۋائى ئاز ئادەملەرگە مۇيەسسەر بولىدىغان پەۋقۇلئاددە زور بەدىئىي تالانت ئەقىللەر ھەيران قالىدىغان ئاجايىپ مېھنەت، قابىلىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب، گۈزەل ئوبرازلار دۇنياسىنى يارىتىشقا ئېرىشتى. ئەلىشىر نەۋائى ياراتقان دۇنيا كىشىلىرى جىسمانىي جەھەتتىن گۈزەل، مەنىۋى جەھەتتىن باي، گارمونىك راۋاجلانغان كامالەت ئىگىلىرىدۇر.

ئۇلار ئەقىل ـ ئىدراك، ئىنساپ ـ ئادالەت ئۆلچەملىرىگە ئاساسلانغان ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىدى. بۇ كامالەتلىك ۋە بەختلىك ئىنسانلار قوشۇنىنى ئەرلەر قاتارىدا ئاياللارمۇ زىننەتلەپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەر شارىنىڭ تۈرلۈك رايونلىرىدا ياشىغۇچى خەلقلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزىدە ھەقىقىي ئىنتېرناتسىئوناللىق خاراكتېرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەندۇر. ئەرمەن مەلىكىسى، چىن سودىگىرىنىڭ قىزى، ئىران شاھىنىڭ مەھرەمى، ئەرەب قەبىلىسىنىڭ ئاددىي ۋەكىلى، ھىندى گۈزىلى قاتارلىق تۈرلۈك خەلق ۋە ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ھەر بىر پورتېرىتنىڭ ئۆزىگە خاس قىياپىتى، ھۆسن ـ جامالى بار. داڭلىق رەسسام ئىجادىيىتىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى سۈرەت ئۇچرىمىغىنىدەك، ئەلىشىر نەۋائى ياراتقان پورتېرىتلاردىمۇ ئوخشاشلىق كۆرۈنمەيدۇ. ھەر بىر ئوبراز ئۆزىگە خاس بەلگىسى ۋە خاراكتېر خاسلىقى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تەبىئىي ۋە قانۇنىي ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىدەك بۈيۈك سەنئەتكار ئۇستاز سۈنئىيلىكنى ياقتۇرمىغىنىدەك، تەكرارلىققا، ئوخشاشلىققا، تەقلىدكىمۇ يول قويمايدۇ. نەۋائى ئەسەرلىرىدىكى ئاياللار دۇنياسىنىڭ تەسۋىرى، ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتى تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان داھىيانە سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېلىڭ ئەمدى، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىجادىيىتىنى تەرىپلەش ئۈچۈن سۆزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە تەن بېرىپ، ئۇ سىزغان ئاجايىپ پورتېرىتلار بىلەن تونۇشۇشنى باشلايلى.

# شىرىن

## («پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى)

بۇ ئەرمەن مەلىكىسى ئۆز گۈزەللىكى، باي مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن ھەرقانداق قەسىرگە ھۆسن قوشىدۇ ۋە بۇ پورتىرىتلار سېپىنىڭ بېشىدا تۇرۇشقا لايىق.

شىرىن ھوشيار، ناھايىتى زېرەك، جەزبىدار قىز. ئۇ ئەرمەن يۇرتىدا ياشاپ، پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ئەقىل-ئىدرىكىنى مەملىكەتنى ئاۋات، خەلقىنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن سەرپ ئەتكەن. ئەرمەن مەملىكىتىدە مەشھۇر بولغان ئۇرەرتۇ دۆلىتىنى بەرپا قىلغان. ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئۆز ۋاقتىدا سۇ ئۈچۈن مەردلەرچە كۈرەش ئېلىپ بارغانلار ۋە تارىختا «سىمىرەمىدە ئېرىقى» دەپ نام ئالغان قانالنى قازغانلاردۇر. شىرىن ئۇرەرتۇ پادىشاھلىرىنىڭ مۇناسىپ مىراسخورى سۈپىتىدە تاغلار ئېشىپ، قانال قازدۇرۇپ يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى پاراۋان قىلىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن. شىرىننىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرى، كۆرسەتكەن تەدبىرلىرى بىكار كەتمىدى. سۇ ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان خەلق كۈرىشى زور غەلىبە بىلەن تاماملاندى. ئېرىق پۈتۈپ سۇ باشلاش مۇراسىمىغا يىغىلغان خالايىق، تېزلىك بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا ئەگىشىپ خۇشاللىقىدىن تووۋلىشىپ، ئېرىق ياقىلاپ توغان بېشىغا كېلىشىدۇ. بايرام تۈسىنى ئالغان بۇ تەنتەنىدە ئېرىققا «نەھرۇل ھايات» («ھاياتلىق دەرياسى»)، قەسىر ئالدىغا قېزىلغان سۇ ئامبىرىغا «بەھرۇن نەجات» («نىجاتلىق دېڭىزى») دېگەن نامنى قويۇش بىلەن تاماملىنىدۇ. بۇ تەنتەنىدىكى خەلق كۈچىنى كۆرگەن مېھىنبانۇ شىرىندىن خۇرسەن ۋە مەمنۇن بولىدۇ.

شىرىننىڭ ئىككىنچى مۇھىم پائالىيىتى ئەرمەن خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن باغلىقتۇر. ئۇ ئومۇمەن، ھاياتنىڭ كۆركەم، شادخۇرام بولۇشىغا ئىنتىلىدۇ. تۇرمۇش پاراۋان بولۇش بىلەن بىرگە گۈزەل، جەزبىدار، قىزىقىش قوزغىيالايدىغان بولۇشى ھەمدە بەخت-سائادەتلىك ئۆتۈشى كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائىي يورۇق ۋە نۇرلۇق ھايات ھەققىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ئوبرازىدا بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى. شىرىننىڭ بەختى شۇنداق ئىدىكى، ئۇ مېھىنبانۇدەك مەرىپەت ھامىيسى، ئىلىم-مەرىپەت تەرەپدارى بولغان ھۆكۈمران سارىيىدا ياشىدى. شىرىن ئۆز ئەتراپىغا ئۆتمۈشتىكى مەشھۇر شەھەرلەرگە ئوخشاش ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىنى توپلايدۇ، ئىلمىي، ئەدەبىي مۇنازىرە ۋە مەجلىسلەرنى ئېچىپ، ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. مېھىنبانۇ سارىيى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتى بىلەن ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىدە تەسىس ئېتىلگەن باغدات ئاكادېمىيىسىنى ئەسكە سالىدۇ. شىرىن ۋە مېھىنبانۇ باش بولغان سارايى، جاھا-

www.uyghurkitap.com

لەت ۋە خۇراپاتتىن ئانچە-مۇنچە يىراق هالدا شاد-خۇرام ۋە يارقىن هايات كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ياشىغۇچى ئىنسانلار بولسا ئەپسانىۋى، ئىدىئال جەمئىيەت ئوبرازلىرىغا ئوخشاش پاك ۋە يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شىرىن باشچىلىقىدىكى سۆھبەتلەردە دانىشمەنلىكنى كەسىپ ئەتكەن.

ئەلىشىر نەۋائىي شىرىن ھەرىمىنى تەشكىل قىلغان بۇ دانىشمەن قىزلارغا نام بېرىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە يۇقىرى باها بېرىدۇ ۋە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ:

دىلئارامۇ دىلئارايۇ دىلئاسا،
گۈلئەندامۇ سۇمەنبۇيۇ سۇمەنسا.
پەرى چېھرە پەرىزادۇ پەرىۋەش،
پەرىپەيكەر زەھى ئون ئىسمى دىلكەش.
چۇ ئەۋرۇلدى لەبا لەب دەۋر ئاياغى،
قىزىدى بەزم يەڭلىغ ئەل دىماغى.

بۇ نۇرلۇق ۋە زوق-شوخقا تولغان مەشغۇلاتتىن، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقىنىمىزدا «ئەلنىڭ دىمىغى قىزىغان» ئىدى، ئۇلار ئىلھامبەخش ھاياتتىن مەست ياشايتتى.

شىرىن ئوبرازى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن. ئۇلۇغ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئەسىرىدە شىرىن ئوبرازى بار. XII ئەسىردىكى نىزامى يازغان «خەمسە» ئەسىرىدە، شىرىنغا مەخسۇس داستان بېغىشلانغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ئۆزىنىڭ «خەمسە»سىدە، شىرىن نامى بىلەن مەخسۇس مۇستەقىل سيۇژېتلىق ئەسەر يازغان. لېكىن ئەلىشىر نەۋائىيچە بولغان شىرىن ئوبرازلىرى پەرھاد بىلەن ئەمەس، ساسا-

نىي ھۆكۈمدارى خۇسرەۋ پەرۋىز بىلەن باغلانغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. ئەلىشىر نەۋائىي ئوبراز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، كونا سيۇژېتقا يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەزمۇن قوشۇپ «تاش چوقۇغۇچى» پەرھاد بىلەن شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدۇ.

شىرىن ئۆزىنىڭ ئىشق دەردىنى ئادەملەردىن يوشۇرمايتتى. بەزى ئاياللارغا ئوخشاش، بۇ سۆيگۈسىدىن ھېيىقمايتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭدا دەۋا ئىزدەپ، پەرھادنىڭ قۇچىقىغا تەلپۈنەتتى:

كۆيۈپ ھەجر ئوتىدىن جانۇ كۆڭلۈم ھەم،
نې كۆيمەككىم، بولۇپ يۈز قەتلە كۈل ھەم.
ئىچىمگە شۇئلەئى ئىشقىڭ تۇتاشىپ،
تۇتاشىپ دىمەكىم، باشىمدىن ئاشىپ...

ئەپسۇسكى، شىرىننىڭ ئىشق جامىدىن مەي ئىچىپ، مۇھەببەتلىك ئۇچرىشىشلاردىن لەززەتلىنىپ، بەختىيارلىق ھاياجىنىدا ياكى قاتتىق ھاياجان ئىچىدىكى بەختىيارلىقتا شاد-خۇرام ھايات كەچۈرۈشى ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. «كاچ پەلەك» نىڭ گەردىشى ئۇنىڭ بېشىغا كەينى-كەينىدىن كۈلپەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مۇسىبەتلىك قارا كۈنلەرنى كەلتۈردى. بىرىنچى جىددىي تەشۋىش شۇ بولدىكى، ئىران شاھى خۇسرەۋ ئەرمەن ئۆلكىسى تەۋەسىگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. شىرىنگە ۋە شىرىننىڭ ئەل-يۇرت مۇستەقىللىكىگە جىددىي تەھدىت سالدى.

شىرىننىڭ تەشۋىشلىك، خەۋپلىك كۈنلىرى باشلاندى. شىرىن ھاياتىنىڭ ئەرمەن يۇرتىغا خىسرەۋ كەلگىچە بولغان دەسلەپكى دەۋرى، پەرھاد بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى قانچىلىك شادلىق، خۇرسەنلىك،

نۇرلۇق بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرى شۇنچىلىك قايغۇلۇق ۋە پاجىئەلىك ئىدى.

شىرىن ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشىنى بىتاقەت ۋە ھاياجان ئىچىدە قارشى ئالاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە قۇياشمۇ كۆك ئۈستىگە قانغا بۇلغىنىپ كۆتۈرۈلگەندەك تۇيۇلاتتى. شىرىننىڭ خۇسرەۋ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قۇرغان مۇداپىئەسى تەشۋىشلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىرەك شۇم خەۋەرمۇ تارقالدى: «مېھىنبانۇ سارىيىغا شىرىن ئۈچۈن خۇسرەۋدىن ئەلچىلەر كېلىپتۇ...» بۇ كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەردىن شىرىن ئەس-يادىنى يىغىپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن دەھشەتلىكرەك يەنە باشقا خەۋەر يېتىپ كەلدى: «خۇسرەۋ قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ، قورغان مۇداپىئەسىدە تۇرغان پەرھاد مەككار خۇسرەۋنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپتۇ ۋە ‹سەلاسىل دىۋ› قەلئەسىگە زەنجىر بىلەن بەنت قىلىنىپتۇ...»

پەرھاد ھالاكىتى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر چاقماق تېزلىكى بىلەن تارقىلىپ، شىرىننىڭ قۇلىقىغا يېرىپ يەتتى...

مەنىۋى دۇنياسى پەرھادتىن كۆپ پەرق قىلمايدىغان دۇنيانى پەرھادتەك چۈشەنگەن شىرىننىڭ بۇ پاجىئەلىك ۋەقەلەردىن قانداق ئەھۋالغا چۈشۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس، شىرىن بۇ ئەھۋالدىن خامانغا ئوت چۈشكەندەك لاۋۇلداپ ياندى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىققان «پەرياد، پەرھاد!» سۆزلىرى ھەممىنى لەرزىگە سالدى. شىرىننىڭ نالە-پەريادىدىن بارچە خالايىق غەمكىن ئىدى. بولۇپمۇ مېھىنبانۇ تەشۋىشتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەس ئىدى. مېھىنبانۇ شىرىننىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيتتى. شىرىننىڭ غەم-قايغۇغا چىدىماي ئۆزىگە شىكەستە يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقاتتى. يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، مېھىنبانۇ شىرىننىڭ مەھرەملىرىنى كۆپەيتتى. ئۇنىڭدىن پات-پات ئۆزى خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بۇ تەدبىرلەر شىرىننىڭ دەردىگە دەۋا بولماس، ئەھۋالىنى يېنىكلىتەلمەس ئىدى. شىرىننىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن ئېغىرلاشماقتا، كۆيۈپ كاۋاپ بولۇشقا، يېنىپ كۈل بولۇشقا يېقىنلاشماقتا ئىدى. شىرىننىڭ پۈتۈن خىيال-پىكرى پەرھادتا ئىدى. ئۇ نە باغ سەيلىسىدىن بەھر ئالسۇن ۋە نە تاغ ھاۋاسى كۆڭلىنى ئاچسۇن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۇدىن ئايرىلغان بېلىقنىڭ ئوبرازى گويا تەقدىر ھۆكۈمىگە ئوخشاش كەتمەي تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ يول يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا «بېلىق ھالى نە بولغاي، سۇدىن ئايرۇ...» دېگەن مىسرالارنى پىچىرلاپ ئوقۇپ، ئۆزىچە تەكرار قىلاتتى. سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك، يارى پەرھاد كويىدا غەم-ئەلەم قوينىدا تەلپۈنەتتى. ئىزتىراپلىق ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە تىنىم تاپمايتتى...

بۇ خۇسۇستا، شىرىننىڭ جامالىغا بىردەك كۆزى چۈشۈپ قالغانلار ئىچىدە خۇسرەۋنىڭ ئوغلى شىرۇيە شىرىنگە ئاشىق بىقارار بولۇپ قالدى. خۇسرەۋنىڭ شىرىنگە خېرىدار ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان شىرۇيە، شىرىننىڭ ئۆگەي ئانىلىقتىن كۆرە ئۆزىگە خوتۇن بولۇشىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ ۋە ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شىرىنگە خېرىدار ئىكەنلىكىنى

ئېلان قىلىدۇ. ئەمدى شىرىن ئۈچۈن ھەممىسى، خۇسرەۋمۇ، شىرۇيەمۇ بەرىبىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە يات ئىدى. ئۇ شىرۇيەنىڭ تەلىپىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، يالغۇز بىرلا شەرت قويىدۇ: «تاغۇ ـ تاشلار ئىچىدە قېپقالغان پەرھادنىڭ جەسىتىنى كەلتۈرۈپ، قارا كىيىپ ئەلنىڭ ئادىتىچە ماتىمىنى تۇتۇپ، ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلسام، كېيىن تەقدىر پېشانەمگە نېمىنى يازغان بولسا شۇنى كۆرۈشكە رازىمەن.»

پەرھادنىڭ جەسىتى ئەرمەن قەلئەسىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىش ئۈچۈن، پەرھادى ئالدىغا كىرىشتىن ئاۋۋال مېھىنبانۇغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ مېھمانىم كەپتۇ. سىزلەردىن ئىلتىماسىم شۇكى، مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل يالغۇز قالدۇرۇڭلار. ئۇ جاپاكەش يارىم مېنىڭ يولۇمدا جان بەردى. ئەمدى ۋاپادارلىق نۆۋىتى ماڭا كەپتۇ!»

مېھىنبانۇ شىرىننىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى يالغۇز ۋىدالىشىش ئۈچۈن پەرھاتنىڭ جەسىتى يېنىغا كىرگۈزدى.

شىرىن ئىشىكنى ئىچكىرىدىن تاقاپ پەرھادنىڭ بېشىغا كېلىپ، پەرھادنىڭ ئويغانماس ئەبەدىي ئۇيقۇدا تىنچ ياتقانلىقىنى كۆردى... شېرىن يۈزىنى يارى يۈزىگە، كۆكسىنى يار كۆكسىگە يېقىپ، كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن دەردلىك بىر «ئاھ!» چىقاردى ـ يۇ، دۇنيادىن كۆز يۇمدى.

ئەلىشىر نەۋائىي شۇ ئورۇندا جاھان ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان بىر ئەنئەنە ئۆلۈمنى ئۇيقۇ بىلەن قىياس قىلىش ئەنئەنىسى بىلەن بىرنەچچە مىسرا شېئىر يازىدۇ ۋە شۇ شېئىر ئارقىلىق شىرىن پاجىئەسىگە خاتىمە ياسايدۇ.

كۆڭۈلدىن شۇئلەلىك ئاھى چىقاردى،
كۆزى ھەمخابەدەك ئۇيقۇغە باردى.
نە ئۇيقۇ، كىمسە ئاندىن قانماس ئۇيقۇ،
قىيامەتكە دېگىن ئويغانماس ئۇيقۇ.
بۇ بولسا ئۇيقۇ، ئويغانماق نە يەئنى،
مۇنىڭدەك ئۇيقۇدىن قانماق نە يەئنى.

مېھىنبانۇ جاندىن ئەزىز جىيەنى شىرىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئاھۇ ـ پىغان بىلەن كۆز يۇمدى. شۇنداق قىلىپ داستاننىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى — پەرھاد، شىرىن ۋە مېھىنبانۇلار كەج رەپتار (تەتۈر ئايلانغۇچى) پەلەكنىڭ زۇلمى ئاستىدا ھالاك بولدى.

داستان ۋەقەلىرىنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك ۋە ماتەملىك سەھنىلەر بىلەن ئاياغلىشىشى، ئەلىشىر نەۋائىيغا مۇتلەق ياقمايتتى. لېكىن، نېمە ئامال، ۋەقەلەر راۋاجى، ئوبرازلارنىڭ مەنتىقىسى شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىجادىي — ئېستېتىك پرىنسىپلىرى بۇنداق خاتىمىنى قوبۇل قىلالمايتتى. پۈتۈن ئۆمرىدە ھاياتنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى كۈيلەپ كەلگەن ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئىنتىلىشلىرىگە ئېستېتىك زوقىغا ماس كېلىدىغان خاتىمە يېزىشقا تىرىشتى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىزدىنىپ، يەنى ئۆز تەدبىرى بىلەن ئېيتقىنىمىزدا، «دەھر ئەۋراقىن» (جاھان سەھىپىلىرىنى) ۋاراقلاپ ئاختۇرغاندىن كېيىن، ئۆلۈمدىن ئەمەس، ھايات تەنتەنىسىدىن دېرەك بەرگۈچى شۇنداق بىر رىۋايەتنى تاپتى:

پەرھادنىڭ يېقىن دوستى، ماچىن خاقانىنىڭ سەركەردىسى بەھرام، پەرھادنى يوقلاپ ئەرمەن ئۆلكىسىگە كېلىدۇ. شاپۇردىن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ، پەرھادقا تەزىيە بىلدۈرىدۇ. شىرۇيەنى جازالاپ يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. خۇسرەۋ ۋەيران قىلغان يەرلەرنى يەنە ئاۋات قىلىپ، ئەرمەن ئۆلكىسىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئورنىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەھرىمانى، خوتۇن-قىزلار دۇنياسىنىڭ ئالىيجاناب ۋە شۆھرەتلىك تىپى بولۇپ قالغان شىرىننىڭ باشلىغان ئىشلىرى ئەۋلادلار تەرىپىدىن داۋام ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەزىز نامى كىشىلەر قەلبىدە ۋە كىتابلار سەھىپىلىرىدە ئەبەدىي ساقلىنىپ قالدى.

# لەيلى

## («لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى)

ئەلىشىر نەۋائى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال، باھار پەسلىدىكى بىر چىمەنزار باغ تەسۋىرىنى بېرىدۇ. بۇ باب پەقەت تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باھار مەۋسۇمى تەسۋىرىگە بېغىشلانغان، ئەڭ جانلىق ۋە نادىرانە نەمۇنىلىرىدىن بىرىدۇر. نەرگىس، سەۋسەن، نەسرىن، لالە، بىنەپشە ۋە باشقا ھەرخىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، ئېرىقلاردا سۇلار شىلدىر-شىلدىر ئېقىپ تۇرغان، يېقىملىق باھار شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بۇ گۈلشەنگە ھەرقانداق ئادەم كىرسە، كۆڭلى يايراپ راھەتلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى تەسۋىرلەۋاتقان بۇ ياشلار، يەنى گۈلشەنگە ئويۇن-كۈلكە بىلەن يېيىلغان بۇ «گۈرۈھى چالاك» (يۈگۈرۈك باللار) — مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. لەيلىنىڭ كېسەلدىن قوپۇپ كېلىشى شەرىپىگە مۇدەررىس شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. مەكتەپ باللىرى ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، قى-چۇ، شاۋقۇن-سۈرەن سېلىشىپ باغ سەيلىسىگە كەتتى. ئەنە شۇنداق تەبىئەت ئويغانغان مەۋسۇمدە — باھار پەسلىدە، گۈزەل چىمەنزار قوينىدا لەيلى بىرىنچى قېتىم قەيس بىلەن ئۇچراشتى...

ھاياتنىڭ ئۆزى مۇھەببەتكە چىللايتتى. ھەرقانداق ياش يۈرەك ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن، شادلىق ئۇرغۇپ تۇرغان چېھرىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، خەندان ئۇرۇپ تۇرغان تەبىئەتكە پەرۋاسىز قارىيالمايتتى.

باھار پەسلىدىكى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن تولغان بۇ چىمەنزار، مۇھەببەت داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا، ۋەقەلەر تۈگۈنىمۇ ئەنە شۇ گۈزەل گۈلزار قوينىدا سادىر بولدى. لەيلى دوستلىرى ئاغزىدىن تەرىپلىرىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

مەپتۇن قىلغۇچى ماختاشلىرىنى ئاڭلىغان ياش يىگىتتىن — قەيستىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. قەيس ئۇنىڭغا سېھرىلىك بىر مەپتۇن قىلغۇچى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ھەرقانچە ئۆزىنى تارتاي دېسىمۇ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالاتتى، قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى، ئاللىقانداق ناتونۇش ھېسسىياتلار قايىنىمىغا چۆكۈپ قالاتتى.

باقاي دېسە داغى قۇۋۋەتى يوق،
باقماي دېسە داغى تاقەتى يوق.
كۆز ئۇچى بىلە باقىپ چۇ گاھى،
جاندىن چېكىپ ئانداق ئوتلۇغ ئاھى.

لەيلىدە قەيسكە نىسبەتەن تۇغۇلغان دەسلەپكى ئىللىق تۇيغۇلار نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان قارىمۇ قارشى كەيپىياتنى ئەلىشىر نەۋائى شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. لەيلى ئۆزىنىڭ ناتونۇش تۇيغۇلىرىدىن ئۆزى چۆچۈيتتى. قەيسنىڭ جامالىغا دادىللىق بىلەن قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قارىماي دېسە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ياش مەسۇمە قىز لەيلى بىر نەچچە ۋاقىت دوستلىرىدىن ئوغرىلىقچە خەۋپسىرەپ كۆز قىرى بىلەن قەيسنى كۆزىتىپ يۈردى - دە، ئاخىرى گۈللەر ئارىسىدا مەيۈس ھالدا ئولتۇرغان قەيسنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

كى ئەي تۇرفە يىگىت، نە ھالەتىڭ بار،
نې نەۋئى غەمۇ مەلالەتىڭ بار.
كىم شادلىغىڭ يوق ئۆزگەلەردەك،
ئابادلىغىڭ يوق ئۆزگەلەردەك...
بۇ ھىم ساڭا قايدىن ئولدى ھادىس،
كىم بولدى بۇ شىددەتىڭگە بائىس؟!

لەيلىنىڭ مېھرىبانلىقلىرى [illegible] قەيستىن ھال - ئەھۋال سورىشى، يىغلاپ كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرلار پەردىسىنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. ھەرئىككى يۈرەكتە باھار شەبنەملىرى بىلەن ياشىرىپ چىققان مۇھەببەت بىخلىرى ئوچۇق ۋە ئاشكارا يۈز كۆرسەتتى. ئارىدىكى ئىشق يالقۇنى ئەلەڭگۈشكە باشلىدى.

بۇ يەرگە كەلگەندە ئەلىشىر نەۋائى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولغان خاراكتېرلىك بىر ئىبارە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىبارە تۆۋەندىكى مىسرالار ئىچىدە كېلىدۇ:

بىلدىكى گەر ئەتمەس ئىشىگە چارە،
ئول ھال ئولۇر ئەلگە ئاشكارە.
ئەل سالىشلەر ئىزتىراب ئاراغە،
بىر نەۋئى چۈشەر ھىجاب ئاراغە.

بۇ يەردىكى ئەرەبچە «ھىجاب» سۆزى ئارىلىقنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە مەنىسىدە بولۇپ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مۇھەببەت توقۇنۇشىدىن، يېتىپ كېلىۋاتقان بەختسىزلىكلەردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، ھەقىقەتەنمۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت مەنگۈ قىلىنغان ئەركىن، ئازاد ئىنسانىي تۇيغۇلار رەت قىلىنغان ئاشۇ جەمئىيەتتە ھەربىر كىشى ھۆكۈمران ئۆرپ - ئادەتلەرگە سۆزسىز بويسۇنۇشى شەرت. ئەكسىچە ئەھۋالدا ئارىلىق بۇزۇلىدۇ. ئوتتۇرىغا «ئىزتىراب»① چۈشىدۇ. ئارىلىقنى كۆزگە كۆرۈنمەس پەردە — «ھىجاب» قاپلايدۇ. «ئادەتكە خىلاپ» دەپ قارىلىدىغان بۇ ئىش تۈپەيلى ھۆكۈمران ئۆرپ - ئادەت بىلەن ئوتتۇرىدا ھاسىل بولىدىغان مانا شۇ «ئىزتىراب»، «ھىجاب» لەيلى بىلەن

① ئىزتىراب (ئە) — قاتتىق ھاياجان، روھىي ئېزىلىش، سىقىلىش، بىتاقەت قىلماق.

قەيسنىڭ كۆڭلىنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇراتتى.

ئەلىشىر نەۋائى لەيلى قىياپىتىدە XV ئەسىر تارىخىي شارائىتىدىكى شەرق قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى. لەيلى تومۇرلىرىدا ئەرەبىستان دەشتلىرىنىڭ نەپىسى سېزىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى، تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلەر قىزىدۇر. تۈركىي خەلقلەر قىزلىرىغا خاس بولغان شەرمى ــ ھايا، نازاكەت، ئىپپەت، مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىقتەك خىسلەتلەر لەيلىنىڭ تۇغما پەزىلەتلىرىدۇر. بۇ ئالىيجاناب پەزىلەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىغا شۇنچىلىك سىڭىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىدە، ھەربىر قەدىمىدە پاكلىق، سەمىمىيەت روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئەلىشىر نەۋائى داستانلىرىدا جانلانغان بەزى قەھرىمانلاردىن لەيلىنى قىياس قىلىش كۇپايە. مەسىلەن: شىرىننى ئالايلۇق، شىرىندە پاك سۆيگۈ بار، ئۇ ئىلمىي پىكىر قىلىدۇ ۋە ئويلايدۇ. شۇنداقلا ئۆز سۆيگىنىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ، ئۇنى ياۋۇز كۈچلەردىن قوغدايدۇ. لەيلىدە بولسا XV ئەسىر قىزلىرىغا خاس بولغان باشقىچە خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرىمىز. لەيلىدىمۇ پاك سۆيگۈ بار، ئۇمۇ پىكىر قىلىدۇ، ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز سۆيگۈسى يولىدا ئاكتىپ كۈرەش ئېلىپ بارمايدۇ. شىرىندە پائالىيەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ھاياتىنىڭ كۈرەش تۇمانلىرىنى ئىجادچانلىق پەزىلەتلىرىنى، مەرىپەت ــ مەدەنىيەت ئۈچۈن ئىنتىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى شىرىن ئارقىلىق كامالەتكە يەتكەن، جانلىق، تېتىك ھاياتنى تەشكىل قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن زوقلانغۇچى ئايال ئوبرازىنى ياراتتى. لەيلى ئارقىلىق بولسا XV ئەسىر ھاياتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى، يەنى، فېئوداللىق ئاسارەت، ئۆرپ ــ ئادەت، ناچار ئادەت كۈچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشاش سەلبىي، قالاق تەرەپلەرنى ۋە شۇ قەبىھ قائىدە ــ يوسۇنلارنىڭ قۇربانى بولغان ئادەملەرنىڭ قىياپىتىنى سىزىپ بېرىدۇ. شىرىندە يارقىن رەڭدارلىق ۋە كۈرەشچانلىق كۆزگە ئاشكارا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. لەيلىدە بولسا كۆزىتىش ۋە روھىي ھېس-تۇيغۇلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ خاراكتېرىدا غەم-قايغۇ، نالە ــ پىغانلارنىڭ شۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لەيلى مەجنۇنغا يازغان بىر خېتىدە ئۆزىنىڭ «مىسكىن»، «زەئىپ»، «ئاجىز»، «چارىسىز» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۆۋەندىكىدەك زارلىنىدۇ:

سەنسىزكى غەمىم دەمى كەم ئېرمەس،
سەندىن گەر ئېرمەس كۆپۈ كەم ئېرمەس.
سەن نارتىميان ئاھى ئاتەشئالۇد،
مەن ئوت ياقىبان چىقارمايىن دۇد...

بۇ مىسرالاردا ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان شەرق ئاياللىرىنىڭ ئەركىسىز ئوبرازى، مەزلۇملار مەزلۇمەسى بولغان ھوقۇقسىز ھاياتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن فېئودال ھاكىممۇتلەقلىق ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان كۈچسىز ۋە ھوقۇقسىز بۇ قىز پەۋقۇلئاددە ئىرادىگە ئىگە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كونا، چىرىگەن ئۆرپ-ئادەتلەرگە قەيرىتى، ھايات ھەققىدىكى پارلاق ئۈمىد-ئارزۇلىرى، ئۇنىڭدىكى ئېتىقادنى كامالەتكە يەتكۈزدى، ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى.

ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان لەيلى ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتنىڭ مۇجەسسەم ھەيكىلىدۇر. بۇ ھەيكەلنى ئەلىشىر نەۋائى ئاپئاق قاردەك مەرمەردىن ياسىدى ۋە جۇشقۇن ئىجادىي فانتازىيىسىدە پەرۋىش قىلىپ، ئۇنىڭغا جان بېغىشلىدى. سۈتتەك پاك، بىغۇبار لەيلى ئاخىرقى نەپسىگىچە، يەنى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ساداقىتىدىن ئېغىشماي دۇچ كەلگەن مالامەتلەرگە چىداپ، تەنھا ياشىدى. لەيلى ھاياتىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ياكى يېگانە مەزمۇنى يارىغا ۋاپادارلىق، ئۆز ئېتىقادىغا ساداقەت ئىدى بۇ يولدا قانداق جاپا چەكمىسۇن قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىمىسۇن، ئۇنىڭغا لەيلى زور چىدام ۋە قانائەت بىلەن بەرداشلىق بېرىپ كەلدى.

لەيلى ئۆزىنى بەرگلىرى يۇلۇنۇپ سورۇلغان گۈلگە، شاخ-شۇمبىلىرى كېسىلگەن سەرۋى دەرىخىگە، ئىككى تاش ئارىسىدىكى مەجرۇھلەنگەن ياقۇتقا ئوخشىتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئاجايىپ پوئېتىك ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىگەن لەيلىدىكى بۇ زور ئىرادە، پىداكارلىق، مەقسەت يولىدىكى زور چىدام ۋە غەيرەت قاتارلىقلار شۈبھىسىزكى، ئاپىرىدىن ئېيىتىشقا ۋە ئۈلگە ئېلىشقا سازاۋەر ئىدى. نەۋائى تەسۋىرلىگەن ئاياللار دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن يورۇق يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان [illegible]لىگە ئوخشاش ئاياللار، بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار لەيلىنىڭ مۇناسىپ مىراسخورلىرى سۈپىتىدە دەۋرىمىزنىڭ كۆركى بولۇپ ياشاپ، خەلقىمىزنىڭ ئېزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆز يۈرەكلىرىدە كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كەلمەكتە. خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر ئايال تىپىنىڭ ئوبرازىنى شائىر ئابدۇللا ئارىپوۋ «ئايال» ناملىق ئەسىرىدە شائىرانە مىسرالار ئارقىلىق كۈيلىدى. بۇ مەڭگۈلۈك تېما ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ غالىبانە ھاياتىي كۈچىنى داۋام ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە. شائىر زۇلفىيە شېئىرلىرىدا بۇ تېما ئاجايىپ رەڭلەردە خىلى ۋاقىتتىن بۇيان تاۋلىنىپ، جۇلالىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «سوراق قىلدى شائىرنى شېئىرىم» ناملىق ئەسىرىدە ھىجران پاجىئەسىنى ۋىسال ئۈمىدى بىلەن يېڭىش تېمىسى يۈكسەك ئاھاڭلار بىلەن كۈيلىنىدۇ.

لەيلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلىرەك بىلىش، ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىن «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ ئاخىرقى بابلىرىدىن بىرى ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۇ — لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ سەھرادا، قاراڭغۇ تۈندە ئۇچرىشىشلىرىغا بېغىشلانغان باب، لەيلى ئىبن سالامنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان-ئېسەن چىقىپ سەھرا تەرەپكە يۈزلەنگەن بىر ۋاقىتتا، مەجنۇن نەۋفەلنىڭ قىزى بىلەن ئاكا-سىڭىللىققا پۈتۈشىدۇ. ۋە چېدىرىدىن چىقىپ، ئۇمۇ سەھرا تەرەپكە يول ئالىدۇ. سەھ-

رادا، قاراڭغۇ تۈن قوينىدا ئىككى ۋاپا-
دار يار بىر-بىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ قاراڭغۇ
تۈندە ئۇچرىشىش كۆرۈنۈشىنى ئەلىشىر
نەۋائى ئاجايىپ سەنئەتكارانە ماھارەت
بىلەن، ئەينى زامانغا نىسبەتەن چوڭقۇر
پەلسەپىۋى مەزمۇن بىلەن سىزىدۇ.

كىتابخان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈر-
گۈچى بۇ ئۇچرىشىش مەنزىرىسى، پەقەت
«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭلا ئە-
مەس، پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مىسلى-
سىز بەدىئىي ئابىدىسى ھېسابلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسى، ھەربىر بېيتى
شېئىرىيەتنىڭ بىباھا دۇردانىسى سۈپى-
تىدە ئالاھىدە دىققەت ۋە ئېتىبار بى-
لەن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ لەيلى بىلە
مەجنۇننىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇشلى-
رىنى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن «بىر سە-
دەپ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ئىككى مە-
ۋايىت»، «بىر ئاسمان بۇرجىدا تۇغقان
ئىككى قۇياش»، «بىر شاختا ئېچىلغان
ئىككى گۈل»، «بىر كۆز چانىقىغا جاي-
لاشقان ئىككى قارىچۇق» قاتارلىقلارغا
ئوخشىتىپ ئالقىشلىشى سەۋەبسىز ئەمەس
ئىدى. ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ھەم ئەڭ
جىددىي سەۋەبى بار ئىدى. گەپ شۇنىڭ-
دىكى، بۇ ئىككى ئىشق ئىگىسىنىڭ ۋى-
سالغا ئېرىشىشىنى پۈتۈن كائىنات، ئاس-
مان تەبرىكلەپ، پەلەك مەدەتكارلىق
كۆرسەتتى، ھەتتا «نەيرەڭۋاز زامان»
(«زەمانەئى مۇشەئبىد») بولسا ئۇلارنى
يامان كۆزلەردىن ساقلاپ، ئاپەتتىن
قوغداپ تۇراتتى. بۇلا ئەمەس، ئىككى
ياشنىڭ غايەت مەسىلىسىز تىنچلىقى ۋە

جەمئىيەتلىكنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، ئاسا-
يىشلىق نەپەسلىرىگە توسقۇنلۇق قىلماس-
لىق ئۈچۈن پۈتۈن تەبىئەت، قۇرت-
قوڭغۇزلاردىن تارتىپ، پۈتۈن مەۋجۇدات
ھەرىكەتتىن توختىغانىدى، بۇ ئىككىيە-
لەننىڭ ھۆرمەت ئېھتىرامى ئۈچۈن تۇر-
غان يەردە قىمىر قىلمايتتى. ئەلىشىر
نەۋائى ياراتقان بۇ كۆي — ئىنسان مۇ-
ھەببىتىنىڭ شادىيانىسى ۋە مەدھىيىسى
ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى بەزىبىر تەتقىقات-
چىلار ئېيتقاندەك، «ئىلاھىي» پاكى
«سوفىيانە مۇھەببەت» نىڭ ھېچقاچان
قولى بولۇپ قالمىغان. ئۇ لەيلى ۋە مەج-
نۇن ئوبرازلىرىدا رېئال ئىنسانىي سۆي-
گۈنى، تولۇق مەنىدىكى ھاياتىي مۇھەب-
بەتنى كۆيلىگەن، ئۇلۇغلىغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن داستان ۋەقەلىرىنىڭ خاتىمە قى-
سىملىرىدا سۆيۈشكە يار ئوبرازى، تەبى-
ئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. تەبىئەتمۇ
ئۇلارنى ئۆز ئەزاسىدەك قوبۇل قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ۋىسالىنى تەبرىكلەيدۇ ۋە
قۇتلۇقلايدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ھەيران
قالارلىق چوڭقۇر بەدىئىي ئىدراك ۋاسى-
تىسىدا تەبىئەت گارمونىيىسى بىلەن
ئىجتىمائىي كومپلېكت ئوتتۇرىسىدىكى
پەرقنى روشەن سىزىپ كۆرسەتتى. ئىج-
تىمائىي مۇھىت داستان ۋەقەلىرىدىكى
پاجىئەنى خاتىمىگە يېتەكلىگەن بىر ۋا-
قىتتا، تەبىئەت ئۇنى بەختىيارلىق گار-
مونىيىسى بىلەن تەبرىكلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ «تەبىئەت باللىرى»
غا ئايلانغان لەيلى ۋە مەجنۇنلار ماددىي
بارلىقىنىڭ ئاجرالماس بىر بۆلىكىگە ئاي-
لىنىدۇ. سوفىزىملىق ئىدېئالىستىك شەرھ-

لەردىن تامامەن خالىي بولىدۇ. ماتېرىيالىستىك پانتېئىزم چىقىپ تۇرغان «ئىنسان — تەبىئەت» دىن ئىبارەت ھەل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان نەزەرىيە مەسىلىسىنى، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىدا بۇنداق ھەل قىلىنىشى، شۈبھىسىز ئۇنىڭ گۇمانىستىك پەلسەپىسىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. «ئىنسانىيەت — تەبىئەت» بىرلىكى، «مەۋجۇدات بىردەكلىكى» توغرىسىدىكى بۇ گۇمانىستىك پەلسەپىسىنى تەكىتلەپ، لەيلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا تۆۋەندىكىدەك ئۇلۇغ ئوپتىمىستىك قارىشىنى ئالغا سۈرگەندى:

گۈل بارسە چەمەنگە بولماسۇن دەرد،
كۆك باتسا فەلەككە ئەتمەسۇن گەرد.

ھايات بىرلىكى ۋە ئەبەدىيلىكى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى تەلىمات «خەمسە» ئىچىدىكى داستانلارنىڭ ھەممىسىدە تەكىتلىنىدۇ ۋە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا، يۇنان ھۆكۈمالىرى تىلىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپ، شۇ ئىلغار پىكىرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازىدۇ:

گۆھەر چۆمسە دەرياغا بولسۇن ھەيات،
قۇياش پاتسا گەردۇنغە يەتسۇن سەبات.

دەر ھەقىقەت، ئەلىشىر نەۋائى ئارزۇ قىلغاندەك گۈل سولاشقان بىلەن چىمەنزار ھېچقاچان دەردكە ئۇچرىمايدۇ. قۇياش پاتقىنى بىلەن پەلەكنىڭ يۈزىنى داغ قاپلىيالمايدۇ. ھايات ئەبەدىي، ھەممە ۋاقىت ياپيېشىل كۆكىرىشنى، ئالغا بېسىشنى تەرك قىلمايدۇ.

# دىلئارام

(«بەھرام — دىلئارام» داستانىدىن)

ئىسمى جىسمىغا تولىمۇ ماس كەلگەن دىلئارام ھەم ئاجايىپ ھۆسن بىلەن، ھەم خۇش ئاۋازى — كۈيلىرى بىلەن ھەم يېقىملىق، سېھىرلىك گۈچى مۇزىكىسى بىلەن دىلغا ئارام بېغىشلايدىغان. كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن ئېتىدىغان گۈزەل ئايال. دىلئارامنىڭ تۇزدەك جامالى، بۇلبۇلدەك ئاۋازى بار. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، دىلئارام ئۆز كۈيلىرى بىلەن جاھانغا ئوت يېقىپ، ئەلنى ئەقىلدىن ئازدۇرۇپ دىۋانە قىلغاندا، ئۇنىڭ خۇش ئاۋازىغا قەقنۇس قۇشىمۇ مەھلىيا بولۇپ ئۇچۇشتىن توختاپ، ئېيتقان قوشىقىغا جور بولۇپ «داستانىنەۋازلىق» قىلىشارمىش.

ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەپسانىۋى قۇش — قەقنۇسنى بىكارغا تىلغا ئالمايدۇ. داستاندا مۇھىم ئورۇن تۇتقان مۇھەببەت ۋە مۇزىكا دېتاللىرىنى يورۇتۇشتا بۇ ئەپسانىۋى قۇش بىلەن باغلىق بولغان رىۋايەت ئۆزىدە ئىنتايىن زور ۋە مۇھىم مەنىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

قەقنۇس يۇنانچە سۆز بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا 360 تەك تۆشۈكچە بار ئىكەنمىش. ئۇ سايرىغاندا شۇ تۆشۈكلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ھەر خىل ئاۋاز چىقىپ، ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈي ھاسىل بولارمىش. ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ھۆكۈمالار مۇزىكىنى شۇ قەقنۇس قۇشىنىڭ سايرىشىدىن ئالغان ئىكەنمىش.

قەقنۇس يەككە-يېگانە ياشايدۇ. مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق چۆپتىن خامان ياساپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شۇنداق زوق-شوخ بىلەن سايرايدۇكى، هارارىتىدىن خامانغا ئوت كېتىدۇ. شۇ ئوتتا ئۆزى كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ئاخىرىدا كۈلدىن بىر تۇخۇم پەيدا بولىدۇ. شۇ تۇخۇمدىن يەنە بىر قەقنۇس قۇشى چىقىدۇ. بۇ قەقنۇس هەم ئانا قەقنۇس قۇشتەك، مىڭ يىل ياشاپ، خامان ئۈستىدە كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. بۇ كۈلدىن پەيدا بولغان تۇخۇمدىن جۇجە چىقىپ، ياش قەقنۇس دۇنياغا كېلىدۇ. شۇ تەقلىدتە مۇزىكىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇپ قالغان بۇ ئەپسانىۋى قۇش، دۇنيادا نام-نىشانسىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ نادىر ئوبرازى بىلەن ئىنسانلارغا راهەت بېغىشلاپ، مۆجىزىلىك هاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

بۇلبۇل ناۋاسى، قەقنۇس نەغمىسى، دىلئارامنىڭ سازى ۋە كۈيلىرىنىڭ هەممىسى، شاه بەهرامنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن خىزمەتكە تەييار ئىدى. بەهرام قەسىر ئايۋىنىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىدىكەنۇ، قۇلىقى دىلئارامنىڭ ناۋاسىدا ئىكەن. مەي ئىچكەچ دىلئارامنىڭ ناۋاسىنى ئاڭلايدىكەنۇ، كۆڭلى دىلئارامنىڭ جامالىدا ئىكەن. شاه بەهرام ئۆز دىلئارامى بىلەن، ئۇنىڭ سازى ۋە ناۋاسى بىلەن كېچە-كۈندۈزنى ئاشۇنداق ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتكۈزىدىكەن.

ئەسەردە كۈيلەنگەن مۇهەببەت هەم شېرىن هايات خاتىمىسى ئوپتىمىستىك روه بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي سيۇژېتىدىكى بەهرام ۋە دىلئارامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىمۇ، يەتتە ئىقلىم يولىدىن كېلىپ ئەپسانە سۆزلىگەن مۇساپىرنىڭ هېكايىلىرىدىمۇ مۇهەببەت شۇنداق ئوپتىمىستىك خاتىمە بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. «پەرهاد ۋە شېرىن» داستانىنى ئەلشىر نەۋائى «مېهنەتنامە»، «پىراقنامە» دەپ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى «ماتەمنامە» دەپ ئاتىغان بولسا، «سەبئەئى سەييارە» داستانىنى مانا شۇ كۈيلەنگەن قوۋناق ۋە بەختىيار مۇهەببەتنى كۆزدە تۇتۇپ «زەۋقناك هەڭگامە» («قىزىقارلىق هېكايە») دەپ ئاتايدۇ.

داستاننىڭ ئاخىرقى بابلىرىدىن بىرىدە «سۆز غايەتى ۋە نەزم هېكايەتى» توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، داستان ۋەقەلىرى بىلەن تونۇشقان كىتابخاننىڭ كۆڭلى خۇشال، زېهنى پاك بولۇشى ۋە زوقلىنىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ:

هەر كىشىكىم ئوقۇردا بۇ خامە،
تەبئىغە گەرم بولسا هەڭگامە.
تەبئى گەر سافۇ زېهنى پاك ئولغاي،
شەك ئەمەستۇركى زەۋقناك دولغاي.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاه بەهرام ئوۋغا ئاتلىنىپ، بۇ ئوۋ تاماشىسىغا گۈزەل يارى دىلئارامنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. مانا شۇ ئوۋ پەيتىدە شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ شۆهرەت قازانغان ۋە «سەبئەئى سەييارە» داستانى ۋەقەلىرىنىڭ تۈگۈنى — (ئېكسپوزىسىيە) بولۇپ قالغان ۋەقە سادىر بولىدۇ.

ئوۋ تازا قىزىغان پەيتتە يىراقتىن

بىر گور (ياۋا ئېشەك) نىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بەھرامنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ زوقلانغان ھالدا دىلئارامغا قاراپ: «ئېيتىپ باقە، شۇ ياۋا ئېشەكنى قايسى خىل ئۇسۇلدا ئۇۋلىشىمنى ئىستەيسەن؟» دەيدۇ. دىلئاراممۇ بۇ خۇشاللىق كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، «مەن شۇنى خالايمەنكى، ئاۋۋال بىر ئوق بىلەن ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى چۈشە، ئاندىن يەنە بىر ئوق بىلەن بويىنىنى بوغۇزلا» دەيدۇ. بەھرام خۇددى گۈزەل دىلئارام بۇيرۇغاندەك قىلىپ، ياۋا ئېشەكنى ئاۋۋال چۈشەيدۇ. ئاندىن بويىنىنى بوغۇزلايدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئۆزى پەخىرلىنىپ، «قانداق؟» دېگەن مەنىدە دىلئارامغا نەزەر تاشلايدۇ. دىلئارام شاھ بەھرامنىڭ ماھارىتىنى يۇقىرى باھالاش، ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئاددىي ـ ساددىغىنە قىلىپ، «بۇ مەشق (ۋەرزىش) نەتىجىسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ:

«...ھەر كىم بىر ئىشنى ۋەرزىش ئېتەر،
ئىش كامالىنى كۆرنې يەرگە يېتەر؟...»

دىلئارامنىڭ بۇ ئىلتىپاتسىز مۇئامىلىسىدىن، سوغۇق جاۋابىدىن شاھ بەھرام غەزەپكە كېلىپ ئۇنى قەتلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارىغا چۈشۈپ «خوتۇن كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنىڭ ياخشى ئەمەس»لىكىنى ئېيتىپ، جازانى يېنىكلىتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇلار دىلئارامنى سۇسىز ۋە گىياھسىز دەشت ـ باياۋانغا ئاپىرىپ، ئىككى چېچى بىلەن پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ تاشلىۋېتىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاشتا سىرتماقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ئۇنىڭ گۈزەل ئۇزۇن چاچلىرى ئاقىۋەت ئۆز ھالاكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، بەھرام بولسا دىلئارامنىڭ ئىلتىپاتسىز سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ ئەلىمىدە كەچىتە مەي ئىچىپ، پۈتۈن كېچىنى مەي كەيپى بىلەن ئاچچىق ئازابىدا تولغىنىپ ئۆتكۈزدى.

ئەلىشىر نەۋائى، ھاكىممۇتلەق (يېگانە ھۆكۈمران) بولغان شاھلارنىڭ قەھرى ـ غەزىپى گوياكى ئەجدىھانىڭ ئاپىتى بىلەن تەڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ، شاھ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ھايات كەچۈرۈش، ئەجدىھا ئاغزىدا ھايات كەچۈرۈش بىلەن باراۋەردۇر، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ:

جەھان گەنجىغە شاھ ئېرۇر ئەجدىھا،
كى ئوتلار ساچار قەھرى ھەڭگامىدە.
ئانىڭ كامى بىرلە تىرىكلىك ئېرۇر،
مەئاش ئەيلەمەك ئەجدىھا كامىدە.

بەھرام ئەتىسى، مەي كەيپى تارقاپ جاھىللىقتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئەپسۇسلاندى. دىلئارامنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن پۇرسەت ئۆتكەن، دىلئارام ئۆز جايىدىن غايىب بولغانىدى.

ئاياغ ـ قوللىرى باغلانغان دىلئارامنى ئادەمزات يوق دەشت ـ باياۋانغا تاشلاپ كېتىشكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، دىلئارامنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرى مەسىلىسى يەنە مۇزىكا بىلەن باغلىق بولۇپ، قەقنۇس ئەپسانىسى ئېپىزوتى تەسىرىدە راۋاجلانغانلىقىنى كۆرىمىز،

دىلئارامنىڭ نەسلى - نەسەبى تازا ئېنىق مەلۇم ئەمەس. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇ چىندىكى ئۆزئارا ئۇرۇشلار دەۋرىدە، ئىككى خان ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قىز بولۇپ، چىن سودىگىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ۋە «ئاسراندى قىز» سۈپىتىدە ئۇنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغانىدى. تەبىئەت ئىنئام قىلغان گۈزەللىك، ئۆز ئىقتىدارى تالانتى بىلەن مۇزىكا ساھەسىدە ئېرىشكەن ماھارىتى ئۇنىڭ ئەل - يۇرت ئارىسىدىكى ئابرويىنى ۋە شۆھرىتىنى ئاشۇردى. «نەۋاساز» گۈزەل قىز مەشھۇر بولدى. ئۇنىڭ شۇ پەزىلىتى ئاۋۋال رەسسام مانىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق سۈرىتىنى، كېيىن ئۆزىنى شاھ بەھرامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى.

چىندىن دىلئارامنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ئاتىسى، بەختكە يارىشا دەشت باياۋاندا چالا ئۆلۈك ياتقان قىزىغا دۈچ كەلدى. كۈتۈلمىگەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھەيران قالغان چىن سودىگىرى ئۆز ئادەملىرى بىلەن دىلئارامنى ئورىۋالىدۇ ۋە دورا - دەرمانلار بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئالەمگە مەشھۇر چىن تىبابىتىنىڭ مۆجىزىلىك شىپا بەخش دورا - دەرمانلىرىنىڭ تەسىرىدە، دىلئارام كۆپ ئۆتمەي ئىلگىرىكى ئەسلىگە كېلىدۇ ۋە مېھرىبان ئاتىسى بىلەن مۇزىكا بەزمىلىرى ئۆتكۈزۈپ بىر نەچچە زامان خۇشال ھايات كەچۈرىدۇ. تەبىئىيكى، دەشت - باياۋاندا ئۇچراشقان سەپەر ئەھلى بىلەن دىلئارام ئالدىدا ئەمدى قاياققا بېرىش تېپىشمىقى تۇراتتى. ئىرانغا بەھرام ھۇزۇرىغا باراي دېسە، بىر قېتىم غەزىپىگە ئۇچراپ ھەيدەلگەن يەرگە نېمە دەپ بېرىش مۇمكىن؟ ئارقىغا چىنغا قايتىشمۇ ھەم مۇۋاپىق ئەمەس، ئەل ئارىسىدا ئۆز ئابرويى بىلەن ياشاپ كەلگەن سودىگەر ئىران شاھىغا ئۆزىتىلغان قىزى دىلئارامنىڭ ھالىتىنى ئادەملەرگە نېمە دەپ چۈشەندۈرىدۇ؟ قانداق ئىزاھلايدۇ؟

خۇلاسە قىلغاندا، زور بىر سىپىل ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. كېڭەشتىن كېيىن ئاسىيانىڭ قەدىمىي ئاۋات ۋە كۆركەم ئۆلكىسى مەشھۇر خارەزىم ۋادىسىغا بېرىش ماقۇللاندى.

خارەزىمدا دىلئارامنىڭ مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلاردىن بىرى ئىرانغا بېرىپ، يەتتىنچى كېچىدە شاھ بەھرامغا «دىلئارام قىسسىسى» نى سۆزلەپ بەرگەندە، يوقاتقان يارىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان بەھرام، تېزلىك بىلەن ئادەم تەشكىللەپ خارەزىمگە ئەۋەتتى ۋە دىلئارامنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تېپىشتى ۋە ئىلگىرىكىدەك مەي بەزمىلىرىدە ساز - ناۋالىرىنى ئاڭلاپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شېرىن ھايات كەچۈردى.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى دەۋرىدە ئەڭ مۇھىم مەسىلە، جەمئىيەت ئىدارىسىنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان تۈزۈم شەكلىدە تاكامۇللاشتۇرۇش، ئىنسانلار ھاياتىنى بەختلىك ۋە پاراۋان قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ھاياتىي ئاكتۇۋال ۋە زۆرۈر زامانىۋى مەسىلىلەرگە «سەبئەئى سەييارە» داستانىدىمۇ مۇھىم ئورۇن ئاجرىتىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بەھرام ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ ۋە تەرىپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

داستاننىڭ باش قىسمىدا بەھرام
زۇلۇم بىلەن ۋەيران بولغان ئۆلكىنى
ئاۋات قىلغۇچى، ئېزىلگەن ۋە ئاياغ-ئاس-
تى قىلىنغان يۇرت ئەلنىڭ بېشىنى سى-
لىغۇچى ئادالەتلىك، ئىنساپلىق پادىشاھ
سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بەھرام ئەلىشىر
نەۋائى تەسەۋۋۇردىكى پادىشاھلىق ھاكى-
مىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى ۋە سىمۋو-
لى ئىدى. ئۇنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمران-
لىقى دەۋرىدە «جاھان جەننەتكە ئوخشاش»
ئاۋات بولدى.

لېكىن بەھرام خەلق ئالدىدىكى ئۆز
بۇرچىنى، مەملىكەت، ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆز
ۋەزىپىسىنى ئاخىرىغىچە ئاقلىيالمىدى. ئۇ
ئەيش-ئىشرەت يولىغا كىرىپ، ئۆز شەخ-
سىي مەنپەئىتى، ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن
ئاۋارە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ شۇبھىسىز
جاۋابكارلىقى ۋە جازاسى بار ئىدى. بۇ
مەزگىلدە مەملىكەت باش پاناھسىز، دۆلەت
ئىشلىرى تەرتىپسىز، رەتسىز بولۇپ قال-
غانلىقىنى ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق تەس-
ۋىرلەپ كۆرسەتتى:

مۈلك ئىشى زەبتۇ رەبتسىز بولدى،
سەلتەنەت ئەمرى زەبتسىز بولدى.

بۇ ئىش ئاقىۋەتسىز ئۆتۈپ كەتمەيت-
تى ئەلۋەتتە. بەھرامغا «پادىشاھلىق
مەنسىپى» نى بەرگەن تەقدىر، بۇ مەن-
سەپتىن ئەلگە نەپ، مەملىكەتكە پايدا
بولمىغاچقا ئۇنى قاتتىق جازالىشى ۋە
ئۆز قەھرى-غەزىپى ئاستىغا ئېلىشى تۇر-
غان گەپ ئىدى ھەم شۇنداق بولدى.
بەھرامنى پۈتۈن ئوردا خادىملىرى بىلەن
بىرگە ئوۋ مەيدانىدا يەر يۇتتى.

ئەلىشىر نەۋائى بەھرامنىڭ پاجى-
ئەلىك تەقدىرىنى تەسۋىرلەشتە ئۆز دەۋ-
رى چۈشەنچىلىرى دائىرىسىدىن [illegible]
قىلىپ، «چەرخى كەبۇد» («كۆك [illegible]»)
دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتى. ئۇنىڭ بې-
تىشىچە، ئازغۇن، ساتقىن بەھرامنى جازا-
لىغۇچى غەيرى تەبىئىي كۈچ مانا شۇ،
«چەرخى كەبۇد» ئىدى. بەھرامغا زور
ھوقۇقلار بېرىپ، ئىمتىيازلىق شەخسكە
ئايلاندۇرۇپ قويغان «چەرخى كەبۇد» بۇ
بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن ئەلگە پايدا بول-
مىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر نەپەستە
جازالاپ، يەرقەھرىگە تارتىشقىمۇ قادىر ئىدى:

ئەيشلەر ساز ئەيلەدى پەيۋەست،
كى سەلاتىندىن ئەلگە بەرمەدى دەست.
مۇنچە كامىنكى، بەردى چەرخى كەبۇد،
ئۇيلە بىر دەمدە ئەيلەدى نابۇد.
كى بولۇپ دەھر نائۈمىد ئاندىن،
ئەسەرى قالمادى پەدىد ئاندىن.

بەھرام تەقدىرى ئەسىر ھۆكۈمران-
لىرى، يەنى شاھلىرى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇ-
رۇش، تەنبىھ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سىياسىي ھايات ھەققىدىكى پى-
كىر، ئەلىشىر نەۋائى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەزەرىيىۋى تە-
لىمات ئىدى. XV ئەسىر شارائىتىدا ئىج-
تىمائىي سىياسىي ھاياتتىكى شۇ زور كۆ-
رەشلەر ۋە ھاياتىي مەسىلىلەر بىرىنچى
ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەلىشىر نەۋائى
بىچارە دىلئازارلىقنىڭ شۇ كۈرەشلەرنىڭ
قۇربانى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ
بىغۇبار پاك كۆڭلى شۇ كۈرەشلەر دولقۇ-
نىدا ھالاك بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەممى-
يىمىزى بولغان قەقنۇس ئۆزىنىڭ گۈزەل
سەنئىتى، مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن بىرگە
ھېلىمۇ تىرىك، ئەبەدىيلىككە مەنسۇپ بول-
غان پېتىچە قالدى.

«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇنمەھەممەت ساۋۇت.

# دەلل ۋە مۇختار

(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇنەيد بەكرى

سۆز خامىنىنىڭ باشاق تەرگۈچىلىرى شۇنداق نەقىل كەلتۈرۈدۇكى، قەدىمدە پادىشاھ ھارۇن رەشىت زامانىدە باغدات ۋىلايىتىدە ئەبۇ جەئپەر ئىسىملىك مەشھۇر ۋە مۆتىۋەر بىر سودىگەر بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى بىلىندى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇت ئاغرىقلىرى ھەرقانچە سايە - سەۋەبلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇتتىن ھېچ بىر ئەسەر كۆرۈنمىدى. شۇنداق قىلىپ ئون ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتۈپ ئون تۆتىنچى يىلغا قەدەم قويدى. بۇ ئايالنىڭ قورسىقى كۈندىن - كۈنگە يوغىناشقا باشلىدى. ئەبۇ جەئپەر ئەھۋالدىن كۆپ غەم - ئەندىشىلەر قىلىپ، ئاخىر مۇنداق قارارغا كەلدى: باغدات ۋىلايىتىدىكى بارلىق مۇنەججىم - رەممالارنى ۋە پالچى - دۇئاخانلارنى يىغىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن خەير - ئېھسانلار بېرىپ، بۇ سىرنى ئۇلارغا بايان قىلدى.

ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولغان ھالدا تەپەككۇرغا چۈشتى. ئۇلار ھەر بىرى ئۆز ئىلىملىرىنىڭ دەرياسىغا شۇڭغۇدى - دە، بىردەمدىن كېيىن ھەممىسى بۇ ئىش توغرىسىدا ئورتاق خۇلاسىگە كېلىشتى. «ھەي ئەبۇ جەئپەر، — دېيىشتى ئۇلار، — ئون تۆت يىل توشقاندىن كېيىن ئايالىڭ بىر قىز تۇغىدۇ، ئۇ قىز ھۆسن - جامالدا دۇنيادا يەككە - يېگانە بولۇپ، بىر كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا مەھلىيا بولىدۇ - دە، ئىككىنچى كۆرمەك ئارزۇسىدا كوچا - كويلاردا سەرگەردان بولىدۇ. ئۇ قىز بۇ قەدەر گۈزەل ھۆسن - جامال بىلەنلا قالماي، يەنە ھىيلە - مىكىردىمۇ شەيتانغا دەرس ئۆتكۈدەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. ئۇ قىز باغدات ۋىلايىتىگە پىتنە - پاسات ئوتلىرىنى شۇنداق ياقىدۇكى، ئۇنىڭ مىكرى بىلەن خاراب بولمىغان بىرمۇ ئۆي ۋە زۇلمى بىلەن ياشقا تولمىغان بىرمۇ كۆز قالمايدۇ. ئۇنى ئىككىنچى دەججال دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ قىز ئانىسىدىن تۇغۇلۇشىدىلا ھەممە چىشلىرى تولۇق بولىدۇ، ھەممە سۆزلەرنى سۆزلىيەلەيدۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەر تەرەپكە مېڭىپ ئويناپ كۈلىدۇ. تاماق تەلەپ قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يەيدۇ. بۇنىڭ بۇ ئەپتى ۋە قىلىقىدىن شەيتانمۇ پاناھ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ نەيرەڭلىرى بىلەن پۈتۈن باغدات ۋىلايىتى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، باغداتلىقلارغا ھەر تۈرلۈك بالايىئاپەتلەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى تا-

لان - تاراج قىلىنىپ، ھەرقايسىسى بىر
پارچىدىن نانغا زار ۋە موھتاج بولىدۇ.
قىسقىسى، ئۇ قىز ئالەمگە مۇشۇ تەرىقىدە
پىتنە - پاساتلارنى سېلىپ، يېشى يەت-
مىشكە يەتكەندە، ئاخىر بىر مۆمىننىڭ
قولىدا ھالاك بولىدۇ - دە، جېنى جەھەن-
نەمگە تاپشۇرۇلىدۇ.»

مۇنەججىملەر ۋە قۇرئەندازلار بۇ
سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز
جايلىرىغا راۋان بولۇشتى. ئەبۇ جەئپەر
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆپ غەم - ئەندىشى-
لىك خىياللارغا چۆكۈپ كۆڭلىنى ھېچ بىر
يەرگە توختىتالمىدى. ئاخىر ئۇ: «ھەر-
نېمە بولسا، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن
بولمامدۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى
بەردى.

ئون ئۈت يىل توشقاندىن كېيىن
ئۇنىڭ خوتۇنى بىر قىز تۇغدى. خۇددى
مۇنەججىملەر كىتاب ھۆكمى بىلەن ھۆ-
كۈم قىلىپ ئېيتقىنىدەك، ئۇ بالا تۇغۇلغان
ھامانلا ئويناپ - كۈلۈپ، ھەرخىل سۆزلەرنى
سۆزلەپ، ھەر تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى.
تاماق تەلەپ قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن
يېدى. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆر-
گەن كىشىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ چېچىنىڭ
سىرتىمىقىغا باغلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئە-
قىل - پاراسىتىگە ھەرقانداق ئادەم ھەي-
رانلىق بارماقلىرىنى تەئەججۇپ
بىلەن چىشلەيتتى. ئەبۇ جەئپەر بۇ با-
لىغا «دەللە» دەپ ئات قويدى. بىرنەچچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى مەكتەپكە
بەردى. ئۇ قىزنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بول-
غانلىقتىن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ھەممە ئى-
لىمگە ماھىر ۋە ھەر بىر پەنگە كامىل
بولۇپ چىقتى. بولۇپمۇ مۇزىكا ئىلمىگە
جان پىدا قىلىپ ماھارەت ئىگىلىدى. قو-
لىغا ساز ئېلىپ چالىدىغان بولسا، ئاسماندا
زۆھرە يۇلتۇزىنى خىجالەتتە قالدۇرۇپ،
ئاڭلىغانلارنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى.
ئۇ قىز شۇ قەدەر خۇش ئاۋاز ئىدىكى،
قۇرئان تىلاۋەت قىلسا سەھرادىكى
بۇغا - ماراللار ۋە ھاۋادىكى ئۇچار قۇش-
لارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى - دە،
ئۆزلىرىنىڭ پايدا - زىيىنى ۋە خېيىم - خە-
تەرلىرىنىمۇ ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيت-
تى. ئۇ قىز ھەييارلىق يېنى بىلەن مەك-
كارلىق ئىلمىگە شۇنداق ئالىم ئىدىكى،
ئۇنىڭ بۇ ھەقتە باشقىلاردىن تەلىم ئې-
لىشقا قىلچىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ
نەچچە خىل پىرقە، نەچچە خىل قەۋملەر-
نىڭ تىلىنى شۇ قەدەر پىششىق بىلەتتى-
كى، ھەرقانداق قەۋم، ھەرقانداق



پىرقە بىلەن سۆزلەشسە ئۇلارنى سارا‑
سىمىگە سېلىپ قوياتتى. شۇنداقلا يەنە ئۇ‑
نىڭ تارىخ، ئالگېبرا، ھېساب قاتارلىق
پەنلەردە تەڭدىشى يوق ئىدى.

بۇ قىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن
ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۆسن-جامال‑
نىڭ داڭقى تەرىپى ئەتراپلارغا تارقىلىپ
شۆھرەت قازاندى. ھېسابسىز نەۋقىران يى‑
گىتلەر ئۇنىڭ گۈزەل چاچلىرىنىڭ قىلتى‑
قىغا تۇتقۇن بولۇپ، سانسىزلىغان شىرى
مەردلەر مىڭ-مىڭلاپ ئەرز-ئىلتىماسلار
بىلەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ، جان پىدا
قىلسىمۇ، قىلچە نەزەرىگە ئالماستىن مۇن‑
داق دەيتتى: «مەن ئادەتتىكى كىشىلەر‑
نى جۈپلۈككە قوبۇل قىلمايمەن. ھەر‑
قانداق كىشى ئىلىم-ھېكمەتتە، گۈزەللىك
ۋە پەزىلەتتە، ئەقىل-پاراسەتتە ۋە ھىي‑
لە-مىكرى قاباھەتتە ئۆزۈمدىن يۇقىرى
تۇرالىسا، مەن شۇ كىشىنى ئۆزۈمگە جۈپ
قىلىمەن.»

ئۇ لەئىنتى مۇشۇ سۆز بىلەن يىگىر‑
مە ياشقا كىردى. شام شەھىرىدىن مۇختار
ئىسىملىك بىر يىگىت ئۇنىڭ گۈزەللىك
داڭقىنى ئىشىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى.
نەچچە كۈن ئازاب-مۇشەققەتلەر بىلەن
باغدات شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، كارۋان
سارىيىغا چۈشتى. سەپەر ھاردۇقلىرىنى چى‑
قارغاندىن كېيىن، بىر قارارغا كەلدى-دە،
بىر تەدبىرلىك مەككار كەمپىرنى تېپىپ،
ئۇنىڭغا: ئۆز سىرىنى بىر-بىر‑
لەپ بايان قىلدى، ئۇنىڭغا
«ئەگەر سەن مېنىڭ مەقسىتىمنى
ھاسىل قىلىپ ئەبۇ جەئپەرنىڭ
قىزى دەلىلىنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزسەڭ،
ھەرقانداق مەقسىتىڭ بولسا، مەن ئۇنى
ئورۇندايمەن.» دېدى. كەمپىر مۇختاردىن
بۇ سۆزنى ئىشىتكەن ھامان ھىيلە-مىك‑
رى لىچىكىنى بېشىغا ئارتىپ، چارە-تەد‑
بىر ھاسىسىنى قولغا ئېلىپ، دەللاللارنىڭ
رەسمىيىتى بىلەن دەلىلىنىڭ بارگاھىغا
يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى رەڭمۇرەڭ
بوياقلار بىلەن بېزىلىپ نەقىشلەنگەن شا‑
ھانە ئىمارەتلەر ھەرقانداق غەمكىن
دىللارنىمۇ شاتلاندۇراتتى. مەككار كەم‑
پىر بۇلارنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە
قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي تۇرغىنىدا
كاتتا بىر قەسىردە ئولتۇرغان پەرى سۈ‑
پەت بىر قىزغا كۆزى چۈشتى. بۇ قىزنىڭ
نۇرلۇق چىرايى ئالدىدا ئاپتاپمۇ خىرە
ئىدى. كەمپىر بۇ قىزنىڭ دەلىلە ئىكەنلى‑
كىنى بىلدى. شۇ ھامان دەلىلىنىڭ كۆزىمۇ
كەمپىرگە چۈشتى. كەمپىر قول كۆتۈرۈپ
دۇئا قىلدى. ئاندىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن
بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

نېسىۋە ئالمىغاندۇر ھوش، سائادەت، ئەقلۇ
ئىدراكتىن،
سېنى كۆرگەن ھامان كىمكى يۈزىنى سۈر‑
مىسە يەرگە.
قويۇپ باش ئاستانەڭگە دىلۇ جانىن ئېلىپ
قولغا،
مۇرادىنى بېرەر، مەقسەت ئېتەكىڭ تۇت‑
قۇچى ئەرگە.

كەمپىر ئۇنىڭدىن كېيىن مۇختارنىڭ
سۆزىنى دەلىلىگە يەتكۈزدى. دەلىلە بۇ
سۆزنى ئاڭلىغان ھامان خۇددى چاچىتەك
چېچىلىپ:

— ھەي كەمپىر، مەن ئادەتتىكى
قىزلاردىن ئەمەس، ھەييارلىق ۋە مەك‑
كارلىقتا ماھىرمەن، ئەگەر ھەرقانداق كى‑
شى ھەييارلىق پىنىدە ۋە مەككارلىق ئىل‑

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مىدە ئۆزەم بىلەن باراۋەر، بەلكى مېنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن، ئاشۇنداق كىشىگە ئىگاھلىنىمەن. ئەگەر ئۇنداق كىشى يوق بولسا، بۇ دۇنيادىن بويتاق هالدا، يەككە-يېگانە كېتىشنى خالايمەن. سەن بېرىپ مۇشۇ سۆزۈمنى ئۇ يىگىتكە ئېيتقىن. مۇنداق پايدىسىز ساراڭلىقنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسۇن، — دېدى.

كەمپىر دەللىدىن بۇ نائۇمىد جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەيۈسلەنگەن ھالدا مۇختارغا يەتكۈزدى.

— ھەي موما، غەم يېمە، — دېدى مۇختار زور ئىشەنچ بىلەن، — دەللىنىڭ شەرتلىرى باشقىلارغا مۇشكۇل بىلىنسىمۇ، مەن ئۈچۈن ئاسان. ھەييارلىق ئىلمى ۋە مەككارلىق پېنىدە دەللىنىڭ ئۇستازى مېنىڭ شاگىرتىممۇ تەڭلىشەلمەيدۇ. ئەمدى سەن ماڭا يول باشلاپ دەللىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ بارغىن، بۇنىڭ ئىلاجىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

مۇختار بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، نەپىسماللار ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىرلارنى ئېلىپ، كەمپىر بىلەن بىللە دەللىنىڭ تۇرالغۇسىغا باردى. كەمپىر ئاۋۋال كىرىپ دەللىگە مۇختارنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. دەللە كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئاندىن مۇختار كىرىپ، ئەكەلگەن سوۋغا-تۆھپىلىرىنى دەللىنىڭ ئالدىغا قويدى. دەللە مۇختارنى كۆرگەن ھامان، ئىشق ئوقى ئۇنىڭ جىسمىنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىگە سانجىلدى-دە، مۇختارغا ئاشىقى شەيدا بولدى. بېيىت:

ئاسمان ھەم يەردە بولسا ھەر نېمە،
كەھرىۋادەك ئۆز خىلىن تار[illegible]ەمە.

دەللە مۇختارغا ئىشارەت قىلىپ تۆشەكلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. زىياپەت تۈزۈلۈپ تامامدىن كېيىن دەللە مۇختارغا خىتاب قىلىپ:

— ئەي يىگىت خۇش كەپسىز. بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى.

مۇختار جاۋابىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

چاچلىرىڭ تارى ئىشقىم قوزغالماققا سەۋەبتۇر،
كۆڭلۈمنىڭ مەيلى ساڭا سەۋەبسىز ئەمەس جانان.

مۇختار شۇنداق قىلىپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى. دەللە بۇنىڭ جاۋابىغا مۇنداق دېدى. بېيىت:

كەچ نېسىۋەڭدىن ئەگەر شىر بولماساڭ،
چاڭگالدا شىر
نەچچە باتۇرلارنى قانغا بويىدىلەر بىرمۇ بىر.

دەللە يەنە:

— مەن بۇ شەھەردە ھەييارلىق بىلەن مەشھۇرمەن، سەنمۇ مەككارلىق ئىلمىدە ماڭا ئوخشاش كامالەت ھاسىل قىلغان بولساڭ، ۋىسالىم مېۋىسىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ مۇرادىڭغا يېتىسەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھىجرانىم تىغى بىلەن جاراھەتلىنىپ، ئەزىز ئۆمرۈڭنى بەربات قىلىسەن، — دېدى.

مۇختار ئېيتتىكى:

— ھەي نازىنىن ئەگەر مېنىڭ ھەييارلىقىمنى سىناپ كۆرمەكچى بولساڭ، ئەتىلىككە سەرراپلىق بازىرىغا بارغىن. مەن ھۈنەرلىرىمدىن مىڭدىن بىرىنى شۇ

پەردە كۆرسىتىمەن.

دەللە مۇختارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن مۇختار دەللىدىن. رۇخسەت سوراپ، ئۆزى چۈشكەن سارايغا كەلدى-دە، نەپسىنىڭ قايىنىمىدا سەرگەردان بولغان كەمپىر مەلئۇننى ئىنئام ئېھسانلار بىلەن خۇشال قىلىپ يولغا سالدى.

ئەمدى ئاجايىپ ھېكايەت ۋە غارايىپ رىۋايەتنى بەتخۇلق مۇختارنىڭ نەيرەڭۋازلىقى بەتقىلىق دەللىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتۈپ، ئۇنىڭ جۈپلۈككە قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن ئاڭلاڭ:

مۇختار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەللە ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈپ تاڭ ئاتقۇزۇشنى بىلەلمىدى. كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەستىن، كېچىنى ئويغاق ھالدا ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن نەپىس كىيىملەر بىلەن جابدۇنۇپ، ئۆزىنى زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن بېزىدى، بېشىغا زەر روممىلىنى ئارتىپ، يۈزىگە قارا چۈمبىلىنى تارتىپ، بارگاھىدىن چىقتى-دە، سەرراپلار رەستىسىگە كېلىپ، مۇختارنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى.

بىردەمدىن كېيىن، قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيگەن، بېشىغا كەشمىرچە سەللە ئوراپ، سودىگەر يىگىتلەر سىياقىدا ياسانغان مۇختار تەكەببۇرانە قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى-دە، بىر سەرراپنىڭ دۇكىنىغا كىردى. ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەن سەرراپ تەمەگەرلىك بىلەن تەزىم قىلىپ:

— ھەي ئەزىز مېھمان، مەن ئورۇنداپ بېرىدىغان نىمە خىزمەت ۋە تاپشۇرۇقلىرى بارىكىن؟ — دېدى.

— مەندە مۇنچىلىك مىقداردا كۈمۈش بار ئىدى، — دېدى مۇختار سەرراپقا، — خالىغىنىڭىز بويىچە باھاسىنى ئېلىپ، شۇنى ماڭا تىللا①غا ئالماشتۇرۇپ بەرسىڭىز، سەپەردە ئېلىپ يۈرۈشۈمگە ئاسان بولاتتى.

ئۆزىنىڭ پالاكەت توزىقىغا چۈشۈپ قېلىشىنى بىلمىگەن بىچارە سەرراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بىر خالتا تىللا ئېكېلىپ، مۇختارنىڭ ئالدىغا تۆكتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، بۇ تىللادىن ئۆزىڭىز ئالماشتۇرماقچى بولغان كۈمۈشىڭىزنىڭ باھاسىغا تەڭ كەلگۈدەك مىقداردا ئېلىڭ. ئالماشتۇرۇش ھەققى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ھىممىتىچە مۇۋاپىق كۆرگىنىڭىزنى بېرەرسىز، — دېدى-دە، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

مۇختار بۇ تىللالاردىن ئۆزى خالىغىنىچە ساناپ ئېلىپ، تارازىغا سالدى-دە، نەچچە مىسقال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن بىر بوش ھەمياننى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تاللىغان تىللالارنى سېلىپ ئاغزىنى مەھكەم باغلىدى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن كىشىدەك بىپەرۋا ھالدا يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئىشقا ساراسىمە بولغان سەرراپ:

— ھەي ئوغلۇم، قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ تۈۋلىدى.

① تىللا — ئالتۇندىن سوقۇپ ياسالغان پۇل (ئېغىرلىقى 3.5 گىرامدىن 4.5 گىرامغىچە كېلىدۇ.)

مۇختار:

— ئىككىمىز سودىدا كېلىشەلمەگۈدەكمىز. باشقا كىشى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى.

— ئانداق بولسا، — دېدى سەرراپ، — مېنىڭ تىللالىرىمنى نەگە ئاپىرىسىز؟ تاشلاپ كېتىڭ.

— نېمىشقا ماڭا بۇنداق بۆھتان چاپلايسەن؟! — دېدى مۇختار غەزەپ بىلەن، — تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا مەندىن بۆلەك ئادەم تېپىلمىدىمۇ؟ ياكى مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟!

ئۇلارنىڭ شۇ يوسۇندا باشلىنىپ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان جەڭگى-جىبەدەللىرىنى كۆرۈپ بازاردىكى كىشىلەر يىغىلىشتى. كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەرراپنىڭ سۆزىنى «يالغان» دېيىشەتتى. بېيىت:

ياش يىگىت بىلەن كىشى جەڭگى جېدەل قىلسا ئەگەر،
سۆزى گەرچە بولسىمۇ راست ئەلگە يالغان بىلىنەر.

ئەلقىسسە، مۇختار بىلەن سەرراپنىڭ جاڭجاللىرى ھەددىدىن ئېشىپ بىر-بىرىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاشقان پېتى خەلىپە ھارۇن رەشىتنىڭ ئوردىسىغا ئەرزگە كېلىشتى. ھارۇن رەشىت بۇلاردىن ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدى.

مۇختار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، پېقىر شام ۋىلايىتىدىن كەلگەن بىر مۇساپىرمەن. بۇ شەھىرىڭىزگە، ئەزبىرايى خۇدا، سودىگەرچىلىك ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم. بىر-مۇنچە تىللالىرىم بار ئىدى، ئۇنىڭغا كۆمۈش سېتىۋالماق بولۇپ، مۇشۇ نائىنساپ سەرراپنىڭ دۇكىنىغا كەلگەنىدىم. لېكىن كۆمۈشلىرىنى كۆرۈپ ياقتۇرمىدىم. ئورنۇمدىن تۇرغان ھامان، بۇ مۇتىھەم مېنىڭ ئېتىكىمگە ئېسىلدى-دە، «ئالتۇنلىرىمنى قەيەرگە ئاپىرىسەن؟» دەپ ۋارقىراپ تۆھمەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئالتۇن ئۆزۈمنىڭكى ئىدى. مەن ئۇنى شام ۋىلايىتىدىن تارازىدا تارتىپ ھەم بىر-بىرلەپ ساناپ، ھەميانىمغا سېلىپ ئەكەلگەنىدىم. ئەگەر بۇ تىللالار بۇ قارا يۈز سەرراپنىڭ بولسا، قېنى، بۇ تىللالارنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ۋە قانچە مىسقال ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ؟ — دېدى.

ھارۇن رەشىت مۇختاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سەرراپقا قارىدى.

— ھەي جاھان پاناھ، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن، — دېدى سەرراپ ئالاقزادە بولغان ھالدا، — مەن بۇ ھارامزادە، تېگى پەس بەدرەكنىڭ بۇنداق خىيانەتكار ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، كۆپ تىللالارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۆزۈم باشقا ئىشقا مەشغۇل بولغانىدىم. تىللالارنىڭ ۋەزنى ھەم سانىنى ئۆزى ھېسابلاپ ئايرىۋالغان تۇرسا، ئۇ ئايرىۋالغان تىللالارنىڭ مىقدارىنى مەن قانداق بىلەلەيمەن؟!

مۇختار دەرھال سۆزگە لوقما سېلىپ:

— بۇ سەرراپنىڭ يالغانچىلىقى ئۆزىنىڭ دەۋاتقان سۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەجەبا، قولىدا ئالتۇن-كۆمۈشى بولسۇنۇ، ئۇنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىغان بۇ قانداق ئادەم؟ ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزى بوھتان قىلغانلىقىغا گۇۋاھتۇر، — دېدى.

— ھەي يىگىت، — دېدى ھارۇن



رەشىت مۇختارغا سوئال قويۇپ، - تىللانىڭ ۋەزنى بىلەن سانىنى ئۆزۈڭ بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن. ۋەزنى ئىككى يۈز مىسقال، سانى ئۈچ يۈز قىرىق تىللا، — دېدى مۇختار.

ھارۇن رەشىت ياساۋۇلغا:

— تارازا بىلەن تارتىپ، ساناپ باققىن، — دېدى.

ياساۋۇل ساناپ ۋە تارتىۋىدى، مۇختارنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىقتى. ھارۇن رەشىت سەرراپقا قاتتىق دەككە بېرىپ، تىللانى مۇختارغا بۇيرۇپ بەردى.

بۇ ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ كۆرگەن دەللە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە: «ھەرقانداق ھەييارلىق ۋە مەككارلىقمۇ بۇنىڭدىن زىيادە بولماس، بۇ يىگىت مېنىڭ ئېرىم بولۇشقا لايىقكەن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، دەللىنىڭ قورۇسىغا كېلىپ، قازىنىڭ ئىجازىتى بىلەن نىكاھلاندى. بۇ ئىككى زىياندىش شۇ يوسۇندا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى ھېكايەتنى بۇ ئىككى بەتقىلىق مەخلۇقلاردىن تۆت يىل ئىچىدە يەتتە قىز پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇلارنى يەتتە ئوغرىغا بەرگەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ ئون ئالتە نەپەر بولۇپ، پۈتۈن باغدات ۋىلايىتىگە غەلۋە - غەۋغا ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغانلىقىدىن ئاڭلاڭ:

ئەلقىسسە، بۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شۇ يىلى دەللە ھامىلدار بولۇپ بىر قىز تۇغدى. ئىككىنچى يىلى ئىككى قىز تۇغدى. ئۈچىنچى يىلى ئۈچ قىز تۇغدى. تۆتىنچى يىلى يەنە ھامىلدار بولۇپ، بىر قىز تۇغدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي يەتتە قىز بولدى. ئىككىسى ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى. بۇ قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ھۆسن-جامالدىمۇ كامالەتكە يېتىپ، شۇ قەدەر داڭ چىقاردىكى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر بۇلارغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ھەر تەرەپتىن ھەددى - ھېسابسىز تەلەپكارلار كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئىككىسى بۇ قىزلارنى ھەرقانداق ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىق پەرزەنتلىرىگە بېرىشكە كۆڭۈلشمەستىن، «ئىتنىڭ چىشىغا ئېشەكنىڭ گۆشى» دېگەندەك يەتتە نەپەر بەتقىلىق ئوغرىنى تېپىپ، شۇلارغا نىكاھلاپ بەردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەر كۈنى كەچ كىرگەندە، مۇختار بۇ يەتتە ئوغرىغا باش بولۇپ، باغدات خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى تالان-

www.uyghurkitap.com

تاراج قىلىشقا باشلىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن دەللە يەتتە قىزىنى باشلاپ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ، ھەممىگە پىتنە-غەۋغالار سېلىپ، كۆيدۈرگىلىك قىلاتتى. لېكىن كىشىلەرنىڭ گۇمانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر ئايدا ماكانلىرىنى يۆتكەپ تۇراتتى.

بىر كۈنى دەللە ھەييارلىق پىتنە-پاساتلىرىنى تېرىشقا قەدەم قويماق بولۇپ، ئالدامچىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، بېشىغا مەككارلىق رومىلىنى ئارتىپ، پۇتىغا ھىيلىگەرلىك كەشىنى كىيىپ، بىر قولىدا ياش نوتىدىن ياسالغان ھاسا، يەنە بىر قولىدا كەھرىۋا تەسۋىسىنى تۇتۇپ، سوپى خوتۇنلار سىياقىدا ياسىنىپ، كوچا ۋە بازارلارنى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ كېتىۋاتقىنىدا توساتتىن پەلەككە باش سوزغان بىر ئالىي ئىمارەت كۆرۈندى. بۇ خوجا سېلىم باغدادى دېگەن سودىگەرنىڭ قورۇسى ئىدى. بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدا باغداتنىڭ ئابرويلۇق زاتلىرىدىن ئىدى. بۇ كىشى ۋاپات بولۇپ، بىر قىزى قالغان. بۇ قىزنىڭ ئىسمى سىتتى بولۇپ، سايىبجاماللىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى سودا-تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى. سىتتى پاك، دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك ئايال ئىدى. دائىم [illegible]، روزا تۇتاتتى. تەگرىنى بىردەممۇ يادىدىن چىقارمايتتى.

بەتخۇي دەللە سىتتىنىڭ قورۇسىغا كىرىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بىرىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ، ئىككىنچى دەرۋازىغا قەدەم باسقاندا، خىزمەتكارلار كىرىشكە رۇخسەت قىلمىدى. دەللە ئىلاجىسىز شۇ يەردە ئولتۇرۇپلا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن سىتتىنىڭ خىزمەتكارلىرى يىغا-زارە قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى دەللىنىڭ پالاكەت كەلتۈرگۈچى ئاۋازى سىتتىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى-دە، كېنىزەكلىرىگە:

— قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان قانداق ئادەمكەن؟ ئاۋازى جانغا ھالاۋەت ئىكەنغۇ. ئۇنى چاقىرىڭلار، ئىچكىرىگە كىرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

كېنىزەكلەر دەللىنى تەكلىپ قىلىپ، سىتتىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىردى. دەللە سىتتىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىغا ھەيران بولۇپ، كۆڭلىدە: «بۇ بېھىشتىن رىزۋاندىن كېلىپ قالغان ھۆرمۇ نېمە؟ نېمە بولسا بولسۇن، ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ ئويلىدى-دە، ئۇنىڭ



يېنىغا بېرىپ سالام قىلدى. سىڭتىي قارىغۇدەك بولسا، بىر قولىدا ھاسا، بىر قولىدا تەسۋىي تۇتقان بىر نۇرانە ئايال، بۇنى كۆرگەن سىڭتىي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىخلاس بىلەن تەزىم قىلدى-دە، ياخشى جايدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

— ھەي ئانا، — دېدى سىڭتىي ئۇنىڭغا، — نەدىن بولىسىز، نېمە ئىش قىلىسىز؟

بۇ بىكار تەلەپ دەللە شۇ ھامان ئالدامچىلىق يىغىسىنى باشلاپ:

— ھەي جان-جىگەر پەرزەنتىم، مەن مۇشۇ شەھەردىن بولىمەن. ھەج قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە بارغانىدىم، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كەلدىم. كاشكى، يولدا ئۆلگەن بولسام بۇ يەرگە كېلىپ، مۇنداق غەم-ئەلەملەرگە دۇچار بولماستىم، — دېدى-دە، ياش تۆككەن پېتى قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ قۇرئاندىن بىر-ئىككى پارە ئوقۇغاندىن كېيىن، سىڭتىي بۇ بەدبەختنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالمىدى.

— ھەي ھاجى ئانا، — دېدى ئۇ، — مۇنداق يىغلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي. ئەگەر غەم-ئەندىشەڭ پۇل-دۇنيادا بولسا، خالىغىنىڭچە ئىنئام قىلاي؛ باشقا جەھەتتە ھاجىتىڭ بولسىمۇ، ماڭا ئېيتقىن، بىر ئىلاجى قىلاي، — دېدى.

دەللە يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

چۈشتى جىسمىم ئىچرە ئوت، ئېيتاي دېسەم كۆيگەي تىلىم،
گەر قىلاي پىنھان دېسەم، قانداق قىلاي، كۆيگەي دىلىم.

سىڭتىي ئۇنىڭ بىر مەخپىي سىرى بارلىقىنى سېزىپ، ھەممە كېنىزەكلىرىنى ئۆزگە يارىشا بىر ئىشلارغا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆينى خالىي قىلدى. ئاندىن:

— ھەي ئانا، ئەمدى سىرىڭنى ماڭا ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ھاجىتىڭدىن چىقىمەن، — دېدى.

دەللە يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— ھەي جېنىم قىزىم، سىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاشقا ئۇيۇلىمەن. لېكىن بايان قىلماسلىققا ئىلاجىمۇ يوق.

— ھەي ئانا، تېزرەك ئېيتساڭچۇ، مېنى ئۇتلۇق ئاھلىرىڭ بىلەن كۆيدۈرۈۋەتتىڭغۇ!؟ — دېدى سىڭتىي تەقەززا بولۇپ.

— جېنىم قىزىم، — دېدى دەللە نەيرەڭۋازلىقىنى باشلاپ، — مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار. جاۋاھىرپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. جاۋاھىر بازىرىدا دۇكىنى بار. ھۆسن-جامال، قەددى-قامەت جەھەتتە بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان يىگىت يوق. بەش-ئون كۈن بولدى، ئوغلۇمنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماققا تاقىتى يوق، كۈندۈزلىرى ئولتۇرماققا چىدامى يوق بولۇپ قالدى. دائىم ئاھ ئۇرۇپ، كۈندىن-كۈنگە زەپىراندەك سارغىيىپ كېتىپ بارىدۇ. تېۋىپ-ھېكىملارنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ كۆرسەتسەم، تومۇرىنى كۆرۈپ، ئويلىنىپ دېدىكى: «ئوغلۇڭدا ئىشق دەردىدىن ئۆزگە كېسەل يوق.» ئۇلاردىن بۇنىڭ ئامالىنى سورىسام، ئۇلار: «بۇنداق كېسەلگە مەشۇقىنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق» دېيىشتى. ئوغلۇمدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ۋە كىمگە كۆيۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدىم. ئوغلۇم يىغلاپ تۇرۇپ: «ھەي ئانا، مېنى نېمىشقىمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇغقان بولغىيتتىڭ؟ بۇ كۆلپەتلىك جاھانغا كەلمىگەن بولسام، بۇ بالا-قازالار بېشىمغا كەلمىگەن بولاتتى» دېدى. ئاندىن شۇنداق ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇردىكى، بۇنىڭغا چىدىماستىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. «بىر كۈنى، — دېدى ئوغلۇم يىغا ئارىلاش سۆزىنى داۋام قىلىپ، — تىجارەت ھەلەكچىلىكى بىلەن پالانى جايدىكى، ھامامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، تۇساتتىن ھامام ئىشىكىدىن زىلۋا بىر قىز چىققانتى-دە، كەكلىكتەك سىلىق چاچلىرى مەن تەرەپكە يۆزلەندى. مەن ئۇنىڭ تۇبى① دەرىخىدەك كېلىشكەن بوي-تۇرقىغا، تۇزدەك چىرايلىق يۈزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، ئەس-ھوشۇمنى يوقاتتىم. بۇ تەرەپكە نېمىشقا كەلگەنلىكىم ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىمنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئاي يۈزلۈك ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. شۇ ئەسنادا شامال تۇيۇقسىزلا كۈچىيىپ، ئۇ قىزنىڭ يۈزىدىن چۈمبەلىنى سەللا كۆتۈرۈۋەتتى، كۆزۈم ئۇنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈلدەك چىرايىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يادەك ئەگمە قاشلىرىدىن ئىشق ئوقى كېلىپ كۆكسۈمدە ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز خاھىشىمنىڭ تىزگىنىنى قولدىن بېرىپ قويدۇم-دە، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ قىزنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم. ئۇنىڭ قايسى چىمەننىڭ گۈلى ۋە قايسى بوستاننىڭ كۆچىتى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، خۇددى ئۇنىڭ سايىسىگە ئوخشاش كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ ماڭدىم. بىر پەيتتىن كېيىن ئۇ خوجا سېلىم باغدادىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتتى-دە، گويا بۇلۇت ئارىسىغا مۆكۈنگەن قۇياشتەك كۆزۈمدىن غايىب بولدى» دېدى. «ئوغلۇم، ئۇنداق بولسا، ئۇ خوجا سېلىم باغدادىنىڭ قىزى بولسا كېرەك. سەن سەۋر قىلىپ تۇرغىن. مەن سېنى ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا چوقۇم يەتكۈزىمەن» دەپ، بىر-ئىككى ھەپتىگىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ تۇرغانىدىم. بىراق بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئۇنىڭ ئىشتىياقتىن تاقىتى تاق بولۇپ، ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا تاشلاشقا ئاز قالدى. قىزىم، سەن بېرىپ بىر نەپەسلىك دىدارىڭنى ئايىماي، ئوغلۇمنى شاد-خۇرام قىلىپ، پېقىرنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ، چۈنكى ئۇ ناتاۋاننىڭ دەردىگە سېنىڭ دىدارىڭدىن باشقا داۋا يوق، — دېدى.

غۇنچە بوي سەتتى قىلىقسىز دەللىدىن بۇنداق نومۇسسىز گەپلەرنى ئاڭلىغان ھامان ئىپپەت يۈزىسىدىن تاقەت قىلالمىدى.

— ھەي ئۇياتسىز، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — مۇشۇنداق ناشايان ئىشنى مېنىڭدەك ئاجىزەگە راۋا كۆرۈپ، پاك ئېتىكىمنى گۇناھدارلىق پاتقاقلىرى بىلەن بۇلغىماقچى بولۇپسەن، بۇنداق قىلمىشقا خۇدادىن قورقماسەن؟! مەن سېنى تېخى پاك، خۇداگوي ئاياللاردىن ئىكەن دەپ، سارىيىمغا كىرىشكە رۇخسەت قىپتىمەن. بۇنداق پاسىقلاردىن ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولسام، بۇياققا يول بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمىغان بولاتتىم.

— ھەي پاك ئىنسان، — دېدى دەللە يىغلاپ تۇرۇپ، — بىر دەملىك دىدارىڭنىمۇ

① تۇبى — جەننەتتىكى بىر گۈزەل دەرەخ.

ئاشۇ ناتاۋاندىن يىراق تۇتۇۋاتىسەن، رەھىم-شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىدىن زادى ئۈمىدلىك يوقمۇ؟ گەرچە ئوغلۇم ساڭا نامەھرەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساڭا ھاجەتمەندۇر. بىر پەسلىك چىرايىڭنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن زىيادە ساۋابى بولسا ئەجەب ئەمەس؛ ئەگەر ساۋابى بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇ سەۋەب بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى تەڭرى كەچۈرۈم قىلسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، بۇ شۇم دەللە ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن ئېزىقتۇرغۇچى سۆزلىرى ئارقىلىق سىتتىنىڭ كۆڭلىنى ئازراق مايىل قىلدى. بېيت:

بىر نەپەستە گۇناھكار قىلۇر شەيتان مىڭ ئەرنى،
لېكىن ھىيلە-مىكرىدە خوتۇنلار ئاڭا ئۇستاز.

دەللىنىڭ ئوقۇغان ئەپسۇنلىرى سىتتىغا تەسىر قىلىپ:

— ھەي ئانا، ئوغلۇڭ بىچارە ھەقىقەتەن دىدارىمغا مۇيەسسەر بولۇشنىلا ئىستىسە، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۈچۈن بۇ گۇناھنى قىلىشقا رازىمەن، — دېدى.

— ھەي نازىنىن، ئوغلۇم بىچارە پەقەت سېنى كۆرۈش بىلەنلا قانائەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دېدى دەللە.

سىتتى:

— ئۇنداق بولسا، سەن مۇشۇ دەرۋازىدىن چىقىپ پالانى دوقمۇشتا مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، مەن باشقا ئىشىكتىن چىقىپ بارىمەن، — دەپ، دەللىنى يولغا سالدى. ئاندىن ئۆزى قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىپ، بېشىغا زەر رومىلىنى ئارتىپ، گويا ئارچا دەرىخىگە جان كىرىپ ماڭغاندەك، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، يولغا چىققانىدى، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشتى.

ئەلقىسسە، سىتتى ۋەدىلەشكەن ئورۇنغا يېقىنلاپ بارغان ھامان، لەنەتگەردى دەللە ئورنىدىن تۇرۇپ، جاۋاھىر بازىرى تەرەپكە يول باشلاپ ماڭدى. جاۋاھىرپۇرۇشلار كوچىسىغا يېتىپ كەلگەندە، دەللە سىتتىغا:

— ھەي گۈزىلىم، سەن مۇشۇيەردە ئازراق دەم ئېلىپ تۇرغىن، — دېدى. ئاندىن يىراقتىكى بىر دۇكاندا تىجارەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چىرايلىق بىر يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاشۇ ياش جاۋاھىرپۇرۇش مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاي.

سىتتى ئۇ يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا ياقتۇرۇپ قالدى-دە، كۆڭلىدە ھازىرلا بېرىپ يۈرەك ئارزۇلىرىنى قاندۇرغۇسى كەلدى.

ئەلقىسسە، دەللە ھېلىقى جاۋاھىرپۇرۇش يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى. جاۋاھىرپۇرۇش بۇ ئاجىز ۋە نۇرانە ئايالنى كۆرۈپ:

— ھەي ئانا، ماڭا بۇيرۇيدىغان نېمە خىزمىتىڭىز بولسا ئېيتىڭ، — دېدى.

— ھەي ئوغلۇم، مەن بىچارە ئايالنىڭ كۆز قارىچۇقى بولغان ئاشۇ بىرلا يالغۇز قىزىمدىن باشقا، بۇ دۇنيادا ھېچ-

كىمىم يوق. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا سىنىڭ چىرايىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىكەن. ساڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن بۇيان كېچىلىرى ئارامى يوق، كۈندۈزلىرى چىدامى يوق، دائىم يىغلىماقتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئاخىرى ئىلاجىسىز ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈردۈم. لېكىن دۇكىنىڭغا كىرىشكە ئىزا تارتىپ چىرايىڭغا يىراقتىن تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى دەللە سىتتىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىرەر خالىي ئورۇننى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەت سۆھبەتلىشىپ قويساڭ قانداق؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلاتتىڭ.

جاۋاھىرپۇرۇش زەر روماللىق قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «خوتۇن كىشىلەر قوپۇپ ئەرلەرگە تەلەپ قويۇۋاتسا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئوغۇل بالىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋاھىرلىرىدىن ھەميانىغا بىر ئاز قاچىلاپ، قىز ۋە دەللە بىلەن ماڭدى. جاۋاھىر بازىرىدىن چىقىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، دەللە بىر ساددا چىراي ئۇشتىگەرنىڭ بىر ئازادە دۇكاندا ئولتۇرغانلىقىنى، بۇ دۇكاننىڭ ئۈستىدە بالىخانىسى بارلىقىنى كۆردى-دە، جاۋاھىرپۇرۇش بىلەن سىتتىنى مۇشۇ ئورۇندا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۇشتىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي يىگىت، بىر ھاجىتىم بار ئىدى، ياردەم قىلارسەنمۇ؟ — دېدى دەللە ئۇنىڭغا.

ئۇشتىگەر قارىسا، پاك، دىيانەتلىك، تەقۋادار سوپى قىياپەتلىك بىر ئايال تۇرغان، شۇ ھامان ئۇ دەللىگە سالام قىلىپ:

— ھەي ئانا، قانداق ھاجىتىڭىز بولسا ئېيتىڭ. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

— ئاشۇ ئۇدۇلدا تۇرغان ئاجىز قىز مېنىڭ قىزىم، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش يىگىت مېنىڭ كۈيئوغلۇم، — دېدى دەللە سىتتى بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە بىر گەپلەر بىلەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنىدى، بۈگۈن قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە ياراشتى. ئۆيىمىز شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىدى، يېتىپ بېرىپ بولغۇچە ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوخشايمىز. بىردەم ھاردۇقىمىزنى ئېلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن دۇكىنىڭدىن ئورۇن بەرسەڭ، ئۇلارمۇ بىردەم ئارام ئېلىۋالسا.

— باش ئۈستىگە، — دېدى ئۇشتىگەر دەللىنىڭ تەلىپىنى جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

نەزەر گاھىڭ ئۈچۈن مەنزىل قىلىپ كۆزۈم راۋاقىنى،
كېلىپ ئولتۇر كەرەم ئەيلەپ، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدۇر بۇ جاي.

ئۇشتىگەر بالىخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، رەڭمۇ رەڭ قىممەت باھا تۆشەكلەرنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى باشلاپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

دەللە قىز بىلەن يىگىتكە:

— ھەي گۈزەل بىر جۈپلەر، ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، كىيىملىرىڭلارنى يېشىۋېتىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭلار، بەدىنىڭلار شامالدىن راھەتلەنسۇن، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاۋاھىرپۇرۇش بىلەن سىتتى تاشقى كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ ئىشىك يېنىدا قويۇپ قويۇشتى. جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ كىيىمى بىلەن بىللە قويغان ھەمياندا قىممەت باھالىق جاۋاھىرلار بار ئىدى. سىتتىنىڭ كىيىم-كېچىكى ۋە ئۈنچىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتىمۇ جاۋاھىرپۇرۇشنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بۇ ئىككىسى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يېنىكلىگەندىن كېيىن، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا، بىر-بىرىنىڭ چىرايىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قاراقچى دەللە ھەر ئىككىسىنىڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدى. ئاندىن تۇيدۇرماستىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرىغا چىقتى-دە، بالىخانا ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ، ئۇستىگەرنىڭ قېشىغا چۈشتى.

— ھەي ئۇستام، — دېدى دەللە ئۇستىگەرگە، — ئەگەر كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە مۇشۇ ئاقچىنى ئېلىپ، ئاشخانىدىن ئازراق تاماق ئېلىپ كەلسىڭىز ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ، سۆھبەتلەشكەچ غىزالانساق بوپتىكەن.

ئۇستىگەر:

— جان-دىلىم بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولىمەن، — دېدى-دە، دەللىنىڭ قولىدىن تۆت-بەش تەڭگىنى ئېلىپ، دۇكىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

دەللە شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستىگەرنىڭ دۇكىنىدىكى بارلىق ماتالىرىنى قويماي ئېلىپ، تاشقىرىغا چىقتى-دە، ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئاندىن ئېلىپ چىققان ماتالىرىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۆتكەپ كېتىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، قېچىر مىنىپ كېلىۋاتقان بىر كىراكەشكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنى چاقىرىپ:

— ھەي قېرىنداش، مۇشۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ. ئۇ پالانى يەردىكى بۇلاقتا ماتا يۇيۇۋاتىدۇ. بۇ ماتالارنىمۇ شۇ يەرگە ئاپارماقچى ئىدىم. يەنە دۇكان ئىچىدە ئاپىرىشقا تېگىشلىك ئىككى بۆلەك يۈك بار. قېچىرىڭنى كىرا قىلامسەن؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە كىرا قىلىمەن، — دېدى كىراكەش.

دەللە دېدىكى:

— كىرا پۇلغا قانچە ئالىسەن؟

كىراكەش:

— ھەي ئانا قانچىلىك بېرىشنى ئۆزەڭ بىلەرسەن، — دېدى.

دەللە يانچۇقىدىن بىر تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ كىراكەشكە بەردى، دۇكاننىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىپ، ئېلىپ چىققان ماتالارنى ۋە سىتتى بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى قېچىرغا يۈكلەپ ئارتتى. دەللە كىراكەشكە:

— سەن بۇ ماللارنى بۇلاق بېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ، قالغىنىنى يەنە ئېلىپ بارىمەن، ئاڭغىچە سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى. ئاندىن قېچىرغا ئارتقان مالنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، يولغا چۈشتى. دەللە شۇ ماڭغىنىچە ئۆيىگە كېلىپ خاتىرجەم ئولتۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ئىككى كەلىمە ئىبرەتلىك سۆزنى ئۇستىگەر بىلەن كىراكەشنىڭ ھېكايىتى ۋە گۈل يۈزلۈك سىتتى بىلەن دىلى سۇنۇق جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ خىجالىتىدىن

ئاڭلاڭ.

ئەخمەق كىراكەش بىر تەڭگىنىڭ تاماسىدا قېچىرىنى ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغان بۆلاق بېشىغا ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىنتىزارلىق كوچىسىدا كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. بالىخانىدا قالغان جاۋاھىرپۇرۇش بىلەن سىتتى بىر-بىرى بىلەن ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ، كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا قېنىشتى. بىر سائەتتىن كېيىن، سەل خاتىرجەمسىزلەنگەن جاۋاھىرپۇرۇش سىتتىغا:

— ھەي جېنىم، ئانىڭىز قەيەرگە كەتتىكىن؟ بۇ يەردە قەپەزگە چۈشكەن قۇشتەك ئولتۇرۇۋېرىشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇشتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سىتتى ھەيران بولۇپ:

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، ئۇ ئايال سىزنى «ئوغلۇم» دەپ تونۇشتۇرغانىدى، بۇ سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇ سىزنىڭ ئانىڭىز ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئۇ خوتۇننىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ساراسىمىگە چۈشۈپ كىيىملىرىگە قارىسا ھېچ يەردە يوق. ئۇنى دەللىنىڭ مەككارلىق بىلەن ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان بۇ ئىككى بىچارە ئاخىر، «خەير، بولغۇلۇق بولدى. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ خەلق ئارىسىدا شەرمەندە بولۇشىمىز ياخشى ئەمەس، نېمە بولسا بولسۇن، ئۆز ماكانىمىزغا قايتىۋالايلى» دېيىشىپ، بېرىپ ئىشىكنى تارتىۋىدى، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىدى. ئۇلار ئىشىكنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشنىڭ مەسلىھىتىدە تۇرغىنىدا، ئۇشتىگەر كېلىپ قالدى.

دۇكىنىغا قۇلۇپ سېلىنغانلىقى ۋە ئاچقۇچىنى ناتونۇش بىر كىشىنىڭ ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئۇشتىگەر ھەيران قالدى.

— سېنىڭ دۇكىنىمغا ئۆزەڭچە قۇلۇپ سېلىپ ئولتۇرۇشقا نېمە ھەققىڭ بار؟! — دېدى ئۇشتىگەر غەزەپ بىلەن.

— ھەي ئەخمەق، — دېدى كىراكەش ئاندىن بەكرەك ۋارقىراپ، — مۇنداق پوپۇزىلىرىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ قېچىرىغا ئاسانلا ئىگە بولۇۋېلىشقا ئالدىراۋاتامسەن؟! خوتۇنۇڭ ماتالىرىڭنى «بۆلاق بېشىدا ماتا يۇيۇۋاتقان ئېرىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن، دۇكاندا يەنە ئىككى بۆلەك يۈك بار، قايتىپ كېلىپ ئۇنىمۇ ئاپىرىمەن» دەپ، قېچىرىمنى كىرا قىلىپ، يېنىڭغا كەتكىنىگە تېخى يېرىم سائەتمۇ بولغىنى يوق، تېنىۋالماقچىمۇسەن؟!

ئۇشتىگەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا كىراكەشنىڭ قولىدىن ئاچقۇچنى يۇلۇپ ئېلىپ، دۇكاننى ئاچتى. دۇكاندا ئەسكى بورىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئۇشتىگەر بىچارە كىراكەشنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردى-دە:

— تېزدىن مېنىڭ ماتالىرىمنى ئېلىپ كەل، بولمىسا، مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ مېنىڭ قولۇمدىن تىرىك قايتالمايسەن! — دېدى.

بۇنىڭغا چىدىمىغان كىراكەش ئۇشتىگەرنىڭ يۈزىگە ئون تەستەك ئۇردى:

— دەرھال مېنىڭ قېچىرىمنى تاپ، بولمىسا، ئون مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ، قولۇمدا ساق قالمايسەن، — دېدى ئۇ ئۇشتىگەرگە غەزەپ بىلەن، — خوتۇنۇڭنى

قېچىرىمغا مىندۈرۈپ قاچۇرۇۋېتىپ، ئاندىن
ماڭا ئىزا - ئاھانەت قىلىشقا كەلدىڭمۇ؟!
ياكى كىشىگە مۇشۇنداق تۆھمەت قىلسام
قېچىرىنى تاشلاپ قاچىدۇ دەپ ئويلا-
ۋاتامسەن؟!

ئۇلارنىڭ غەلۋە - ماجىرالىرى چەكتىن
ئاشتى. بۇ ۋارقىراش - جارقىراشلارنى ئاڭلى-
غان خالايىق تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلدى.
ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن قاماللاشقان
پېتى بالىخانىغا چىقتى - دە، سىنتىي بىلەن
جاۋاھىرپۇرۇشقا ۋارقىرىدى:

— ھەي يارىماس چۈپرەندىلەر، ھەر-
قايسىڭنىڭ ئانىسى بىزنى خانىۋەيران قى-
لىۋېتىپ قېچىپتۇ، ئۇنى نەگە قاچۇرۇشتۇڭ؟!

سىنتىي بىلەن جاۋاھىرپۇرۇش بۇ
رەسۋاچىلىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، باش-
تىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ
بايان قىلىشتى. كىشىلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ
سۆزىدىن بۇ ماجىرالارنىڭ ھەممىسى دەل-
لىنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

دەللە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى
مۇختارغا بايان قىلدى. مۇختار خۇشال بو-
لۇپ، بېشىغا يوغان ئاق سەللە ئوراپ،
ئەللە تونىنى كىيىپ، سومە ئىچىدە ئىتىكاپتا
ئولتۇرىدىغان شەيخلەرنىڭ سىياقىدا
ياساندى. ئاندىن خوتۇنىنىڭ تېرىغان غەۋ-
غالىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن بازار تە-
رەپكە قەدەم قويدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ، ئۈشتىگەرنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ
كەلدى. مۇختار ئۇ يەردە، سىنتىي بىلەن
جاۋاھىرپۇرۇشنى خەلق ئالدىدا شەرمەندە
بولغىنى ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ، نالە - زار قىلغان، ئۈشتى-
گەرنى ماتالىرىنىڭ قايغۇسىدا ئوغىسى قاي-
نىغان، كىراكەشنى قېچىرىدىن ئايرىلىپ
قالغىنى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقان ھالدا
كۆرۈپ، قىن - قىنىغا سىغمايۋاتقان كۈلكى-
سىنى مىڭ تەستە بېسىۋالدى، ئاندىن
خالىس ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ
كۆپچىلىككە سىنتىي بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشنى
كۆرسىتىپ:

— بۇ بىچارە قىز - يىگىتنىڭ خەلق
ئالدىدا بۇنداق تۇرۇۋېرىشى مۇۋاپىق ئە-
مەس، — دېدى - دە، ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا
كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزىمۇ بىر تەرەپكە جۆنەپ
كەتتى.

جاۋاھىرپۇرۇش، ئۈشتىگەر ۋە كىرا-
كەش قاتارلىقلار مەككار دەللىنىڭ دامىغا
چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالدا قالغانلىقى
ئۈچۈن قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ئۇلار ئۆز-
ئارا مەسلىھەتلىشىپ، دەللىنى قولغا چۈ-



www.uyghurkitap.com

شۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار ھەر كۈنى كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ دەللىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر يىل ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن دەللىدىن ھېچبىر ئۇچۇر ئالالمىدى.

ئەمدى قايغۇ-ھەسرەتلىك ھېكايەتنى بىچارە كېراكەشنىڭ قولىدىن چىقىرىپ قويغان قېچىرىنى تېپىۋېلىش ئۈمىدىدە، خام تەمەلىك بىلەن يەنە شۇ مەككار دەللىنىڭ ھىيلە-مىكىر تورىغا چۈشۈپ، ئوتتۇز ئىككى چىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، ئىككىنچى يىلغا قەدەم قويغاندا، دەللە يەنە ئالدامچىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ كوچىغا چىقىپ «بۈگۈن ئۇۋۇلى قايسى تەرەپتىن ئوۋلىسام بولاركىن» دېگەن خىيال بىلەن، رەستىمۇ-رەستە ئايلىنىپ، بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا كېراكەش ئۇچراپ قالدى. كېراكەش ئۇنىڭ دەللە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ھەي لەنىتى، ئۆزەڭنىڭ ماڭا قىلغان-ئەتكەنلىرىڭنى بىلەمسەن؟! — دېدى كېراكەش غەزەپ بىلەن، — بىر يىلدىن بېرى سېنى ئىزدەپ يۈرۈپ پۇتلىرىمنىڭ ماغدۇرى كەتتى. بۇ قېتىم قېچىرىمنى تېپىپ بەرمەي تۇرۇپ مېنىڭدىن قۇتۇلىمەن، دەپ خام خىيال قىلما.

— ھەي مەرد يىگىت. گۇمان بىلەن مۇنداق ئىشنى قىلمىغىن، — دېدى دەللە يەنە ئالدامچىلىقىنى باشلاپ، — مەن سەن دېگەن ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس، ئۇ خىلدىكى يامان ئاياللاردىن مەنمۇ ھەزەر قىلىمەن. يۈزۈمنى يۆگەپ ئۆيدىن چىقىپ ئولتۇرىدىغان ئىپپەتلىك ئايالمەن. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن نائىلاج كوچىغا ئاندا-ساندا چىقىپ قالمىسام، كۆپ ۋاقىتلاردا بىھۇدە سىرتقىمۇ چىقمايمەن. كوچا كېزىپ يۈرىدىغان خوتۇنلارنى كۆرسەم ئەيىب كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچنېمىگە ئېھتىياجىم يوق زەردار ئايالمەن.

دەللە مۇنداق ئېزىتقۇ سۆزلىرىنى قانچە كۆپ ئېيتقان بولسىمۇ، كېراكەش ئۇنى ئەسلا قوبۇل قىلمىدى. دەللە نائىلاج ئۇنىڭغا:

— ھەي ئوغلۇم، ئاۋازىڭنى پەسرەك قىلغىن، خالايىقتىن خىجىل بولىمەن. مېنىڭ ئار-نومۇس پەردەمنى يىرتمىغىن. مەن مال-دۇنياغا نەزىرىمنى سالمايمەن، قېچىرىڭنى كىم ئالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ پۇلىنى مەن بېرەي. ماڭا ئاتا-ئانامدىن ئۇچ چاكار بىلەن ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈشلەر مىراس قالغانىدى. لېكىن مەن «مال-دۇنيا دېگەن نىجىسقا قولۇمنى بۇلغاپ يۈرەرمەنمۇ» دەپ، پۇل-ماللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئۇچ نەپەر چاكىرىمغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزەم كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. مەن ھازىر سېنى چاكارلىرىمنىڭ قېشىغا ئاپىراي، ئۇلار ساڭا خالىغىنىڭچە پۇل مال بەرسۇن، ماڭا ئاخىرەتلىك بولار، — دېدى.

بىچارە كېراكەش خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە «بۇنداقمۇ ساخاۋەتلىك مەرد ئايال بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى:

— ھەي ئانا، — دېدى ئۇ ئىلگىرى قىلغان مۇئامىلىسىگە پۇشايمان قىلىپ، — مەن سىزنى دەللە دەپ گۇمان قىپتىمەن، ئەپۇ

قىلدىڭ. دەللىمۇ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ:

— ھەي ئوغلۇم، بۇ قىلغان ئەدەبسىزلىكلىرىڭ ئۈچۈن سەن ئەيىبلىك ئەمەس، چۈنكى ئىنسان دېگەندىن بۇنداق سەۋەنلىكلەر دائىم ئۆتۈلۈپ تۇرىدۇ. سەن ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى سەن بىلمەي تۇرۇپ قىلمىغان بولغاچقا، ئۇنى مەن ئەپۇ قىلىمەن، — دېدى.

دەللە شۇنداق گەپلەر بىلەن كىراكەشنى ئاخىر بازارنىڭ سىرتىدىكى بىر چەت جايغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە بىر تېۋىپ بار ئىدى، ئەتىياز پەسىللىرىدە كىشىلەردىن قان ئېلىپ داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولسا، قالغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىدا چىش ئاغرىقىغا دۇچار بولغانلارنىڭ چىشلىرىنى تارتىپ قويۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر خىزمەتكارى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىدىن دېۋىلەرمۇ قورقۇپ، ئەگرىدىن پاناھلىق تىلەيتتى. دەللە كىراكەشنى باشلاپ تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن، كىراكەشكە:

— ئوغلۇم، سەن مۇشۇ يەردە ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرغىن، مەن دۇكاندا پۇل بارمۇ - يوق بىرىپ ئۇقۇشۇپ كۆرەي، ئەگەر يوق بولسا، چاكارلىرىم ئۆيدىن ئېلىپ بەرسۇن، ئەگەر بار بولۇپ قالسا، شۇ يەردىنلا ئېلىپ قايتىمەن - دە، يولۇڭ قىسقىرايدۇ، — دېدى.

دەللە شۇنداق قىلىپ كىراكەشنى بىر دوقمۇشتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، تېۋىپ كۆز ئالدىدا بىر ئاجىز نۇرانە ئايالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردى.

— ھەي ئانا، خۇش كېلىپسىز، — دېدى تېۋىپ دەللىگە، — نېمە خىزمەت بىلەن بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

— ھەي ئۇستام، بۇ دۇنياغا كېلىپ، پەقەت بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ مەن ئۈچۈن كۆز قارىچۇقۇمدەك ئەزىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا يەل يارىسى چىقىپ، قىلغان سايە - سەۋەبلەردىن ھېچبىرى مەنپەئەت قىلمىدى. يارىسى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى. ئاخىر تېۋىپ - ھۆكۈمالارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. ئۇلار: «بۇنىڭ بارلىق چىشلىرىنى دەرھال تارتقۇزۇۋەتمىسەڭ، بۇ كېسەل ئۇنىڭ كۆزىگە تەسىر قىلغاندىن كېيىن كور قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ تەسىرى نېرۋىسىغا يەتسە، سەزگۈسىگە نۇقسان يېتىپ، ئەقلىدىن ئېزىپ كېتىدۇ. بەلكىم سەۋدايى بولۇپ قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىشى ۋە ئۆزىنى دابۇت قىلىشى مۇمكىن» دېيىشكەندى. بىراق مەن ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، بىپەرۋالىق قىپتىمەن. ئاخىر تېۋىپلارنىڭ دېگىنىگە ئوخشاشلا، ئوغلۇم ئەقلى - ھوشىدىن ئېزىشقا باشلىدى. ھەر كىشىگە ھەرقىسما قالايمىقان، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ، بەزىلەرگە «پۇلۇمنى بەر» دېسە، بەزىلەرگە: «قېچىرىمنى قايتۇرۇپ بەر» دەيدۇ، بەزىدە ھەتتا، مېنىڭ ئۆز ئانىسى ئىكەنلىكىمنىمۇ ئىلغا قىلالمايدۇ. ھېكىملەرنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ھېكمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم - دە، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرگىنىمگە كۆپ ھەسرەت - نادامەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر ئوغلۇمنى ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم. ھۆكۈمالارنىڭ سۆزى بويىچە ئۇنىڭ ھەممە چىشلىرىنى تارتىۋەتسىڭىز، بەلكىم سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى دەللە كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر تەڭگە پۇلنى ئېلىپ، تېۋىپقا ئۇزىتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئوغلۇمنى بىر باھانە بىلەن بۇيەرگە ئېلىپ كىرەي، سىز خىزمەتكارلىرىڭىزغا بۇيرۇق قىلىپ ئوغلۇم ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئاھۇ-پەريادلىرىغا قۇلاق سالماي، پۇت-قوللىرىنى مەھكەم باغلىتىپ ئۇنىڭ بارلىق چىشلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماستىن پاك-پاكىز سۇغۇرۇپ تاشلىسىڭىز، بەلكىم كەرىمى كەڭ تەڭرىم سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن ئوغلۇمغا تەلتۆكۈس شىپالىق ئاتا قىلىشىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ئاقچا مۇھەببىتى بىلەن ئەقلىدىن ئازغان نادان تېۋىپ، دەللە ئېيتقان بۇنداق قانخورلۇققا ماقۇل بولدى:

— ھەي ئانا، ئوغلۇڭنى ئېلىپ كىرگىن، ئەمرىڭنى دېگىنىڭدىن زىيادە قىلىپ ئورۇندايمەن، — دېدى ئۇ دەللىگە.

— ئۇستام، ئوغلۇمنى ئېلىپ كىرەي، بىراق مەن بۇ ئىش ئۈستىدە تۇرالمايمەن، ئوغلۇم ئاغرىق دەستىدىن نالە-پەرياد كۆتۈرسە، مەن ئانا بولغۇچى قانداقمۇ چىدىيالايمەن؟ — دېدى دەللە كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ.

تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، كېتىپ قالساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

دەللە كۆڭلىدە: «تەدبىرىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى» دەپ، خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كىراكەشنىڭ يېنىغا كەلدى-دە:

— يۈر، ئۇ يەردىن خالىغىنىڭچە پۇل ئالغىن، — دېدى.

يوق پۇلنى ئېلىپ، چىقىمىغان چىشلىرى بىلەن تاناۋۇل قىلىش ئۈمىدىدە تۇرۇۋاتقان بىچارە كىراكەش ئۆزىنىڭ خام تەمەلىكى تۈپەيلىدىن، خاتىرجەملىكىنى قولدىن بېرىپ، ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭمۇ خۇددى قېچىرىغا ئوخشاشلا بەرباد بولۇشىنى نەدىن بىلسۇن، ئۇ خۇشال ھالدا دەللىگە ئەگىشىپ، تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا كىردى. دەللە تېۋىپقا ئىشارەت قىلىپ، قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالدى. تېۋىپنىڭ ھېلىقى دېۋە سۈپەت ئۈچ خىزمەتكارى كىراكەشنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپ كېلىپ، بىرى قولىدىن، بىرى پۇتىدىن، يەنە بىرسى بېشىدىن قاماللاپ، يەرگە باستى، ئۇلار كىراكەشنىڭ نالە-پەريادىغا قىلچە قۇلاق سالماستىن، ئۇنىڭ پۇت-قولىنى شۇنداق چىڭ باغلىدىكى، ھەتتا قىمىرلاشقىمۇ ماجالى قالمىدى. كىراكەش ئاخىرى ئىشنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يېلىنىشقا باشلىدى:

— ھەي ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ، — مېنى قويۇپ بېرىڭلار، بولدى قېچىرىمدىن كەچتىم.

تېۋىپ ۋە چاكارلار ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى سارائىلىق دەپ بىلىپ، بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى. ئاندىن قولغا ئامبۇر ئېلىپ ئۇنىڭ چىشلىرىنى بىر-بىرلەپ يۇلۇشقا باشلىدى.



ھەممە چىشلىرىنى قويماي تارتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپ، قويۇپ بەردى. كىراكەش بىچارە ئۆزىنىڭ بۇنداق ئېغىر كۈنگە قېلىپ، بىجىرىم چىشلىرىدىن ئايرىلىپ، كوماك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چەكسىز قايغۇ - نادامەتلەرنى چېكىپ، زار - زار يىغلىدى. ئۆزىنىڭ ساددىلىقى تۈپەيلىدىن مەككار دەللەنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئىككىنچى قېتىم ئالدانغانلىقى ئۈچۈن، مىڭ - مىڭلاپ ھەسرەتلەندى، تۈمەنلەپ ئەپسۇسلاندى. ئەمما، بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا، قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ چىشسىزلىقتىن ماكىلداپ قالغان ئېغىزلىرى ئورنىغا كەلمىدى. ئۇ بىچارە مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھەپتىگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن باغداتقا پۇر كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەيران - ھەس قالدى. لەنەتگەردە دەللە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئالتە ئايغىچە تاشقىرىغا چىقماستىن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى گەپنى بەتقىلىق مۇختاردىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، مۇختار ھەر كېچە ئارام ئالماستىن باغدات خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى ئوغرىلىقچە تالان - تاراج قىلاتتى. بىر كېچىسى ئۇ شۇ يوسۇندا كېتىۋاتقىنىدا، ھارۇن رەشىتنىڭ بارگاھىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيقۇدا كۆرۈپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى - دە، ئاۋايلاپ چامداپ، پادىشاھنىڭ شەربەتخانىسىغا كىردى. ئۇيەردە قىممىتى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر ئالتۇن جام بار ئىدى. مۇختار بۇنى كۆرۈپ: بۈگۈن باشقا ئۆيلەرگە كىرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، مۇشۇ ئولجىنىلا ئېلىپ، بولدى قىلاي - دە، بىر كېچىنى ئارامى خۇدا ئۆتكۈزەي» دەپ ئويلاپ، ئالتۇن جامنى ئېلىپ، خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە كېلىپ، ئارام ئالدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بۇ خەۋەر پادىشاھ ھارۇن رەشىتنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پادىشاھ بارلىق شەربەتچىلەر ۋە خىزمەتچىلەرنى يىغدى. ئۇلارنى زۇلۇم بىلەن شۇنداق قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئالدىكى، ئۈچ كىشى بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالاك بولدى. لېكىن جام تېپىلمىدى. پادىشاھ ئاخىر: «كىمكى ئاشۇ ئالتۇن جامنىڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزسە، ئۇ جامنى ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئىنئام قىلىمەن» دەپ پۈتۈن مەملىكەتكە جاكار چىقاردى.

ئەلقىسسە، بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ، ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندىستان سودىگەرلىرى ئىراق تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار كېلىپ دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا چۈشتى. دەللىنىڭ قىزلىرى بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتىسى مۇختارغا:

— ھەي ئاتا، دەريا ياقىسىغا كارۋانلار كېلىپ چۈشۈپتۇ. بېرىپ بىزگە ئۇلارنىڭ نەپىس تاۋارلىرىدىن ئەكېلىپ بەرسىڭىز، — دېدى.

مۇختار قىزلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان سودىگەرلەر سىياقىدا ياسىنىپ، ھېلىقى ئالتۇن جامنى قولىغا ئېلىپ، دەجلە بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ھارۇن رەشىتنىڭ باجگىرلىرى سودىگەرلەردىن باج ئېلىۋاتاتتى. مۇختار بۇ ھالنى كۆرۈپ بىر بۇلۇڭدا بىر ئاز يوشۇرۇنۇپ ئارام ئالدى. سودىگەرلەر باجگىرلارنىڭ غەلۋە-غوۋغاسىدىن خالاس بولغاندىن كېيىن، مۇختار ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئالتۇن جامنى قوينىدىن چىقاردى. شۇ ئەسنادا ھارۇن رەشىتنىڭ شەربەتچىلىرىدىن بىرسى پادىشاھقا قەنت-ناۋات ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى-دە، كۆزى ئالتۇن جامغا چۈشۈپ قالدى. شەربەتچى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ جامنى مۇختارنىڭ قولىدىن غەزەپ بىلەن يۇلۇپ ئالدى:

— بۇ جام پادىشاھنىڭ شەربەتخانىسىدىن يوقىلىپ، بۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۈچ ئادەم ھالاك بولغان، سەن بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟! — دېدى ئۇ مۇختارغا قەھرى بىلەن ۋارقىراپ.

مۇختار ئۆگمەستىنلا:

— تولۇق باھاسىنى تۆلەپ سېتىۋالدىم، — دېدى.

— بۇنى ساڭا كىم ساتقان، — دېدى شەربەتچى، — ساڭا جان لازىم بولسا، تېز ئېيت، بولمىسا پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئۆزۈڭنى ئاپىرىمەن، ئۇ چاغدا مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ ھايات قۇتۇلالمايسەن.

— بۇنى ساتقۇچى ناتونۇش ئادەم تۇرسا، مەن ئۇنى نەدىن بىلەي، — دېدى مۇختار.

— ئانداق بولسا، — دېدى شەربەتچى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىغا قول سېلىپ، — چاپسان مەن بىلەن ماڭ، ئۆزۈڭنى شاھ سارىيىدا كۆرىسەن.

مۇختارنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ، شەربەتچىگە:

— ھەي مەرد يىگىت، مەن بىر سودىگەر ئادەم. ھارۇن رەشىتنىڭ ئالدىغا سۆرەپ بارساڭ، ئەلۋەتتە، مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆي-ۋاقلىرىمنى تالان-تاراج قىلىدۇ. بۇنىڭ ساڭا ھېچقانچە پايدىسى يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە سەن مېنى بۇ پالاكەتچىلىكتىن قۇتقازغىن، مەن ساڭا بۇ ئالتۇن جامنى يەنە بىر ھەسسە ئالتۇن بىلەن قوشۇپ بېرىۋېتەي ۋە باشقا يوللار بىلەنمۇ خىزمىتىڭنى قىلاي، — دېدى.

مۇختاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەربەتچى پادىشاھنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ تۈز ھەققىنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆڭلى خىيانەت تەرەپكە مايىل بولدى. بۇ ھەقتە كىشىلەر مۇنداق دېگەن. بېيىت:

كىمكى تۈز ھەققىگە ھۆرمەت قىلمىسا،
ئاقىۋەت بولغاي ئۇنىڭ يۈزى قارا.

شەربەتچى مۇختارغا:

— بۇ جامنى سېنىڭدىن ئېلىپ ئۆيۈمدە ساقلىسام، ئاقىۋەت بىر كۈنى بىراۋلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا، بالاغا قالىمەن. ئەگەر ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، «بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ سورىشى چوقۇم، ئۇنداقتا، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى.

مۇختار:

— ئانداق بولسا، مەندىن جامنىڭ باھاسىغا تەڭ كەلگۈدەك مىقداردا ئالتۇن ئالغىن، — دېدى.

دېگىنىڭغۇ دۇرۇس گەپ بولدى، — دېدى شەربەتچى مۇختارغا، — بىراق بۇ يەردە بۇ جامنىڭ باھاسىنى توختىتىپ بېرەلىگۈدەك بىرەر سەرراپ، ياكى زەرگەر يوق تۇرسا، — دېدى.

— بۇ سودىگەرلەر ئارىسىدا خوجا سەئىد ناملىق بىر جاۋاھىرپۇرۇش بار. ئۇ كىشى كۆپ ئىشلارغا ئېپى بار، ھەممە كەسىپكە ماھىر ئادەم. ئۇ ھازىر مۇشۇ سودىگەرلەرنىڭ باشلىقى. سەن بۇنى شۇ كىشىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ: «ھەي خوجا ماڭا بىر ئاز قەنت-ناۋات لازىم ئىدى. سەن مۇشۇ جامنىڭ قىممىتىنى باھالاپ بەرسەڭ، مەن قەنت-گېزەكلەرنىڭ باھاسى ئۈچۈن مۇشۇ جامنى بېرىپ ئالارمەن ياكى بولمىسا، ئالتۇن بېرىپ ئالارمەن» دېگىن. ئۇ كىشى جامنىڭ باھاسىنى بىر يەرگە توختىتىپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەل، مەن ساڭا، شۇ باھادا ئالتۇن بېرىمەن ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەنمۇ سېنى خۇشال قىلىمەن، — دېدى مۇختار.

شەربەتچى مۇختاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالتۇن ئېلىشنىڭ ئىنتىزارلىقىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

بېيىت:

بىر قاراپ قويماقنى قارا كۆزىدىن قىلدىم تەمە،

ئاھ،تەمەنىڭ يۈزىدەك قارايدى يۈزلىرىم ھەمە.

شەربەتچى مۇختارغا:

— ئانداق بولسا، سەن تەرەپتىن بىرەيلەن بىللە بارسۇن، — دېدى.

— ئانداقتا، مەن ئۆزەم باراي، — دېدى مۇختار، — لېكىن مېنىڭ ساڭا ھەمراھ ئىكەنلىكىمنى ھېچكىم سېزىپ قالمىسۇن، سەن بېرىپ خوجا سەئىدگە جامنى كۆرسىتىپ، باھاسىنى توختاتقاندىن كېيىن، مەن يېنىڭغا كىرىپ، باھاسىغا يەتكۈزۈپ ئالتۇن بېرىپ، جامنى شۇ يەردىلا سېتىۋالاي.

شەربەتچى ئېيتقىنىغا مىنىدى-دە، جامنى ئېلىپ خوجا سەئىد تەرەپكە ماڭدى. خوجا سەئىدنىڭ چېدىرى ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ، سالام بىلەن ئىچكىرىگە كىردى.

— ھەي خوجا، — دېدى ئۇ سودىگەرگە، — مەن پادىشاھنىڭ شەربەتچىلىرىدىنمەن، پادىشاھلىققا بىر ئاز قەنت-ناۋات ئالىمەن، باھاسى ئۈچۈن ئالتۇن بەرسەممۇ بولىدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز مۇنۇ جامنى بېرەي.

شەربەتچى سۆزلەۋېتىپ، جامنى خوجا سەئىدنىڭ ئالدىغا قويدى. خوجا سەئىد دۇنيادا تەڭداشسىز بولغان بۇ ئاجايىپ ئالتۇن جامنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «بۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، بۇنىڭدىن زىيادە تۆھپە بولماس» دەپ ئويلىدى-دە، سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەلقىسسە، شەربەتچى مۇختارنىڭ قو-

www.uyghurkitap.com

لىدىن جامنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇختارنىڭ يەتتە ئوغرى كۈيئوغلى ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. مۇختار ئۇلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ چېدىرىغا باردى. ئۇلار خۇددى بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولغان ئادەملەردەك، قىممەت باھا نەپىس رەختلەرنى كۆرۈپ، ياراتماستىن، چېدىرمۇ-چېدىر ئارىلاپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. سودىگەر بىچارىلەر تەمەگەرلىك بىلەن ئۇلارغا ئىززەت-ئىكراملار قىلىشىپ كېتىشتى. مۇختار ۋە كۈيئوغۇللىرى شۇ يوسۇندا ئايلىنىپ يۈرۈپ، خوجا سەئىدنىڭ چېدىرى ئالدىغا يېتىپ كەلدى-دە، سالام بېرىپ، ئىچكىرىگە كىردى. خوجا بۇلارنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن نۇرانە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھۆرمەت-ئېھتىراملار قىلدى، ئۇلارغا يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن خوجا سەئىد مۇلايىملىق بىلەن:

— قەدەملىرىڭىز قۇتلۇق بولسۇن، بىزگە بۇيرۇيدىغان نېمە خىزمەتلىرىڭىز بار؟- دەپ سورىدى.

— بىزگە بىر ئاز قەنت-ناۋات كېرەك دېدى مۇختار.

خوجا ئېھتىرام بىلەن:

— خالىغىنىڭىزلارنى جان-دىل بىلەن ئورۇندايمىز، — دېدى.

بەتئەخلاق مۇختار بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن خوجا سەئىددىن سورىدىكى:

— ھەي خوجا، ھۇزۇرىڭىزدىكى ئاۋۇ ئالتۇن جام كىمنىڭكى؟

— ئۇنى بىر كىشى ساتماق ئۈچۈن ئەكەلگەنىكەن، — دېدى خوجا سەئىد جاۋابەن مۇختار:

— بۇ ياقتا ئېلىڭ، كۆرۈ[illegible] — دېدى.

— بولىدۇ، كۆرۈڭ، — دېدى خوجا جامنى مۇختارنىڭ قولىغا ئۇزىتىپ.

مۇختار جامنى ئۇياق-بۇياق ئۆرۈپ، كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، خوجا سەئىدكە تۇيۇقسىزلا سوئال قويدى:

— ھەي خوجا، بۇ جام خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ شەربەتخانىسىدىن يوقالغانىدى، سەن بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟

مۇختارنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن خوجا سەئىد دەرھال شەربەتچىنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ يىگىت ساتىمەن دەپ ئەكەلگەنىكەن، — دېدى.

مۇختار بۇسۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ شەربەتچىنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت ئۇردى-دە:

— ھەي ھارامزادە، بۇ جام ئۈچۈن قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەر ھالاك بولدى، قانچىلىغان ساپ نىيەت كىشىلەر ئازاب چەكتى!؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

خوجا سەئىد بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالدى ۋە مۇختاردىن سورىدى:

— بۇ نېمە ۋەقە؟

— پېقىر سودىگەرلىك ئۈچۈن باغداتتا تۇرۇۋاتقىنىمغا تۆت ئاي بولدى، دېدى مۇختار ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋاتقان قىياپەتتە، — بىر كۈنى كارۋان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرسام، ھەر تەرەپتىن قىيا-چىيا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھەيران بولۇپ، نېمە ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى بىر كىشىدىن سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا: ھارۇن رەشىدنىڭ شەربەتخانىسىدىن بىر دانە ئالتۇن جام يوقىلىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پادى-

شاھ ئۇرغۇن كىشىلەرگە گۇمان بىلەن شۇنداق قاتتىق ئازابلارنى ساپتۇكى، بۇ سەۋەبتىن ئۈچ ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپتۇ، بۇ غەلۋە-غوۋغالار شۇنىڭ ماجىراسى» دېگەنىدى. مانا ئەمدى مەلۇم بولدىكى جامنى مۇشۇ ھارام تاماق شەربەتچىنىڭ ئۆزى ئوغرىلىغانىكەن.

— ھەي يىگىت، سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دېدى خوجا سەئىد شەربەتچىگە قاراپ.

مۇختارنىڭ بىردەمدىلا توقۇپ چىققان بۇ نەيرەڭلىرىگە ھەيران بولۇپ، باياتىن بېرى خۇدىنى يوقاتقان ھالدا، مەڭدەپ قالغان شەربەتچى ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ سوئالدىن ھوشىغا كەلدى:

— ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى شەربەتچى ئوپۇل-توپۇللا جاۋاب بېرىپ، — بۇ جام ئەسلى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

— ھەي يىگىت، بۇنىداق ناشايان ئىش سېنىڭدەك ئوردا خادىمىغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى، — دېدى خوجا سەئىد شەربەتچىگە.

— شۇ ئەسنادا مۇختار كۈيۈنگۈلىرىغا:

— بۇ ھارام تاماق نەبلەخنى ئۇرۇڭلار! — دەپ، بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار كېلىپ شەربەتچىنى ئارىغا ئېلىپ، شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بىچارە ساددا شەربەتچىگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولدى. بۇ غەلۋە-غوۋغالار كارۋانلار ئارىسىدا باج ئېلىۋاتقان ھارۇن رەشىت مۇلازىملىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار كېلىپ، خوجا سەئىدنىڭ ھۇزۇرىدا يوقالغان ئالتۇن جامنىڭ تۇرغانلىقىنى، شەربەتچىنى بەش-ئالتە ئادەم ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇلازىملار ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن شەربەتچىگە تىل ھاقارەت ياغدۇرۇپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى، جامنى بويىنىغا ئېسىپ، پىيادە ھالدا ئوردىغا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئېتىغا مۇختارنى مىندۈرۈپ، بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن خالايىق ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ئەگىشىپ ماڭدى. ھەممە كىشى شەربەتچىگە تىل-ئاھانەت تاشلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاتاتتى. ئۆز ئەھۋالىنىڭ قايغۇسىدا گاڭگىراپ، ھەيران-ھەس قالغان بىچارە شەربەتچىنىڭ قۇلىقى خالايىقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا سەزمەيتتى. لېكىن دەللە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، يېتىپ كەلدى-دە، مۇختارنىڭ بۇ قىلمىقلىرىغا خۇشال بولۇپ، ئاپىرىنلار ئېيتىپ، قايتىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پادىشاھ ھارۇن رەشىتنىڭ ئوردىسىغا كىردى. پادىشاھنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىش بىلەنلا، مۇختار يەر سۆيۈپ سالام قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردى ۋە كۆڭلىدە مۇختارنى «ئەجەبمۇ مۇئامىلىسى ياخشى ئادەمكەن» دەپ ئويلاپ، يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن شەربەتچىگە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— ھەي يۈزسىز خائىن، مېنىڭ ساڭا بەرگەن بەخت ۋە دۆلىتىمدىن نېمە كەم قالغىنىغا سەن بۇ خىيانەتنى قىلدىڭ؟! — دېدى.

بۇ پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا ھېچقانداق ئامالى قالمىغان شەربەتچى بىچارە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، پادىشاھقا ھەممە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن سۆزنى مۇختار ئېلىپ:

— ھەي ئالەمپاناھ، دۆلىتىڭىز ئەبەدى مۇقىم بولسۇن، مېنىڭ بۇ شەھىرىڭىزدە تۇرۇۋاتقىنىمغا تۆت ئاي بولدى. يېقىندىن بېرى خۇراسانغا بېرىشنى نىيەت قىلىپ تۇرغىنىمدا، دەجلە دەرياسى بويىغا سودىگەر چۈشۈپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئازراق قەنتناۋات ئېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردىم. مۇشۇ ھارامخور مۇناپىق شەربەتچى ئۇ يەردە ئالتۇن جامنى خوجا سەئىد ئىسىملىك سودىگەرلەر باشلىقىغا ساتماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى جانابىڭىزنىڭ بارگاھىدىن بىر ئالتۇن جام يوقالغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالغانىدى، بۇنى كۆرۈپ، دەرھال شۇ ئىش ئېسىمگە كەلدى. بۇ بەدبەخت ساتماقچى بولۇپ تۇرغان جامغا پادىشاھ-

تىن باشقا كىشىنىڭ ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقىمدىن، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئەلگە ئىبرەت بولسۇن دەپ ئۇنى تۇتتۇم، — دېدى.

ھارۇن رەشىت مۇختارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇلازىملىرىغا خوجا سەئىدنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مۇلازىملار بېرىپ، خوجا سەئىدكە ھارۇن رەشىتنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. خوجا سەئىد پادىشاھقا لايىق سوۋغا-سالاملار بىلەن يېتىپ كېلىپ، ھارۇن رەشىتكە سالام قىلدى. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ سالامىغا لايىق جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن يۇقىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئاندىن پادىشاھ ئۇنىڭدىن بۇ ھادىسىنىڭ تەپسىلاتىنى سورىدى. خوجا سەئىد پادىشاھنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزى كۆرگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. خوجا سەئىدنىڭ سۆزلىرى مۇختارنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى-دە، پادىشاھ مۇختارنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى جەزملەشتۈردى:

— بۇ تۇزكورنى، — دېدى پادىشاھ شەربەتچىنى كۆرسىتىپ قەھرى-غەزىپى تاشقان ھالدا، — دارغا ئېسىپ، بەدەنلىرىنى پارە-پارە قىلىپ تاشلاڭلار!

ھۆكۈمنى ئاڭلىغان جاللاتلار دەرھال ئېتىلىپ كېلىپ، شەربەتچىنى دار تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى، يول بويى زار-زار يىغلاپ كەلگەن بىچارە شەربەتچى دار ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆز بۇلاقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش ئاققۇزغان ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، بېيىت:

كىم خىيانەت قىلسا، ئۇنتۇپ ئىگىسىنىڭ
تۇزىنى،

ئەل ئارا بېشى تۆۋەن بولماق جازاسىدۇر ئۇنىڭ.

ئاندىن كېيىن ئۇ جاللاتقا:

— ھەي بۇرادەرلەر، مېنىڭ سىلەرگە ۋەسىيىتىم شۇكى، پېقىرنى باشقا گۇناھكارلارنى ئاسقانغا ئوخشاش بېشىمدىن ئاسماي، بەلكى پۇتۇمدىن ئېسىڭلار. بۇ ئارقىلىق مەن باشقا گۇناھكارلاردىن پەرق قىلىنىپ تۇراي-دە، خەلق مېنىڭ بىر خائىننىڭ كېيىمگە كىرىپ، پادىشاھىمنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئىبرەت ئالسۇن، — دېدى.

جاللاتلار ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، ئايىغىدىن ئېسىپ بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى. بىچارە شەربەتچى بۇ ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن تولغان دۇنيادىن مەڭگۈگە كۆز يۇمدى.

ھارۇن رەشىت ئۆزىنىڭ «ئالتۇن جامنى كىم تېپىپ كەلسە ئۇنى شۇ كىشىگە ئىنئام قىلغاندىن سىرت، ئۇ كىشىنى يەنە باشقا تەرەپلەردىنمۇ خۇشال قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، جامنى مۇختارغا بەردى. يەنە ئۇنىڭغا قىممەت باھا تونلارنى كىيدۈرۈپ، يولغا سالدى.

مۇختار جامنى ئېلىپ، يەتتە نەپەر ئوغرى كۈيئوغۇللىرى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. دەللە مۇختارنىڭ قىلغان رەزىللىكلىرى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئاغزى تالغۇچە ماختىدى.

ئەمدى گەپنى بەتخۇي دەللىدىن ئاڭلاڭ.

ئەلقىسسە، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ بۇ كېچىسى پاراغەت بىلەن ئۆتتى. ئەتىسى لەنگەردە دەللە ھەييارلىق بەلبېغىنى بېلىگە باغلاپ، ئۆيىدىن چىقتى. كوچىغا چىقىپ ئازراق يول يۈرۈش بىلەنلا ئۇشتىگەرگە ئۇچراپ قالدى. ئۇشتىگەر دەللىنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى مەھكەم تۇتتى.

— ھەي مەككار ئوغرى، — دېدى ئۇشتىگەر غەزەپ بىلەن، — مېنى ۋە باشقىلارنى قانداق بوزەك قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، قولۇمدىن ئاسان قۇتۇلۇپ چىقىشىڭنى كۆرەيچۇ قېنى!

ئۇشتىگەرنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن دەللە مۇلايىملىق بىلەن:

— ھەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، مېنىڭدەك ئاجىز ئاناڭغا بۇنداق قوپال گەپلەرنى قىلىشتىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟ — دېدى.

— قوپال گەپ دەۋاتىسەنمۇ تېخى، — دېدى ئۇشتىگەر دەللىنى سىلكىشلەپ، — دۇكىنىمدىن يىگىرمە پوتا بىلەن ئەللىك ماتانى ئوغرىلاپ كەتكەنمۇ قوپال گەپ قىلماقتىم ئەمەسمە؟!

— راست ئېيتىسەن ئوغلۇم، سېنىڭ ماللىرىڭنى چاقچاق قىلىپ ئېلىپ قويغانىدىم، بۇ ئىشتا مەندە قىلچە يامان نىيەت يوق ئىدى. ھازىرغىچە مەنمۇ شۇ ماللىرىڭنى قانداق قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ غېمىدە يۈرەتتىم. خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن ئۆزۈڭ ئۇچراپ قالدىڭ. ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورۇندا ئامانەت قويغانىدىم، ساق-سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. سەن ھازىرلا مەن بىلەن بېرىپ، ئۇنى ئۆز قولۇڭغا ئالغىن، — دېدى دەللە ئۇشتىگەرگە.

ئۇشتىگەر دەللىگە ھەمراھ بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ماڭدى. ئىككىسى بىر شىپاخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. دەللە ئۆشتىگەرگە:

— ھەي جېنىم، سەن بۇ يەردە ئازراق ساقلاپ تۇرغىن، مەن كىرىپ ماللىرىڭنى ئاچقىپ بېرەي، — دەپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

دەللە شىپاخانا ئىچىدە ئولتۇرغان بىر ئاق ساقال نۇرانە تېۋىپنى كۆردى-دە، ئۇدۇلىغا بېرىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— ھەي ئاجىز بىچارە، بۇ يەرگە نېمە مۇددىئا بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى.

— ھەي ھېكمەتشۇناس ھېكىم، — دېدى دەللە يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئېرىم ساراڭ بولۇپ قالغانىدى. بەش-ئالتە كۈن بولدى، ئۇنىڭ ساراڭلىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، مەن بىچارىنى قاتتىق ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ھە دېسىلا «كىيىملىرىمنى، ماتالىرىمنى ۋە زەرجىيەكلىك پوتىلىرىمنى بەر» دەپ ماڭا تىل-ئاھانەتلەرنى ياغدۇرۇپ ئازار بېرىدۇ. ئىلاجىسىز ئاخىر ئۇنى ماھىر تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانىدىم، ئۇلار: «بۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇچىسىغا بىرنەچچە دەررە ئۇرۇپ، بېشىنى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغلىماقتىن باشقا ئامال يوق» دېيىشتى. مەن بىر بىچارە ناتىۋان ئايال تۇرسام، ئۇنداق ئىشلار قانداقمۇ قولۇمدىن كەلسۇن. ئاخىر بېشىم قاتقان ھالدا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم. مەن ھەققىڭىزدە دۇئا قىلسام، مۇشۇ قىيىنچىلىقتىن مېنى خالاس قىلسىڭىز.

دەللە سۆزلەۋېتىپ بەش تەڭگە پۇلنى چىقاردى-دە، تېۋىپنىڭ ئالدىدا قويدى. تېۋىپ تەڭگىنىڭ خۇشلۇقىدا:

— ئانداق بولسا، بىرەرسى بىلەن ئېرىڭنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن، مەن چارىسىنى قىلاي، — دېدى.

— ئۇنى مەن «ماتالىرىڭ پالان جايدا، مەن بىلەن بارغىن ئېلىپ بېرەي» دەپ، ھىيلە ئىشلىتىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى دەللە.

تېۋىپنىڭ ئۈچ نەپەر خىزمەتكارى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەپتىنى كۆرسە دېۋىمۇ ۋەھىمىگە چۈشەتتى. تېۋىپ بۇ خىزمەتكارلاردىن بىرسىگە تېزلا بۇيرۇدى:

— بۇ ئايالنىڭ ئېرىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرگىن.

خىزمەتكار كوچىغا چىقىپ، بىر كىشىنىڭ ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھەي خوجام، ئىچكىرىگە كىرسىلە، — دېدى ئۇنىڭغا خىزمەتكار.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۆشتىگەر شىپاخانا ئىچىگە كىردى-دە، دەللىگە:

— مېنىڭ ماتالىرىم قەيەردە؟ تېزرەك ئەكېلىپ بەر، — دېدى.

تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— ئازراق توختاپتۇر، ماتالىرىڭنى ھازىرلا چىقىرىپ بېرىدۇ، — دېدى-دە، خىزمەتچىلىرىگە ئىشارەت قىلدى.

خىزمەتچىلەر چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆشتىگەرنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ يەرگە باستى. ئاندىن ئۇنىڭ داد-پەريادلىرىغا قىلچە قۇلاق سالماستىن، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، پۇت قوللىرىنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلىدى. رەزگى دەللە شۇ ھامانلا قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى-دە، ئۆيىگە كېلىپ

پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى باشلىدى.

تېۋىپ خىزمەتكارلىرىغا ئۈشتىگەرنىڭ دۇمبىسىگە يۈز دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. شەپقەتسىز خىزمەتكارلار دەررىنى قولىغا ئېلىپلا، «مانا ساڭا ماتا، مانا ساڭا پۇتا» دەپ، بىچارە ئۈشتىگەرنىڭ ئۇچىسىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. تاياق ئازابى ئۈشتىگەرنىڭ سۆڭەك-سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇرۇلغان دەررىنىڭ سانى يۈزگە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۈشتىگەر بىچارە بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىگە يۈز مىڭ پۇشايمانلارنى قىلدى. قانچە قېتىملاپ ھوشىدىن كەتتى. بەدەنلىرى تىلىم-تىلىم بولۇپ، گۆشلىرى ئېچىلىپ قالدى. دەررە ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەتكارلار ئوتقا سېلىپ قىزدۇرۇلغان قىپقىزىل تۆمۈرنى ھوشسىز ياتقان ئۈشتىگەرنىڭ بېشىغا ئارقا ئارقىدىن يېقىپ داغلىدى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ئۈشتىگەر جان-جەھلى بىلەن داد-پەرياد كۆتۈردى:

— ھەممە دەۋالىرىمدىن كەچتىم، — دېدى ئۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، — مېنى قىيىنىماڭلار!

— ھە بەللى، — دېدى تېۋىپ ئۈشتىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — مانا ئەمدى ئەس-ھوشۇڭ جايىغا كەپتۇ. سەۋدايىلىقتىن قۇتۇلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى تەبرىكلەيمىز.

— ھەي تېۋىپ، — دېدى ئۈشتىگەر، — مەن سەۋدايى ئەمەس، بەلكى پالان يەردىكى ئۈشتىگەر بولىمەن. ھېلىقى خوتۇننىڭ ئىسمى دەللە بولۇپ، ئۆزى مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر يالماۋۇز. ئۇ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئارقىلىق ھەممە ئادەمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ يۈرمەكتە، مېنىڭمۇ كۆپ مال-مۈلكىمنى ئالداپ ئېلىپ كەتكەنىدى، — دېدى ئۈشتىگەر ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ.

تېۋىپ ئۈشتىگەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. بولغۇلۇق ئىش بولۇپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئامالسىز ئۈشتىگەرگە بىرمۇنچە ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتىپ، ئەپۇ سوراپ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى. ئۈشتىگەر ئۆيىگە كېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئورنىدىن تۇرالماي ياتتى. ئاندىن كېيىن بولغان ئەھۋالنى كىراكەش بىلەن جاۋاھىرپۇرۇشقا ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان كىراكەش ئۈشتىگەردىن سورىدى:

— ھەي بۇرادەر، ئاغزىڭدىكى چىشلىرىڭ بارمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، بار، — دېدى ئۈشتىگەر.

— ئانداق بولسا، — دېدى كىراكەش ئۇنىڭغا، — سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئىشتىن ئاسان قۇتۇلۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرىلەرنى قىلساڭ بولغۇدەك.

بۇ ئۈچۈيلەن ئاخىر: «دەللىنى قولغا چۈشۈرمىگۈچە ھېچقانداق ئىش قىلمايمىز» دەپ ۋەدىلەشتى.

ئەمدى سۆزنى كىراكەش، جاۋاھىرپۇرۇش ۋە ئۈشتىگەر قاتارلىقلارنىڭ دەللىنىڭ قولىدا قول بولۇپ سېتىلغانلىقىدىن ئاڭلاڭ.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com



# تەلۋە كۈيئوغۇل

(چۆچەك)

زاماننىڭ زامانىسىدا بىر ئادەمنىڭ بەش قىزى بولغانىكەن. بۇ قىزلارنى بىر-بىرلەپ ياتلىق قىلىپ ئاخىر كەنجى قىزى تولۇنئاي قاپتۇ. تولۇنئاي تولىمۇ زېرەك، دانىشمەن قىز بولۇپ، كۆزلىرى چولپاندەك، يۈزى تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىكەن. ئاتا-ئانىسى بەش قىزنىڭ ئىچىدە تۆت قىزىنى بىر سېرى، تولۇنئاينى بىر سېرى كۆرىدىكەن.

قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، «قىزىمىزنى بىرەر چوڭ باينىڭ بالىسىغا بەرسەك قىزىمىزمۇ راھەت كۆرسە، بىزمۇ يۇرت ئىچىدە ئاتاق-ئابروي قازانساق» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ باي ئۆزىنىڭ قاۋۇل ئىسىملىك ئوغلىغا تولۇنئاينى سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى باينىڭ ئائىلىسى بىلەن قۇدىلىشىش خۇشاللىقىدا يىگىتنى كۆرۈپ بېقىش ئېسىگىمۇ كەلمەپتۇ ۋە قىزنىڭ رايىغا باقماي ماقۇل بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تولۇنئاينى قاۋۇلغا نىكاھلاپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىراق قىز بىلەن يىگىت ئوت بىلەن سۇدەك زادى ماسلاشماپتۇ.

ئىسمى-جىسمىغا قىلچە ماسلاشمىغان قاۋۇل تولىمۇ بەغەرەز بولۇپ، تەلۋە، ھورۇن، قورساقنىڭ تويغىنىنى بىلمەيدىغان، ئالتىنچى ئايدا چاقىرسا يەتتىنچى ئايدا ھە دەيدىغان، ھوشۇر ئېيىدا مانتا يەپ، سەپەر ئېيىدا كېكىرىدىغان، باغدىن گەپ سورىسا تاغدىن جاۋاب بېرىدىغان، ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارنى بىلمەيدىغان گالۋاڭ يىگىت ئىكەن.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. تولۇنئاي ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە نالە قىلىپ يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ئاخىر تەقدىرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

تولۇنئاي كۆپ ئەجىر قىلىپ ئېرىگە ئەدەب-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارنى ھەتتا ئولتۇرۇپ-قوپۇش، گەپ-سۆز، مېڭىش-تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپتۇ. ھەر ھالدا خېلى كۆپ ئوڭشالغاندەك قىلسىمۇ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىپتۇ» دېگەندەك، يەنىلا دۆتلۈكى تۈگىمەپتۇ.

ھەرقانداق مەرىكە-سورۇنلارغا قاۋۇل قاتنىشىپلا قالسا، مەسخىرە كۈلكىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئېرىنىڭ دۆتلۈكى تۈپەيلى تولۇنئايمۇ يەرگە قارايدىكەن. بۇ توغرىلىق دىلى ئازار يېگەن

تولۇنئاي ئېرىنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى كۈيئوغۇل، بالا-چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تولۇنئاينىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېرىنى ئاپىراي دېسە، ئۇنىڭ تاققا-تۇققا سۆزلەپ، باشقا كۈيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئۆزى يالغۇز بېرىشنى بىئەپ بىلىپتۇ، ھەر ئىككىمىزلا بارماي قويايلى دېسە، ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن ئەندىشە قىپتۇ.

ئاخىر تولۇنئاي: «ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇۋاقتىن» دېگەن گەپ بار، مەن قاۋۇلغا ئەدەب-قائىدىلەرنى يەنىمۇ زېرىكمەي-تېرىكمەي ئۆگىتىپ مېھمانغا بىللە ئاپىراي دېگەن قارارغا كەپتۇ.

ئۇ ئېرىگە:

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە داداملارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارىمىز. سىز مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىڭ، ئەگەر يەنە ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىڭىزنى قىلىپ تاققا-تۇققا سۆزلەپ يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان بولسىڭىز ئەمدى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، — دەپتۇ.

قاۋۇل:

— خۇدا ھەققى جېنىم خوتۇن، سىز ماڭا نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن، سىز نېمىنى ئۆگەتسىڭىز شۇنى ئۆگىنىمەن، ئەمدى سىزنى ھەرگىز يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، — دەپ قاتتىق ۋەدە بېرىپتۇ ھەم خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ قىلغان گەپلىرىمنى ئوبدان ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قاراپ، — بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا بارمىغىلى ئۇزاق بولدى. ئۇلارغا ئازراق سوۋغا-سالام ئالىمىز، بۇنى سىز كۆتۈرىسىز. ئىشىكتىن كىرىشتە بۇقىقىدەك ئۇسۇپلا كىرمەي «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ دادام بىلەن ئاپامغا سالام بېرىسىز. ئۇلار سىزگە جاۋابەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار بالىلىرىم سالامەت تۇردىڭلارمۇ، ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟» دەيدۇ، سىز يەنە: «خۇداغا شۈكرى، ھەر قايسىلىرىنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتىدىن ياخشى تۇردۇق دەيسىز.» دادام بىلەن ئاپام «قېنى ئولتۇرۇڭ بالام» دەپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەندە ئاندىن ئولتۇرىسىز. بىراق ئولتۇردۇم دەپ يۈگۈرۈپ تۆرگە چىقىپ كەتمەي، چوڭلار ئولتۇرۇپ بولغاندا ئاندىن مۇۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرىسىز. قائىدە بويىچە ھەرگىزمۇ چوڭلارنى پەگادا قويۇپ كىچىكلەر تۆرگە چىقىۋالمايدۇ. تۆت ئاچامنىڭ ئەرلىرىدىن كېيىن سىز ئولتۇرىسىز. چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ تارتىۋېلىپ، ئاقساقاللىق قىلىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. چوڭلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ قوشۇق سالماڭ، گەپ قىلىش توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىگەندە شۇ سۆزگە ماس كەلگۈدەك، ئورۇنلۇق گەپنى قىلىڭ، — سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ چىرايىڭىزنى تۈرۈۋالماڭ، ئوچۇق-يورۇق كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ. سورۇندا باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ھاڭۋېقىپ، بۇرۇن كوچىلاپ، بېشىنى قاشلاپ ... ئول-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈرۈشىنىڭ ھەممىسى بىۋۇرمەتلىك بولىدۇ...، — دەپتۇ ئېرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان تولۇنئاي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئەمدى ئالدىڭىزغا تاماق كەلگەندە قورساقىڭىز ھەر قانچە ئېچىپ كەتسىمۇ تاماققا قىيا كۆزىڭىزنى سالماي چوڭلارنىڭ ئېلىشىنى كۈتۈڭ. تاماق كەلتۈرۈلگەندە دادام-ئاپام تەكەللۇپ بىلەن «قېنى، باللىرىم تاماققا بېقىڭلار» دەيدۇ، بۇ چاغدا سىز: «مەرھەمەت، چوڭلاردىن كەلسۇن» دەيسىز. چوڭلار «بىسمىللا» دەپ تاماق يېيىشنى باشلاپ بېرىدۇ. سىز ئاندىن يېيىشكە باشلايسىز. بىراق ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك باشقىلارنىڭ يېرىملاشقىچە سىز قاچىڭىزنى قۇرۇقداپ قويسىڭىز بولمايدۇ... بۇ قېتىم سىز مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز دادام-ئاپاملارمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ، مەنمۇ پات-پات سىزنى بىللە مېھمانغا ئاپىرىمەن، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

قاۋۇل ئايالىنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

— شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە ئىشەنچ قىلالماي، — ئەگەر ئاپام مېھمانلارغا پولو ئەتكەن بولسا ئالدىرىماي بىر كاپام-بىر كاپامدىن يەڭ. ناۋادا مانتا ئەتكەن بولسا، بىرنى بىراقلا ئاغزىڭىزغا سالماي بىر چىشلەم-بىر چىشلەمدىن چايناپ يەڭ، — دەپتۇ.

قاۋۇل تولۇنئاي ئېيتىپ بەرگەن قائىدە-يوسۇنلارنى بىر ھەپتىگىچە يادلاپتۇ. بىراق تولۇنئاينىڭ كۆڭلى زادى خاتىرجەم بولماپتۇ. ئۇ، ئۇنداق ئويلاپ-بۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى تاماق ئالدىدا كەلسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان تەلۋە ئېرىگە ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ئويلىغان بىر چارىنى ئۆگىتىپتۇ.

— مەن ئاپامنىڭ «يېغىنچاقلىقراق مانتا ئەتسەم بولارمىكىن» دېگىنىنى غىل-پال ئاڭلاپ قېلىۋىدىم. بەلكى بىز بارغاندا مانتا ئېتىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، بىزنىڭ بەلگىمىز چوكا بولسۇن. مەن چوكىنى بىرنى چەكسەم سىز مانتىدىن بىرنى ئالىسىز. چوكا چېكىلمىگىچە ئالمايسىز، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قايتا-قايتا جېكىلەپ.

بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك چارە بولدى. ئەمدى مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، دەپتۇ قاۋۇل خۇش بولۇپ.

قاۋۇل بىلەن تولۇنئاي ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. تولۇنئاينىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئالدى-كەينى يىغىلغۇچە قورۇ ئىچىگە تىكىلگەن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى تاماشا قىلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا كۈيئوغۇللاردىن بىرەيلەن قېيىن ئاتىسىغا زوقى كېلىپ:

— دادا سىلىنىڭ قوللىرى گۈلكەن، قىلغان ئەجىرلىرى زايا كەتمەپتۇ، يەنە بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈزۈم تاللىرى مېۋە بەرگۈدەك دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاۋۇلنىڭ ئاغزى قىچىشىپ گەپ قىستۇرغۇسى كەپتۇ ۋە: .

— دادا ماۋۇ تىكىلگەن كۆچەتلەر يوغىنسا يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ھارۋىغا چاق بولغۇدەك دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەي-

ران بولغان باشقا كۆيئوغۇللار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. بىراق قېيىن ئاتىسى قاۋۇلنى ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن جىم تۇرۇۋاپتۇ.

قاۋۇل يەنە بىر ئازدىن كېيىن:

— دادا، — دەپتۇ يەردە تۇرغان بىر كىچىككىنە تاشنى كۆرسىتىپ، — بۇ تاش يوغىنىسا ئۈچ يىلدىن كېيىن تۆلۈققا يارىغۇدەك، تاش بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ھەممەيلەن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپتۇ.

قاۋۇل ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ قاتارىدا گەپ قىستۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ مەغرۇرانە تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي بىچارە بەكلا ئىزا تارتىپ باشقىلار ئالدىدا خورلۇق ھېس قىلىپتۇ. قاۋۇلنى بىللە ئېلىپ كەلگىنىگە ناھايىتى پۇشايمان يەپتۇ.

تاماق تەييار بولۇپ، مېھمانلار تېگىشلىك جايدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاتلىق-تۈرۈملار بىلەن چاي ئىچىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن چىنە تاۋاقلاردا تۇخشىغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ. مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاۋۇلنىڭ نەپسىنى غىدىقلاپ، يېگۈسى كېلىپ تاقىتى-تاق بولغان بولسىمۇ تولۇنئاينىڭ چوكا چېكىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپتۇ.

چوڭلار بىردىن مانتا يەپ بولغاندىن كېيىن چوكىنىڭ «تاك» قىلىپ چېكىلىشى بىلەن تەڭ قاۋۇل ئالدىراپ كېتىپ مانتىنى ئېلىپ ئاغزىغا موكلا ساپتۇ ۋە چاينىمايلا يۇتۇپتۇ-دە، يەنە قاچان چوكا چېكەركىن دەپ كۆزىنى ئايالىدىن ئۈزمەي قاراپلا تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي كېچىكتۈرۈپ يەنە بىر چوكا چاپتۇ. قاۋۇل بايىقىدەك چاينىمايلا يۇتۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال بىرنەچچە قېتىم داۋام قىلغاندىن كېيىن قاۋۇلنىڭ بۇ ھەرىكىتى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ھەممەيلەن بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپتۇ.

شۇ ئەسنادا بايىقى قىزىق كۆرۈنۈشلەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا قولىدىكى ئىككى تال چوكىنى رىتىم بىلەن تاۋاققا ئۇرغىنىكەن، قاۋۇل — «ئايالىم ئۇرغان چېغى» دەپ ئويلاپ، ئەتراپقا قاراپمۇ قويماي ئىككى قولى بىلەن چوكىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ كاپۇر-كۇپۇر قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بىر تاۋاق مانتىنى يەۋېتىپتۇ. چاي كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان تولۇنئاي بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن نومۇس كۈچىدىن يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك تولۇنئاينىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى نام-شۆھرىتىنى دەپ قىزىنىڭ رايىغا باقماي، بېشىنىڭ ئوبدانلا سۆيى باربىرتەلۆگە ئايدەك بىر قىزىنى بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆز دەردىنى ئىچىدە بىلىشىپتۇ.

تولۇنئاي شۇندىن بېرى ئېرى قاۋۇلنى ھېچ قانداق يەرگە ئاپارمايدىغان بوپتۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا ئېرىگە نىسبەتەن «ئىنسان بولغاندىكىن ئۆگىنىپ قالار» دېگەن ئۈمىد بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، زېرىكمەي — تېرىكمەي ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تولۇنئاينىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۆيئوغۇللار كەينى-كەينىدىن بېرىپ قېيىن ئاتىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل تولۇنئايغا «مەنمۇ قېيىن ئاتامدىن رازىلىق ئېلىپ كېلەي» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تولۇنئاي:

— ياق، بارماي قويۇڭ. كېسەل كىشىگە گەپ تېتىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام سىزنىڭ تاقتا-تۇققا گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىسا بىر كېسىلى ئىككى بولىدۇ...،—

دەپتۇ ئېرىنىڭ دادىسىنى يوقلاپ كېلىشكە پەقەت قوشۇلماي.

قاۋۇلمۇ باشقا كۈيئوغۇللارغا ئوخشاش قېيىن ئاتىسىنى يوقلاپ، رازىلىق ئېلىپ كېلىشنى بەكمۇ خالايدىكەن. شۇڭا ئۇ تولۇنئايغا يېلىنىۋېرىپتۇ. تولۇنئاي مىڭ تەسلىكتە ماقۇل بوپتۇ، ھەم دادىسىنىڭ قېشىغا بارغاندا قىلىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى قاۋۇلغا بىرمۇبىر ئۆگىتىپتۇ. تولۇنئاي:

— سىز دادام ياتقان ئۆيگە كىرىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم دادا، ئوبدان تۇراملا، كېسەللىرى قانداقراق؟ بىر ئاز ياخشى بولۇۋاتاملا» دەيسىز، دادام سىزگە جاۋابەن: «خۇداغا شۈكرى، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم» دەيدۇ. سىز «ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا، شۇنداق بولغاي» دەيسىز. يەنە «دادا سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ» دەپ سوراڭ، دادام سىزگە جاۋابەن كېسەل كۆرسىتىۋاتقان تېۋىپنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سىز دادامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن «پاھ، ئۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ» دەڭ دەپتۇ. سىز يەنە «ئۇ تېۋىپ قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ» دەپ سوراڭ. دادام سىزگە جاۋابەن يەۋاتقان دورىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاندىن سىز دادامغا «بۇ دورا بەك شىپالىق دورا، داۋاملىق يەپ بەرسىلە» دەپ قويۇڭ. دادام سىزدىن خۇرسەن بولۇپ قالىدۇ. ئۇندىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلماڭ، — دەپ جېكىلەپ يولغا ساپتۇ.

قاۋۇل قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تولۇنئاينىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دادا، ياخشى تۇرۇپلا، يېقىندىن بېرى كېسەللىرى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاردا بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغانتىم، يېقىندىن بېرى ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم ھېچ نەرسە تارتمايدۇ، ئۆزۈم كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن. ماڭا قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى ئەجەل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتامدۇ بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېيىن ئاتىسى.

— ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا شۇنداق بولغاي، — دەپتۇ قاۋۇل يادلىۋالغىنى بويىچە.

كۈيئوغلىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قېيىن ئاتىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ھالدا لېۋىنى چىشلەپ، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ جىم يېتىپتۇ.

قاۋۇل يەنە:

— دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەزرائىل...، — دەپتۇ قېيىن ئاتىسى زەردە بىلەن.

— پاھ، ئۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ، — دەپتۇ قاۋۇل ۋە يەنە سوئالنى داۋاملاشتۇرۇپ — ئەزرائىل دېگەن تېۋىپ سىلىگە قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ؟

— زەھەر بېرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ دادىسى تەنە ئارىلاش ئاچچىقلاپ.

— بۇ دورا بەكمۇ شىپالىق دورا، داۋاملىق يېسىلە، — دەپتۇ قاۋۇل پەرۋايى پەلەك ھالدا.

بۇ تەلۋە كۈيئوغۇلنىڭ گەپلىرى قېيىن ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئەجەل ئوقى بولۇپ سانجىلىپتۇ - دە، «يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىغىنىچە كېسەل مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۇيدىن ئاخۇن
رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۇيدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# قۇندۇز ۋە يۇلتۇز

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ مەملىكەتنى گۈللەندۈرگەچكە پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئەۋەزخان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك ۋە باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ قىرىق يىگىتى دائىم ئەۋەزخان بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىدىكەن، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

پادىشاھ ئەۋەزخاننىڭ ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قىران يىگىت بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ-دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۆز پىكرىنى ئېيتىپتۇ. ئوردا مەسلىھەتچىلىرى تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ بىر قانچە قىزلارنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىرى بايلىقتا غەنى دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلى دەرىجىگە يەتكەن مىرئەلى دېگەن سودىگەرنىڭ گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ. مەسلىھەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، مىرئەلىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مىرئەلى بىلەن كېلىشىپ توي تەييارلىقىنى باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەۋەزخان قىرىق يىگىتىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ ۋە شىكاردىن قايتىپ گۈلچېھرىنى كۆرۈپ يانماقچى بوپتۇ. ئۇ مىرئەلىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۈلچېھرە تۇرىدىغان مېھمانخانىغا كىرىپتۇ. ئۇ مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىشىغا مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۈلچېھرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ۋە:

— ماڭا سەندەك گۆدەكلەرنىڭ كېرىكى يوق، ئۆز لايىقىڭنى تاپ! — دەپ ئاھانەت قىپتۇ. ئەۋەزخان، ئالدىدا قىرىق كېنىزەك، كەينىدە قىرىق يىگىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ. يا ئالدىغا ماڭالماپتۇ، يا كەينىگە يانالماپتۇ، ئاخىرى بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخاننى ئالدىغا چاقىرىپتۇ، ئەۋەزخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن

www.uyghurkitap.com

پېتى ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەزىز ئاتا! ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپمىغۇچە بۇ يۇرتتا تۇرمايمەن، — دەپ زار-زار يىغلاپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان تەختتىن چۈشۈپ ئەۋەزخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە يول تەييارلىقى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى يولغا چىقىرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىدا:

— ئوغلۇم، ئەر قانىتى ئات دېگەن تەمسىل بار، مانا بۇ ئاتامدىن قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى، بۇنى ئۆزۈڭ بېقىپ چوڭ قىلغانىدىڭ. يوللار ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەن بۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپ، ئاتا-ئاناڭنى، تۇغۇلغان ئېلىڭنى ئۇنتۇما، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، — دەپ دۇئا قىلىپ يولغا ساپتۇ.

ئەۋەزخان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئارقىدا قاپتۇ. مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ چۆللەردىن كېيىن سايلار باشلىنىپ جاھان قىزىپ كېتىپتۇ. ئىسسىق ۋە تەشنالىق ئەۋەزخاننىڭ دىسىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇ چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئىكەن، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. «ئاھ... بۇ قانداق ئىش؟ بۇ سايدا ئاق ئۆي نېمىش قىلىدۇ؟...» دەپ ئويلاپ ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئات بىلەن دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن تۈپتۈز مەيدان، ئەتراپى بىرقانچە ھۇجرا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ مەيدان ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر يۇمىلاپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي گۈزەل! مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مېنىڭ تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ مەن بىلەن بىرگە مېنىڭ يۇرتۇمغا بارسىڭىز قانداق؟... — دەپ سۆز تاشلاپتۇ.



پەرى قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دۇلدۇلنى بىر باستۇرۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان بىر تۆمۈرچى ھە دەپ تۆمۈرنى بازغانلاۋاتقۇدەك. پەرى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن بۇ قارا تۆمۈرچى پەرۋاسىز ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چىلىمنى ئېلىپ تاماكا ساپتۇ ۋە قارا تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. لېكىن تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي بىپەرۋا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي يەنە:

— ئەي گۆزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مەندەك بىر شاھزادە بىلەن بىرگە تۈرك ئېلىگە قايتسىڭىز قانداق؟ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بارسىڭىز، سىزنى كۆزقارىچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، — دەپتۇ. قىز يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چىلىمنى تۆمۈرچىگە ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كەپتۇ ۋە يەنە:

— ئەي گۆزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. بۇنداق چۆلدە يۈرگۈچە بىزنىڭ گۆزەل يۇرتىمىزغا مەن بىلەن قايتسىڭىز قانداق؟ — دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز ئەۋەزخانغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:

— ئەي ئەۋەزخان، سېنىڭ ئەھۋالىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن. شۇڭا ئۆز بېشىمغا بالا تېرىپ تۇل بولۇشنى خالىمايمەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ-دە، بىرلا يۇمىلىنىپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويىمسام بولاتتى دېگەندەك، كۆك ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپتۇ. تاكى كۆك كەپتەر ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا «مەن سېنى قەيەردىنلا بولمىسۇن تاپىمەن» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ساي تۈگىسە چۆل باشلىنىپتۇ، چۆل تۈگىسە يەنە ساي باشلىنىپتۇ. دەشتى باياۋان تۈگىمەپتۇ. ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ، تۈپتۈز كەتكەن بىر سايدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ناھايىتى چوڭ بىر كۆك سېپىل ئىمىش. ئۇنىڭ دەرۋازىسى تاقاقلىق تۇرغۇدەك. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن ئەۋەزخان دەرۋازىنى قېقىپتۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرغان ئەۋەزخانغا سالام بېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۈيىڭىز بارمىدۇ؟ — دەپتۇ. قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە:

— خېنىمدىن سوراي، — دەپ قايتىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ دەرۋازا ئېچىلىپ تۆت گۈزەل قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر قىز دەرۋازىدىن چىقىپ ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ: قىز ئەۋەزخاننى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. بۇلار مېھمانخانىدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپتۇ. قىزلار ئۈزمە يەل-يېمىش، قەنت-گېزەك، مەززىلىك تائاملارنى تۇشۇپ ئەۋەزخاننى مېھمان قىپتۇ.

سۆز ئارىلىقىدا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۆللەردە ياشىغۇچى مىرئەرەبنىڭ سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر نۆۋەتلىك ياۋغا قارشى جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى مۇشۇ چۆلدىكى كۆك سېپىلدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەۋەزخانمۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزى بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋەزخان ئۇچراتقان پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەزىم قىلغىنى ئۇ كۆڭۈل بەرگەن قارا دىۋە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇلتۇز پەرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىمەك تولىمۇ مۈشكۈل. شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا شام شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلىش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالخاندىن قۇندۇزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. گۈلجامالخان دوستانە مەسلىھەت بېرىپ:

— ھازىر شام شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە گۈزەللىكى ھەققىدە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىققان. ئۇنى ئېلىشقا نۇرغۇن ئەلنىڭ شاھزادىلىرى چىلەر ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھىرى پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە ئۇ «كىمكى باغداتقا كېلىپ، باغدات بىلەن شام ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ، بەيگىدە ئۇتۇپ چىقسا شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ ئېلان چىقارغان. مۇشۇ ئېلانغا ئاساسەن ھازىر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغداتقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام مىرئەرەبمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ بەكمۇ مەرد يىگىت. شۇڭا سەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسالڭ، ئۇ بەيگىنىڭ ئۇتۇقىنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان. ئېسىڭدە بولسۇنكى دوستلۇق ئۈچۈن مېنى ئارىغا سالغىن، — دەپ قىزغىن مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالخاننىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامالخان ئۇنى ئۇزىتىپ ئاق يول تىلەپتۇ.

ئەۋەزخان سايلارنى كېزىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. باش-ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تۈپتۈز كەتكەن بۇ چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ، دۇلدۇلنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىسا ئورۇق جەدە بايتالغا مىنىۋالغان، بېشىدا ئۇزۇن كۇلاھ، ئۇستىدە مىڭ خىل قۇراقتا تىكىلگەن جەندە، قولىدا سەكسەن بىر كۆزلۈك سۇلتا تۇتۇۋالغان بىر دىۋانە ھە دەپ ئېتىنى چايتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان «ھەر

ھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا ھەمراھ بىلەن زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋىنىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ. كۆرۈپتۇكى، ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىرەر تال تۈكمۇ يوق، كۆزلىرىدە تىرىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھازىرلا گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك بىر كۇسا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ ئەۋەزخان ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى، گۈلچېھرىدىن خاپا بولۇپ يولغا چىققانلىقىنى، يولدا ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ھازىر شام شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئېلىش مەقسىتىدە باغداتتىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن كۇسا زۇۋان سۈرمەپتۇ ۋە ئارىلاپ ئەۋەزخاننىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ قويۇپتۇ. بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ، كۇسا ئەۋەزخاننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇنىڭغا قول ساپتۇ. كۇسىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن ئەۋەزخان ئۇنىڭغا بىر خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇمغا كۆمۈپتۇ. كۇسىنىڭ دىۋانىچە كىيىملىرىنى ئۈستىگە كىيىپ، بايتالنى يېتەكلەپ دىۋانە قىياپىتىگە كىرىپ «باغدات قەيەردىسەن؟» دەپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساي ئاخىرلىشىپ دەل-دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئەۋەزخان خۇشال بولۇپ «باغداتقا يېقىنلىشىپتىمەن» دەپ، دۇلدۇلنى ئاستىلىتىپ باغدات شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپى چاتقاللىق بولۇپ، يول مېڭىش قىيىن ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېتىنى توختىتىپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئورغۇزلىغان چىۋىنلەرنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازلىرى كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئالدى تەرىپتىن بويىنىغىچە قۇماق باسقان بىر تاز:

— مەن ئات تاپماي قويمايمەن، مەن ئات تاپماي قويمايمەن! — دەپ بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بېشىغا ھەر بىرنى ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قىلىپ ئۇركۈيدىكەن. بېشىدىن قولىنى تارتسا مىڭلىغان چىۋىن «ۋىژ» قىلىپ قونۇدىكەن. ئۇ تازمۇ جىلە بولغان ھالدا ھېچنەرسىگە قارىماي كېلىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان كۆڭلىدە «مەن ئات ئۈستىدە بولغاندىن كېيىن ئۇ تاز يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەر» دەپ ئاستا مېڭىپتۇ. لېكىن ئۇ تازمۇ ئۇدۇل كېلىۋېرىپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان ئەۋەزخان يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ يول بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ھېلىقى تازمۇ ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك مېڭىۋېرىپتۇ. تاز ئەۋەزخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئەۋەزخان بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇ «باغدات شەھىرىگە كىرىشتە بىرىنچى قېتىم يولۇقتۇرغان كىشىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن گەپ سورىماي ئۆتۈپ كېتىشىم ياخشى ئەمەس، گەپ سوراپ ئاندىن ماڭاي» دەپ، دۇلدۇلنىڭ بېشىنى تارتىپ توختىتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز سېنىڭ ئىسمىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز كەينىگە قارىماستىنلا:

— ھەي قەلەندەر، مىنىڭ ئىسمىمنى سوراپ نىمە قىلاتتىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە ئېيتىپ بېرەي. مىنىڭ ئىسمىمنى بۇ شەھەردىكىلەر چاتاقچى تاز، دەيدۇ، — دەپ قويۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان «بۇ تازنىڭ ئىسمىنىڭ چاتاقچى تاز، دەپ ئاتىلىشىدىن قارىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دوست بولايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— توختا! سەن ئات تاپماي قويمايمەن، دەيسەن. ساڭا ئات نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ —دەپ سوراپتۇ.

— ھەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخەۋەر ئىرخشايسەن. ھازىر شام پادىشاھىنىڭ گۈزەلى قۇندۇزنى ئېلىش ئۈچۈن باغداتتا ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غۇرۇرۇم بىلەن بۇ بەيگىگە قاتناشماقچىمەن ... — دەپتۇ تاز. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— كەل. مانا بۇ بايتالغا مىنىۋال. بىز دوست بولايلى، — دېگەن ئىكەن، تاز چاققانلىق بىلەن بايتالغا مىنىۋاپتۇ. بۇلار خۇشال ھالدا باغداتقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغداتقا كىرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى ھەيدەپ بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە مىرزىغا قاراپ:

— ھەي مىرزا! بىرىنچى نومۇرغا چاتاقچى تاز، ئىككىنچى نومۇرغا قەلەندەر، دەپ يازغىن، — دەپتۇ.

مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپتۇ ۋە:

— مىرزىخانىدىن چىقىش، شاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى سەندەك تاز، دىۋانىلەرگە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ئالىدۇ، — دەپتۇ، ئۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلىنىپتۇ ۋە بىر مۇشت بىلەن مىرزىنى يىقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر باغدات خەلىپىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە چاتاقچى تاز بىلەن ئەۋەزخاننى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ سوراق قىپتۇ. چاتاقچى تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىدا: «كىمدە كىم بولسۇن، ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا شام پادىشاھىنىڭ گۈزەلى قۇندۇزنى بېرىمىز» دەپ جاكارلانغان. لېكىن مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بىزنى بەيگىگە تىزىملىماي قوغلىدى، —دەپ ئەرز قىپتۇ.

خەلىپە بۇ تازنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇلارنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئوردىدىن چىققان چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى ئەگەشتۈرۈپ مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۆز ئىسىملىرىنى يازدۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ئون بەش كۈنگىچە ئۆزلىرى دەم ئالغاچ، ئاتلىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان تۆت ياشار دۈلدۈلنى يۈگەنسىز قويۇۋېتىپتۇ. دۈلدۈل خالىغان جايىدىن ئوت-چۆپ يەپ، قايتىپ كەلگەندە ئەۋەزخان تەييارلىغان بوغۇزنى يەپ تۈكلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتلى ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگەن يەمنىمۇ يېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتە بەيگە باشلىنىدۇ، دېگەن ئاخشىمى ئەۋەزخان چاتاقچى تازنى چاقىرىپ:

— مىنىڭ ئۇيقۇم قاتتىق، ئەتە سەھەردە سەن مېنى ئويغىتىۋەتكىن، — دەپتۇ ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا ئۇرغۇن بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇ ئالدىراپ بايتالنى تۇتۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا ئەۋەزخاننىڭ ئاخشامقى گېپى ئېسىگە كېلىپ بايتالنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر تۇر، ھەي قەلەندەر تىزرامسەن، — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئەۋەزخان ئويغانماپتۇ. تاز بىر ياقتىن ئاچچىقلاپتۇ، بىر ياقتىن باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ. ھەممە بەيگىچىلەر كېتىپ بولغاندىن كېيىن دۈلدۈل كىشنەشكە باشلاپتۇ، لېكىن ئەۋەزخاننى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر دۈلدۈل چىداپ تۇرالماي ئەۋەزخاننىڭ بەلبېغىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ. ئەۋەزخان شۇ چاغدىلا چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان ھالدا دۈلدۈلغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇنىڭچى كۈنى بەيگىچىلەرنىڭ كەينىدىن يېتىشىپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ ئون بەش كۈن بولغاندا چاتاقچى تازنىڭ كەينىدىن يېتىپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنسەن، مېنى ئويغىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى، — دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ كىشى؟ سېنى ئويغىتىمەن دەپ بەيگىچىلەرنىڭ كەينىدە قالدىم، — دەپ ئەۋەزخانغا يېقىنلاپتۇ. ئەۋەزخان:

— ئۇنداق بولسا تېز ماڭايلى، — دەپ بايتالغا قامچا ئۇرۇپ تاز بىلەن بىرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ، بايتال ھەدېگەندىلا دۈلدۈلنىڭ كەينىدە قېلىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئىلگىرىلەپ يىگىرمە كۈن بولدى دېگەندە پۈتۈن بەيگىچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ توختىماي دۈلدۈلنى چاپتۇرۇپ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى ئالدىدا يەنە بىر دۈلدۈلنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى دۈلدۈلنىڭ ئارقىدىن يېتىشىپتۇ. قارىسا پاكار ئەرەب دۈلدۈلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىكەن. «بۇ جەزمەن كۆك ئۆيدە ئۇچراتقان گۈلجامالخاننىڭ ئاكىسى مىر-ئەرەب ئىكەن-دە، ئۇنىڭدىن ئۆزۈپ كېتەي» دەپ دۈلدۈلغا قامچا ئۇرۇپتۇ، ئۇ مىرئەرەبنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئەرەب دۈلدۈلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. سول تەرەپتىن ئۆتەي دەپ سول تەرەپتىن كەلگەن ئىكەن، ئەرەب دۈلدۈلى يولنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ ئۆتۈشكە يول قويماپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەۋەزخان ئەرەب دۈلدۈلىنى چىشلەپ يىقىتىشقا ئۆز دۈلدۈلىغا ئىشارەت قىپتۇ. دۈلدۈل ئەرەب دۈلدۈلىنىڭ ئارقا پاچىقىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن ئەرەب دۈلدۈلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ دۈلدۈلىنىڭ ئارقا پۇتىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخاننىڭ دۈلدۈلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالخاننى ئارىغا سېلىپ دوست بولماقچى بوپتۇ ۋە ئەرەب دۈلدۈلغا يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم مىرئەرەب، سەن بىلەن سىڭلىڭ گۈلجامالنى ئارىغا سېلىپ

دوست بولۇشنى خالايمەن. دوستلۇق ئۈچۈن بەيگىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ قانداق؟... — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مىرئەرەب:

— سىڭلىم گۈلجامالخاننى ئارىغا سالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا سېنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالاي. ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ دۇلدۇلنىڭ بېشىنى تارتىپ ئەۋەزخانغا يول بوشىتىپ ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپتۇ.

شام شەھەر خەلقى «بەيگىدە كىم ئۇتۇپ چىقىدىكىن» دەپ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. قارىغۇدەك بولسا بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك، كىشىلەر ھاڭ-تاڭ قېلىشىپتۇ، ھەر تۈرلۈك گۇماندا بولۇشۇپتۇ. بەزىلەر «ئېھتىمال بۇ ساراڭ قەلەندەر يېرىم يولدىن سەپكە قوشۇلۇۋېلىپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بولسا كېرەك» دېسە، بەزىلەر «ھەر ھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەندىكىن چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاش كېرەك» دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنى چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن مىرزا پۈتۈن بەيگىچىلەرنى ھەيدەپ دەپتەرنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن بۇ قەلەندەرنىڭ بەيگە تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، چاتاقچى تاز دەرھال:

— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار. ئۇ باشقىلاردىن يېرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، — دەپتۇ. مىرزىمۇ شۇ زامان باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپتۇ. شام شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چار باغقا كەپتۇ. مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىسۇدەك بولسا بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا سۇلتا تۇتقان بىر قەلەندەر ئولتۇرغۇدەك، بۇنى كۆرگەن شاھ گەپ-سۆز قىلماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ. لېكىن ئىشىك يوچۇقىدىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز، قەلەندەر كىيىمى ئىچىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ خوتۇنى ئارقىلىق قىزىغا مەسلىھەت ساپتۇ. قىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان كىشىگە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىرىق كېچە-كۈندۈز تويى قىلىپ قۇندۇزنى ئەۋەزخانغا بېرىپتۇ. نىكاھ بولىدىغان كۈنى ئەۋەزخان قەلەندەرچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشاللىنىپتۇ ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ ئەۋەزخاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار ئىنتايىن خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئەۋەزخان بولسا بارغانسېرى خامۇش بولۇپ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئاق ئۆيدە يۈلتۇز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا «سېنىڭ پەقەت ئالتە يىللىقلا ئۆمە-

رۇڭ ئالدى» دېگەندى، ھازىر تۆت يىل ئۆتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ئۆلسەم سەن تۇل بولۇپ قالىسەن. شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ غەمدىن ئۈرۈقلاپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان قۇندۇز ئەۋەزخانغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنىڭغا تولىمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتمە، مەن چوڭ ئانامدىن «پەرىنى سۆيگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن دوست. ئۇ پەيشەنبە كەچتە مېنىڭ ھۇجرامغا كېلىدۇ. كېچىچە ئويۇن تاماشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز. سەن شۇ چاغدا ئۇنى بىر ئامالاپ سۆيۈۋالغىن، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ، پەيشەنبە كەچتە يۇلتۇز پەرى قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كەپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن تۈگدىشىپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا يۇلتۇز قۇندۇزغا:

— سېنىڭ ئېرىڭ ئەۋەزخاننىڭ ئىككى يىللىق ئۆمرى قالدى، شۇڭا ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ كۆڭلىنى ئېلىۋال، دەپتۇ.

قۇندۇز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قايغۇغا پېتىپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىلىۋزدە سۆز قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان يۇلتۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلەر پەيشەنبە كەچتە ئۆزىنىڭ ماكانىغا قۇندۇزنى تەكلىپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ پەيشەنبىمۇ يېتىپ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەۋەزخان قۇندۇزنىڭ كىيىمىنى كىيىپ قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن بىر جۈپ قول كىرىپ ئەۋەزخاننى ئاچىقىپ كېتىپتۇ- بۇ يۇلتۇز پەرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن كەلگەن دېۋىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇلتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەۋەزخان قارىغۇدەك بولسا يۇلتۇز پەرى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇدەك، دېۋىلەر ئەۋەزخاننى تەخت ئالدىغا ئەكىلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەۋەزخان يۈزىنى يەرگە چاپلاپ، دۈم يېتىۋاپتۇ. يۇلتۇز پەرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپتۇ، لېكىن ئەۋەزخان جۈرئەت قىلالماپتۇ. يۇلتۇز پەرى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز، ئۆتكەنكى ئولتۇرۇشتا مەن سېنى خاپا قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن. بۈگۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن، — دەپ ئەۋەزخاننىڭ بېشىنى شۇنداق يۆلىشىگە، ئەۋەزخان بېشىنى كۆتۈرۈپلا يۇلتۇز پەرىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ ۋە قايتا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. پەرىلەرنىڭ قائىدىسىدە ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئىنسانلارغا سۆيدۈرمەيدىكەن. شۇڭا يۇلتۇز پەرى غەزەپ بىلەن يېنىدىكى دېۋىگە قاراپ:

— بۇ قۇندۇز ئەدەبسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دېۋە ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلاشقىنىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز ئەۋەزخاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سەن ئۆلمەي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن، — دەپ ئۇنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ سۆيۈپتۇ. ئەۋەزخانمۇ خاتىرجەم

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قۇندۇز بىلەن كۈچۈلمۈك تۆرمۈش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچىسى ئەۋەزخان:

— ئاھ...، — دەپتۇ-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەۋەزخانىنىڭ يېنىدا ياتقان قۇندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ ئەۋەزخانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاھ چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋەزخان مەھبۇبىغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئۆز ئېلىگە بارغانىمىش، دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاھ چېكىپ:

— ئوغلۇم ئەۋەزخان، قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن؟ سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟ — دەپ زار-زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانىمىش. بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان:

— ئاھ ئاتا، ئانا! — دەپ ئۆزىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقانىمىش.

— سۆيۈملۈكۈم، — دەپتۇ ئەۋەزخان ئايالىغا، — مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى. چۈشۈمدە ئاتا-ئانامنىڭ مېنىڭ ئىشتىياقىمدا يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم، رۇخسەت قىلساڭ يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا-ئانامنى كۆرسەم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ. مەنمۇ سەن بىلەن بىرگە باراي. ئالدى بىلەن ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى، — دەپتۇ قۇندۇز. ئاندىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قىز ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا رازىلىق بېرىپتۇ ۋە يول ھازىرلىقىنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بۇلار بىر قانچە قېچىر مال[illegible]لارنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ك[illegible] يوللارنى بېسىپتۇ. بىر كۈنى چۆل-جەزىرىدىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپ قونۇپتۇ.

ئەۋەزخان سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چېدىردىن كۆز يەتكۈدەك جايدىكى بىر دۆڭدە بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ ۋە ھوشيارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا دۆڭ تەرەپتىن بىر ئاتلىق ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئاق بايراق، بىر قولىدا بىر پارچە خەت بارمىش. ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ خەتنى ئەۋەزخانىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ-دە، توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەۋەزخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن: «گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئەۋەزخان! سەن مۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەپكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەن ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يىلدىن بېرى بىر لەك قوشۇنىمىز بىلەن سېنى ساقلاۋاتقانىدۇق. مانا ئەمدى يېتىپ كەپسەن. دەرھال قورالىنى تاشلاپ بىزگە ئەل بولۇپ قولۇڭنى باغلاپ ئالدىمىزغا كەل. بولمىسا جەڭگە ھازىرلان». خەتنىڭ ئاخىرىغا شاھىنىڭ مۆھۆرى بېسىلغان ئىمىش.

بۇنى ئاڭلىغان ئەۋەزخان خەتنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. بۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەۋەزخان دۇلدۇلغا مىنىپ شەمشەر دۇبۇلـ

خىلىرىنى ئېسىپ جەڭگە چىقىپتۇ. ئارىلىقتا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

جەڭ باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى دۈشمەن تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپتۇ، ۋە:

— ئەي! باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كېتىۋاتىمىز. بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك ئەۋەزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىز ھالاك بولىمىز. شۇڭا ياخشى تەدبىر كۆرۈشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ھەممەيلەن جىم تۇرۇپتۇ، شۇ ۋاقىتتا ئاق ساقال بىر قېرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەۋەزخاننى مەخپىي ئېتىۋېتىش كېرەك، — دەپتۇ. بۇ چارە لەشكەر باشلىقىغا يېقىپتۇ. «ئەۋەزخاننى كىم ئاتىدۇ؟» دېگەندە يەنە ھېلىقى قېرى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئويىنىتىپ ئۇلارنى قىرىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىردىنلا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بىر چوڭ تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈۋالغان قېرى ئەۋەزخاننىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق ئەۋەزخاننىڭ سول بىلىكىگە تېگىپتۇ. ئەۋەزخان ئات ئۈستىدە يېنىچە بولۇپ قاپتۇ. دۇلدۇل دەل كەينىگە يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. دەرھال شۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ كۆڭلى بىرەر ۋەھىمە سەزگەندەك سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا ئەۋەزخان دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىلىپ قالغان، ئۇ ئەۋەزخاننى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ چېدىرغا ئەپكىرىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى قورال - ياراقلارنى ئېلىپ دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئەۋەزخاننىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. ھەر كۈنى جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ دۈشمەنلەرگە ۋەھىمە سېپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ يارىلانغانلىقىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۈمىدسىز ھالدا چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بىر توپ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ۋە بىر دومىلىنىپ بىر توپ قىزغا ئايلىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا يۇلتۇز پەرى ئۆزىنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قۇندۇز يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. لېكىن پەرى ئىلىك ئالماي كېنىزەك قىزلارغا ئىشارەت قىپتۇ. قىزلار چۆرىدەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ زار قاخشاپ يىغلاپتۇ. چۈش بولغاندا يۇلتۇز پەرى بىر ئىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قۇندۇزغا قاراپ:

— قۇندۇزئاي، ئاڭلاپ تۇرغىن، ئەۋەزخاننىڭ ئەجەلى توشتى، ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ. سەن تۇل بولۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولىسەن. بۈگۈن

سىنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز. قىنى سەن يىغلا، بىز كۈلەيلى، — دەپ كىنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ، يۇلتۇز پەرى قاتتىق كۈلۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ هوشىدىن كېتىشكە ئاز قاپتۇ. چۈش قايرىلىپ كۈن ئېگىلىپتۇ. بۇ چاغدا يۇلتۇز پەرى ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار توختاپتۇ. يۇلتۇز پەرى غەمكىن هالەتكە ئۆتۈپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قۇندۇز، سۆيۈملۈك ئەۋزخان ئۆلمىدى. ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ. بۇنىڭدا بەلكىم بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. قۇندۇز يىغىدىن توختاپتۇ ۋە مەردانە هالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ سەن مېنى كۆهىقاپقا ئېلىپ بارغىنىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا سېنىڭ دىۋىلەرنىڭ ئۇقماستىن مېنى ئەمەس، ئەۋزخاننى ئېلىپ بارغان. ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا سېنى تەشنالىق بىلەن سۆيۈۋالغان، — دەپتۇ يۇلتۇز پەرى كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە، پەرى قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يىگىتكە چوقۇم تېگىشى كېرەك، شۇڭا هازىردىن باشلاپ مەن ئەۋزخاننىڭ نىكاهىدا، — دەپتۇ - دە، كېنىزەكلىرىگە كۆهىقاپقا قايتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى چېدىرغا كىرىپتۇ. ئارقىدىن قۇندۇزمۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز بولسا ئەۋزخاننىڭ سول قولىنى ئۆزىنىڭ سول قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ هۈرۈپ، جاراهەتنى سىلىغانىكەن، ئەۋزخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى قىز ئىزنىڭ ئالدىغا [illegible] ئېگىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئەۋزخان بۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۈلدۈلغا مىنىپ دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ يولنى بوشىتىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شەهىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئۆز يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن شەهەر خەلقى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتاننى ۋە ئانىسى گۈلجەهاننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ۋە گۈلجاهان تەڭلا:

— ئاه بالام، سېنىڭ دەردىڭدە يىغلاپ كۆزلىرىمىز كور بولدى. ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق، — دېيىشىپتۇ. شۇ هامان يۇلتۇز پەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ هۈرۈپ پادىشاه ۋە مەلىكىنىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەۋزخانغا ئېتىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاندىن قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ئەۋزخاننى شاهلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپ:

— سەن ئۆز بەختىڭ يولىدا ئىزدىنىپ، مۇرادقا يەتتىڭ، ئەمدى سېنى خەلق ئارزۇلاۋاتىدۇ. خەلقىنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىزدەن، — دەپتۇ. ئەۋزخان:

— خوپ ئاتا، ئېيتقانلىرى بولسۇن، — دەپ شاهلىق تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇ شۇندىن كېيىن ئۆز خەلقىنى باياشات ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىن ئاخۇن ، رەتلىگۈچى: مەتسىدىق ئىمىن

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى

چۆلدە كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كىشىدىن بىرىنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن. كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن ئۇلار بىر دالدىراق جاينى تېپىپ تۈنەپ قاپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا قارىغۇ كىشى قامچىسىنى تاپالماي تەمتىرەشكە باشلاپتۇ. يەردە بىر يىلان سوغۇقتىن تۈگۈلگىنىچە ياتقانىكەن، قارىغۇ كىشى شۇ ئىمجان يىلاننى قامچا دەپ قولىغا ئاپتۇ. ھەمراھى بۇنى كۆرۈپ



— بۇرادەر. قولۇڭدىكى قامچا ئەمەس، زەھەرلىك يىلان. ئۇنى تاشلىۋەت. بولمىسا چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەپتۇ. قارىغۇ: «بۇرادىرىم بۇ ئەۋرىشىم قامچىنى ئۆزى ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتسا كېرەك»، دەپ گۇمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇ ماڭا كەلگەن بەخت، مەن كوناقامچامنى يوقىتىپ قويۇۋىدىم، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بۇ ئەۋرىشىم قامچىغا ئىگە بولدۇم. بۇ قامچىنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن، — دەپتۇ.

ھەي دوستۇم، بۇ يولدا ھەمراھ بولۇپ ماڭغىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇنى ساڭا ئاگاھلاندۇردۇم، — دەپتۇ ھەمراھى. ئەمما قارىغۇ كىشى تەرسالىقىدىن يانماپتۇ. بەلكى ھەمراھىنىڭ ياخشى نىيەتلىك سۆزىدىن خاپا بولۇپ:

— بىلىمەن، قامچامغا كۆزۈڭ چۈشۈپ، بۇنى مېنىڭدىن ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن، خام خىيالىڭنى قوي. كارغا كەلمەيدىغان ئەپسانە سۆزلەرنى دەپ يۈرمە، — دەپتۇ.

ھەمراھى سۆزىنىڭ راستلىقىغا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، تەرسا قارىغۇ دېگىنىدىن زادىلا يانماپتۇ. كۈننىڭ ئىسسىشى بىلەن ھوشىغا كەلگەن يىلان قارىغۇنىڭ قولىنى چېقىۋېتىپتۇ. يىلاننىڭ زەھىرى قارىغۇنىڭ بەدىنىگە تارىلىپ، قارىغۇ جان ئۈزۈپتۇ.

جاھىللىق ۋە نەپسى بالا قارىغۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆلۈم قويىنىغا ئىتتىرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچ ئوغۇل

بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كىچىك ئوغلى ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىدىن چىقماي، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئۇ ئەخلاقلىق، تەرتىپلىك ئىكەن، قالغان ئىككى چوڭ ئوغلى يامان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ، بولمىغۇر يوللاردا ماڭىدىكەن. ئاتا - ئانىسىنى رەنجىتىپ، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىچارە ئانىسى دەرد چېكىپ ۋاپات بوپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي دادىسىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەندىن كېيىن ئۈچۈڭلاردىن پەقەت بىرىڭلارلا مىراسخور بولىسىلەر، شەھەر قازىسى بىلەن يۇرت چوڭلىرى قايسىڭلارغا مىراسخورلۇقنى ھۆكۈم قىلسا، شۇ ۋارىس بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بوۋاي ۋاپات بوپتۇ. ئۈچ ئوغلى ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى تالىشىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ قىلغان ۋەسىيەت سۆزىنى قازىغا ئېيتىپتۇ. قازى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قىيىنالغانلىقتىن، ئۇلارغا:

— مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايمەن، چۈنكى ئاتاڭلار قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىغان. شەھىرىمىزدە بىر بىلىملىك، دانىشمەن ئادەم بار. شۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاتاڭلارنىڭ ۋەسىيىتىنى دەپ بېرىڭلار. بۇ مەسىلىنى شۇ دانىشمەنلا ھەل قىلالايدۇ دەپ ئويلايمەن. شۇ ئادەم قانداق ھۆكۈم چىقارسا، مەنمۇ شۇنىڭغا قوشۇلىمەن، — دەپ ئۇلارنى دانىشمەننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئۈچ بالا دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى دەپتۇ، دانىشمەن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەن قىياپەتتە:

— شۇنداقمۇ مۇجمەل ۋەسىيەت بولامدۇ؟ سىلەر قايتىپ بۇنداق تۇترۇقسىز ۋەسىيەت قىلغان ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇپ، تۆزلۈۋېتىپ، ئاندىن بۇ يەرگە كېلىڭلار، شۇ چاغدا توغرا، ھەققانىي ھۆكۈمنى چىقىرىمەن، — دەپتۇ. ئەتىسى ئىككى چوڭ ئوغلى كەتمەن-گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ، كىچىك ئوغلى بولسا قولىغا قىلىچ ئېلىپ قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ. ئىككى چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا تەمشىلىپتۇ، كەنجى ئوغلى بولسا ئۇلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپتۇ ۋە:



— سىلەر ئازىمۇ ئەخلاقسىز، نومۇسسىز ۋە ۋىجدانسىز ئىكەنسىلەر. بايلىقنى دەپ ئۆز ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزماقچى

بولۇۋاتىسلەر. مەن بۇنداق ئىپلاسلىقلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن، قايسىڭلار قەبرىنى بۇزماقچى بولىدىكەنسىلەر ھەر ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن، مەن مىراستىن كەچتىم، ئۇنى سىلەرلا ئېلىڭلار. ئاتا-ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمىدىڭلار، مۇبارەك دىللىرىنى ئاغرىتتىڭلار. ئەمدى ئۇلارنى قەبرىدىمۇ تىنىچ ياتقۇزمامسىلەر؟ ھەي نومۇسسىزلار، — دەپتۇ.

ئىككى ئاكىسى كەنجى ئىنىسىنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ قەبرىگە تېگەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن دانىشمەننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئىنىسى ئۇستىدىن دانىشمەنگە شىكايەت قىلىپ:

— بۇ ئىنىمىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇندىشىمىزغا يول قويمىدى. قىلىچ كۆتۈرۈپ، ئالدىمىزنى توستى. ئەگەر ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزساق، بىزنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھدىت سالدى، — دەپتۇ. كىچىك ئوغۇلمۇ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى بۇزدۇرۇشقا يول قويالمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەپتۇ. بۇ ئۈچ بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دانىشمەن ئىككى چوڭ ئوغلىغا خىتاب قىلىپ:

— ئاتاڭلار سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمای، بىزگە ھاۋالە قىلىپ قالدۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەمدى يېشىلدى. مەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا ئەۋەتكەنىدىم. بۇ ئىككىڭلار ئەسكىلىكىڭلار تۈپەيلىدىن شۇنداق يىرگىنىشلىك ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىدىڭلار، ئىنىڭلار بۇنى رەت قىلدى. ھەتتا سىلەرنىمۇ بۇنداق ئىپلاسلىقتىن يېنىشقا دەۋەت قىلادى. ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار ئىنساپ قىلىپ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ھەقىقىي مىراسخور كىم بولۇشى كېرەك؟ — دەپتۇ. ۋە كىچىك ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ياراىسەن ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ھەقىقىي ئوغلى سەن ئىكەنسەن، ئاتا مىراسىغا پەقەت سەنلا ئىگە بولىسەن. بۇ ئىككى يارامسىز ئاكاڭ بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. مېنىڭ ھۆكمىم مانا شۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى قازى بۇ ئۈچ ئوغۇلنى چاقىرتىپ، دانىشمەننىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلاپ، ئۈچ بالىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان مىراسنىڭ ھەممىسىنى كەنجى ئوغلىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. يارامسىز ئىككى ئاكىسى ئىنىتايىن ئوسال بولغان ھالدا قايتىپتۇ.

## تېپىلغان كوزا

بىر شەھەردە ئىبراھىم دېگەن ئەمگەكچان كىشى بار ئىكەن. ئۇ كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ، تاپقان پۇلىدىن ئېشىنغىنىنى بىر كوزىغا يىغىپ، ئۇنى بىر چىلان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئىبراھىم كوزىدىكى پۇلدىن بىرئاز ئالغىلى كېلىپ قارىسا، ئۇ يەر باشقىلار تەرىپىدىن كولىنىپ، ھېلىقى كۆمۈلگەن كوزا ئېلىپ كېتىلىپتۇ. ئىبراھىمنىڭ بېشى قېتىپ، قانداق قىلارىنى بىلەلمەي، ئاخىرى ئۆزىنىڭ بىر يېقىن

www.uyghurkitap.com

دانىشمەن دوستىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. دانىشمەن ئىبراھىمنى باشلاپ ھېلىقى كوزا كۆمۈلگەن جايغا كېلىپ، ئۇيان-بۇيان تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي تۇرغاندا، بۇلارنىڭ ئۈستىگە قەلەندەر سۈپەت بىر ئادەم كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ. بىرەيلەنگە چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى لازىم بولۇپ، بۇ يەرنى كولىغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا كوزا ئۇچرىغان. ئۇ ئالماقچى بولغان يىلتىز بىلەن كوزىنى ئېلىپ كەتكەن، — دەپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن سۆزلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بىر كىچىك بالا كېلىپ قېلىپ، بولۇۋاتقان سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇلارغا:



— بىلدىم، بىلدىم، كوزىنى تېپىش ئاسان. بۇ ئاكام: «چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى دورا بولىدۇ» دېدى. ئېھتىمال بىر تېۋىپ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىر كىشىگە چىلان يىلتىزى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغان. ئۇ كىشى كېلىپ بۇ چىلاننىڭ يىلتىزىنى كولىغان. نەتىجىدە قولىغا چىقىپ قالغان كوزىنى ئېلىپ كەتكەن. ئەمدى سىلەر شۇ يېقىن ئارىدا قايسى تېۋىپ كىمگە چىلان دەرەخ يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېنىقلىساڭلار كوزا تېپىلىدۇ، — دەپتۇ. ئىبراھىمنىڭ دانىشمەن دوستى بۇ دىۋانە سۈپەت ئادەم بىلەن كىچىك بالىنىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

دانىشمەن شۇ ئەتراپلاردىكى تېۋىپلاردىن كىمگە قاچان چىلان دەرەخ يىلتىزى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. تېۋىپلاردىن بىرى:

— ھاجى ھەيدەر دېگەن بىر كىشىگە بۇندىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدىم، ئۇ ئېلىپ كەلدى، دورا ياساپ بەردىم، — دەپتۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئىبراھىم دوستى بىلەن ھېلىقى كېسەل ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— تېۋىپنىڭ بۇيرۇشى بىلەن چىلان دەرىخى ئىزدەپ، ئاشۇ چىلان دەرىخىگە يولۇقتۇم، ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈۋىنى كولاۋاتسام ئىچىگە لىق پۇل قاچىلانغان كوزا ئۇچراپ قالدى. ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر ئىگىسى چىقىپ قالسا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دېگەن نىيەت بىلەن ساقلاپ قويدۇم، — دەپتۇ.

ئىبراھىمنىڭ دانىشمەن دوستى:

— بۇ يەر ۋە ئۇيەردىكى چىلانلار مۇشۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. بۇ بىر ئاق كۆڭۈل، كەمبەغەل ئادەم. ساۋاپلىق ئۈچۈن

بولسمۇ شۇ كوزا بىلەن پۇلنى مۇشۇ ئى‍ـ
گ‍ـىسـگـە تـاپـشـۇرۇپ بەرگـەن بولـسـ‍ـ
ئىمز، ـــ دەپتۇ.

ھېلىقى كىبەل ئادەم ئىبىراھىمدىن
كوزىدىكى پۇل سانى ۋە كوزىنىڭ بەلگىلـ‍ـ
رىنى سوراپ، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، كوزا بىلـەن پۇلنى
قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر دانىشمەن ـــ ئالىم
كىشى ھەل قىلالمىغان مۇشكۇل مەسىلىنى
ئوقۇمىغان بىر ئادەم بىلەن بىر كىچىك
بالا ھەل قىپتۇ.

## مېھمان ئەزىز

مۇئمن ئىبنى زايىد ھاكىمىنىڭ
دۇشمەنلىرىدىن ئۈچ يۈز كىشىنى ئەسىر
قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. مۇئمن
ئىبنى زايىد ئۇلارنى ئۆلتـۈرۈشـنى
بۇيرۇپتۇ.

ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە بىر ياش با‍ـ
لىمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئەي ھاكىم، ئۇسساپ كەتتىم،
بىر چىنە سۇ بەرگىن، ئۇسسۇز پىتىم
ئۆلۈپ كەتمەي، ـــ دەپتۇ.

مۇئمن ئىبنى زايىد سۇ بېرىشنى



بۇيرۇپتۇ. بالا چىنىنى قولىغا ئېلىپ:

ـــ ھەممە ئەسىرلەر ئۇسسۇزدۇر،
مەن سۇ ئىچىپ، ئۇلارغا بەرمىسەم، بۇ
ئىنساپسىزلىق بولىدۇ. بەرسەم ئۆزۈم ئۇس‍ـ
سۇز قالىمەن ئەلۋەتتە ھەممىمىزنى ئوت‍ـ
شاشلا ئۆلتۈرىسەن، بۇنىڭغا ئىشىنىمىز،
مەرھەمەت قىلىپ، ھەممىمىزگە سۇ بې‍ـ
رىشكە رۇخسەت بەرسەڭ، ئۇسسۇزلۇقتا ئۆل‍ـ
مەيلى، ـــ دەپتۇ.

مۇئمنىنىڭ بۇيرۇقى بىلـەن ھەممە
ئەسىرلەرگە سۇ بېرىلىپتۇ. ئەسىرلەر سۇ‍ـ
نى ئىچىپ، تەشنالىقىنى قاندۇرغانـدىن
كېيىن، ھېلىقى بالا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئەي ھاكىم، سۇيىڭنى ئىچىش
بىلەن ھەممىمىز سېنىڭ مېھمىنىڭ بولدۇق.
مېھمانىنى ئۆلتۈرۈش پەزىلەتلىك كىشى‍ـ
نىڭ ئىشى ئەمەستۇر، ـــ دەپتۇ.

مۇئمن ئىبنى زايىد بالىنىڭ بۇ چى‍ـ
رايلىق ھەم تەسىرلىك سۆزىدىن زوقلىنىپ،
ھەممە ئەسىرلەرنى قو يۇۋېتىپتۇ.

## نادانىنىڭ سۆھبىتى

ئىراق ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى مەش‍ـ
ھۇر بىر ئالىمغا قازىلىق مەنسىپىنى بەر‍ـ
مەكچى بوپتۇ. ئالىم ئۇنىڭ تەكلىپىنى
قوبۇل قىلماپتۇ. ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا تەن
جازاسىدىنمۇ ئېغىرراق جازا بەرمەكچى
بولۇپ، ئۇنى زىندانغا قاماشنى بۇيرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر تەلۋە ۋە نادان بىر ئادەمنىمۇ قوشۇپ قاماشنى گۈندىپايغا ئېيتىپتۇ. ئاندىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئالىم دات-پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە ھۆكۈمدارغا:

— تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلاي، مېنى مۇشۇ جاھىل، تەلۋە ۋە نادان ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭ، — دەپ ئەرز قىپتۇ.

ھۆكۈمدار ئالىمنى ئازاد قىپتۇ ۋە ئۇنى قازىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەپتۇ.

## دېھقاننىڭ سوۋغىسى

نىزامۇلمۈلۈك دېگەن ئالىيجاناب ۋە ئادىل بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا بىرى بىرەر سوۋغا ئېلىپ كەلسە، ئۇ سوۋغىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىۋېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر دېھقان ئۇنىڭغا ئۈچ دانە تەرخەمەك ئېلىپ كىرىپتۇ. ۋەزىر بۇنى ئۆزى يەۋېتىپ، دېھقانغا مىڭ دىنار پۇل ئىنئام بېرىپتۇ. ۋەزىر بىغىغا دەم ئېلىشقا چىققاندا، ئۇنىڭ بىر كۈتكۈچى مۇلازىمى:

— جانابلىرى، نېمىشقا ئۇ ئۈچ تەرخەمەكنى ئۆزىڭىزلا يەۋالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئادىل ۋەزىر مۇلايىملىق بىلەن:

— ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەرخەمەكلەر بەك قىرتاق ئىكەن. ئۇنى باشقىلارغا بەرسەم، ئۇلار ئۇنىڭ تەمىنىڭ يامان، قىرتاقلىقىدىن دېھقاننى يامان سۆز بىلەن تىللاپ قويۇشىدۇ. شۇڭا دېھقاننىڭ دىلى ئازار يېمىسۇن دېدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئىككى خىل تەبىر

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىي ھەممە چىشى چۈشۈپ كېتىپ كۆرگەن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ دەرھال چۈش ئۆرۈگۈچى بىر مۇنەججىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپتۇ ۋە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈش ئۆرۈگۈچى كىشى تەكەببۇر، ئويلانمايلا سۆزلەۋېرىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ مەھمۇت غەزنەۋىيگە:

— ئۆزلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرى، تۇغقانلىرى سىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈشلىرىنىڭ تەبىرى شۇ، — دەپتۇ. بۇ تەبىر سۇلتانغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىپتۇ. ئىككىنچى بىر چۈش ئۆرۈگۈچىنى چاقىرتىپتۇ. بۇ چۈش ئۆرۈگۈچى تەدبىرلىك، ئېھتىياتچان، دانا كىشى

ئىكەن. ئۇ ئويلىنىۋېلىپ، سۇلتانغا:

— بالا-چاقا، تۇغقانلىرىڭىزدىن كۆرە سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىز، — دەپتۇ.

سۇلتانغا بۇ تەبىر ياققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپتۇ. سۇلتان يېنىدا تۇرغانلارغا:

— ھەر ئىككىلا چۈش ئورۇگۇچىنىڭ تەبىرى بىرلا. پەقەت بىرىنچىسى ئۆزىنىڭ نادانلىقى سەۋەبىدىن ئويلىماي، ئېھتىيات قىلماي، قوپاللىق بىلەن تەبىر بەردى. شۇڭا ئۇنىڭغا جازا بەردىم. ئىككىنچىسى بولسا دانا، ئېھتىياتچان، ئويلاپ سۆزلەيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا ئىنئام بەردىم، — دەپتۇ.

## ھاتەمنىڭ مەردلىكى

بىر نادان، تەلۋە ئادەم ھاتەمنى تەيگە كۆپ جەبرى-جاپا ساپتۇ. ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ. ئەقىللىق كىشىنىڭ بىر نادان بىلەن تاكاللىشىپ تۇرۇشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھاتەم گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى نادان ئادەم تىللاشتىن ھېرىپ، توختىغاندىن كېيىن، ھاتەم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟ بولسا ئۆزۈڭگە دەپ تۈگەت «ئەقىلسىز، نادان ئادەم ئەدەپسىزلىك قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشماي، ئەدەبسىزلىكىنى كەچۈرۈشتىن باشقا چارە يوق» دېگەن سۆز بار. شۇڭلاشقا مەن سېنىڭ ھەممە ھاقارەتلىرىڭگە جاۋاب قايتۇرماي جىم تۇردۇم. سېنى ئەپۇ قىلدىم.



## چېقىمچىغا بېرىلگەن مۇكاپات

بۇرۇن بىر ھاكىم ئوۋغا چىقىپ ھەمراھلىرى بىلەن بىر يەرگە چۈشۈپتۇ. ھاكىم ئۆزىنىڭ ئات باققۇچىسىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— مەن ئۇزۇندىن بۇيان سېنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئات چاپتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. قايسىمىزنىڭ ئېتىنىڭ يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىر سىناپ باقامدۇق؟ — دەپتۇ. ئات باققۇچى ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۆزلىرى چۈشكەن يەردىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ھاكىم ئېتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

توختىتىپتۇ ۋە ئات باقارنىمۇ توختىتىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن ساڭا بىر سۆزنى ئېيتماقچى بولۇپ، سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ساڭا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ سىرىمنى پەقەت ساڭىلا ئېيتىمەن، بۇنى سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، — دەپتۇ.

ئات باقار تەزىم قىلىپ:

— سىز ماڭا ئىشىنىپ، سىرىڭىزنى ئېيتقانىكەنسىز، ئەلۋەتتە ئۇنى ھېچقاچان ھېچكىمگە دېمەيمەن، — دەپ ھاكىمغا ۋەدە بېرىپتۇ. ھاكىم ئات باقارغا ئىشىنىپ كۆڭلىدىكى سۆزىنى دەپتۇ:

— ئىنىمنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇنى يوقاتماقچىمەن. بۇندىن كېيىن يېنىمدىن يىراقلاشماي، مېنى قوغداپ يۈر.

ئات باقار ھاكىمنىڭ سىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ. ھاكىم ئۇۋدىن قايتىپ، ئوردىسىغا كىرىشى بىلەنلا ئات باقار ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. بىر پۇرسەت تېپىپ ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئىنىسىغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. ھاكىمنىڭ ئىنىسى بۇ خەۋەردىن خۇش بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بەرمەكچى بوپتۇ.

ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى تەدبىرلەر بىلەن قوغداشقا باشلاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ھاكىم ۋاپات بوپتۇ. بۇ ھاكىم ھېلىقى چېقىمچى ئات باقارنى شۇئان دارغا ئېسىشنى ھۆكۈم قىپتۇ. ئات باقار ھاكىمغا ئۆزىنىڭ قىلغان خىزمىتىنى سۆزلەپ نالە-زار قىلسىمۇ،



يېڭى ھاكىم ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماپتۇ ۋە:

— سىرنى پاش قىلىشتىن، چېقىمچىلىقتىن يامانراق گۇناھ يوقتۇر. ئاكام ساڭا ئىشىنىپ سىرىنى ئېيتقان. ئەمما سەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، ئۇنىڭ سىرىنى پاش قىلدىڭ، ئۇنى ماڭا چاقتىڭ. ئاكامغا ۋاپا قىلمىغان ئادەم، ماڭا ۋاپا قىلارمۇ؟ مانا ئەمدى چېقىمچىلىقنىڭ جازاسىنى تارت! — دەپ ئۇنى دارغا ئاستۇرۇپتۇ.

## نامرات دەرۋىش ۋە تەكەببۇر قارى

قازىكالارنىڭ مەھكىمىسىگە موللىلار يىغىلىپ دىنىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانىكەن، شۇ سۆھبەت ئۈستىگە كىيىملىرى يىرتىق بىر كەمبەغەل دەر-

ۋىش كىرىپ، موللا ۋە بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

قازى بۇ دەرۋىشنىڭ بۇ زاتلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپتۇ:

— ھەي دەرۋىش، سەن نېمىشقا موللىلار بىلەن بۇ ئۇلۇغ بايلىرىمىزنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇڭ، ئۆز مەرتىۋەڭنى بىلمەمسەن؟ دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ پەگا تەرەپتە ئولتۇر، بولمىسا چىقىپ كەت! — دەپتۇ. قازىنىڭ خىزمەتكارى شۇئان كېلىپ دەرۋىشنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— سەن بۇ ئۆلىما، بايلارنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرۇشقا لايىق ئادەم ئەمەسسەن. نېمىشقا ئۆزۈڭنى چاغلىماي ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرىسەن؟ پاشىنىڭ يولۋاس بىلەن تەڭ كەلگىنى نەدە بار؟ سېنىڭ ھېچقانداق ئىلمىڭ يوق بىر دەرۋىش تۇرساڭ، موللا ۋە بايلارنىڭ بۇنىڭدەك بىر ئىلمىي مۇھاكىمە سۆھبىتىگە قانداق قاتنىشالايسەن؟ دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ، پەگادا ئولتۇر. بولمىسا سېنى ھازىر قوغلاپ چىقىرىمەن. — دەپتۇ.

دەرۋىش ھەسرەتلىنىپتۇ. دىلى رەنجىپ، ئىلاجسىز پەگاغا چۈشۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. موللىلار بىر مەسىلە ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمەي، بىر-بىرىنىڭ پىكىرىنى رەت قىلىپ، ئاخىرى بىر-بىرىگە خورازلاردەك ھۈرپىيىشكە، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ جېدەل قىلىشقا، ياقا سىقىشىشقا ئۆتۈپتۇ. لېكىن مەسىلە ھەل بولماپتۇ. بۇلارغا قاراپ جىم ئولتۇرغان دەرۋىش، بۇلارنىڭ بۇ قىلمىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇلارنى جېدەلنى توختىتىشقا دەۋەت قىپتۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

گۆرەنلىرىڭلارنى كۆپتۇرۇپ، بىر-بىرىڭلار بىلەن جېدەل قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلالمايسىلەر. مەسىلە-دەلىل ئىسپاتسىز ھەل بولمايدۇ. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە لايىق بىلىمىم بار. قېنى سىلەر ئەينى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار، مەن ئۆز بىلگىنىمچە جاۋاب بېرىپ كۆرەي.

سۆھبەت ئەھلى جىمىپ، ئوتتۇرىدا تالاش بولۇۋاتقان مەسىلىنى دەرۋىشكە ئېيتىشىپتۇ. دەرۋىش ئۇلارغا يېقىملىق ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپتۇ ۋە مەسىلىنى ھەل قىپتۇ. مەجلىس ئەھلى ھاياجانلانغىنىدىن دەرۋىشكە رەھمەتلىرىنى ئېيتىشىپتۇ.

تەكەببۇر قازىمۇ دەرۋىشنىڭ ئىلمىگە قايىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېپەك تونى بىلەن سەللىسىنى دەرۋىشكە سوۋغا قىپتۇ ۋە:

— ئەي دەرۋىش، سېنىڭ قەدرىڭنى بىلمەپتىمەن. قېنى تۆرگە مەرھەمەت قىلغىن، — دەپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئەمما دەرۋىش قازىنىڭ سوۋغىسىنى



قوبۇل قىلماپتۇ. ئۇ قازىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— تەكەببۇرلۇققا سەۋەبچى بولىدىغان بۇ تون بىلەن سەللە ماڭا كېرەك ئەمەس. مۇشۇ ئەسكى - تۈسكى كىيىمىم مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمنى تۆۋەنلىتەلمىگىنىگە ئوخشاش، بۇ يىپەك تون بىلەن زەر باسقان سەللىمۇ مېنىڭ ئەقىل پاراسىتىمنى ئاشۇرالمايدۇ. ئەقىل كىيىمدە ئەمەس باشتا. شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى پەدازلىسىمۇ، ئىلىم - مەرىپەتتىن، ئەدەب - ئەخلاقتىن [illegible] خەۋىرى يوقتۇر. ئۇنداق كىشىلەرنى... قىلاردىن يۇقىرى، كونا كىيىملىكلەرنى تۆۋەن ساناش ئىنسابسىزلىقتۇر. ئەقىل - ئىدراك ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش كېرەك. «ئۆزىگە قارىما، سۆزىگە قارا» دېگەن ھېكمەتلىك ماقالىدىكىدەك، ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەك، سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىلىم - بىلىمىگە، ئەقىل - پاراسىتىگە، سۆزىگە، ئەدەب - ئەخلاقىغا قاراش كېرەك.

## بىرىگە ئورا كولىساڭ

ئىرانىنىڭ بىر شەھىرىدە ئۆزىنىڭ ئەسكى مىجەز - خۇلقى بىلەن نام چىقارغان ئۇبەيد دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىقسىزلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ پاراۋانلىق خامىنىغا ئوت قويۇپ، ئۆزى يامان ئەخلاق، بۇزۇقلۇقنىڭ ئېگىزپەس، ۋەيرانە خارابىزارلىقلىرىدا يۈرىدىكەن. مەردلىك ۋە ئىنسانىيەتچىلىك دەستىخىنىنىڭ نېمەتلىرىدىن ئېغىز تەگمەيدىكەن. بىراق بۇ نومۇسسىز، ھاياسىز ئۇبەيدنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، ئەخلاقلىق تەربىيە كۆرگەن بىر ئايالى بار ئىكەن. نائەھلى ئۇبەيد بۇ ئايالىغىمۇ زادىلا ئوچۇق چىراي، خۇش خۇي، گۈزەل سۆزلەر بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىكەن. ھەرقانداق شارائىتتا ئايالىغا زەردە بىلەن جاۋاب بېرىدىكەن. بۇ بىر شائىرنىڭ:

نەسىھەت ئىڭلىماس دىل سەختى مەھجۇب،
① كۆكەرمەس تاشقا يامغۇر ياغسىمۇ كۆپ.

دېگىنىدەك، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھەرقانداق نەسىھەتلىرى بۇ ئەدەبسىز ئادەمگە قىلچىمۇ تەسىر قىلمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇبەيد ئۆيىگە كېلىپ، ئايالىنى سەۋەبسىز ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. جاھىللىقى بارغانچە ئۆرلەپ، يوغان بىر تاشنى ئېلىپ، ئايالىنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئايال شۇ جايدىلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.

بېيىت:

ئەل ئامان، يۈز ئەل ئامان، ناجىنسلاردىن
ئەل ئامان،
ياخشى ئۆلپەتلەر بىلەن بولغىل ھەمىشە
ئەي جەۋان.

ئۇبەيد ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىدىن قورقۇپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ،

① سەختى مەھجۇب — قاتتىق ئورالغان، قېتىپ كەتكەن، ئۇيۇلتاشتەك، قاتتىق.

ئۇ ئايالنىڭ جەسىتىنى خالىيراق بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، تەجرىبىلىك بىر ئادەمنى تېپىپ، بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت سورىماقچى ۋە شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرمەكچى بوپتۇ. ئۇ شۇ نىيەت بىلەن كوچىغا چىقىپ، ئەزىم خوجا دېگەن بىر سودىگەرگە يولۇقۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۇنى توختىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ پاجىئەنى قانداق قىلىپ يوشۇرۇش ۋە جازالىنىشتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ، سودىگەر بىر ئاز ئويلىنىپ:

— كېلىشكەن بىر يىگىتنى ئۆيۈڭگە باشلاپ كىر، شۇ ئۆيدە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ئايالىڭنىڭ جەسىتى بىلەن بىر يەرگە ياتقۇز. ئاندىن ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلارنى چاقىرىپ: «ئىشتىن قايتىپ كەلسەم ئايالىم بىر ياش يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋىجدانىم ئازابلىنىپ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈردۈم» دەپ جاكارلا. شۇنداق قىلساڭ خەلق ساڭا ئىشىنىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا جازادىن قۇتۇلۇپ قالىسەن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

سودىگەرنىڭ بۇ ياۋۇز مەسلىھەتى ئۇبەيدكە ياراپتۇ. ئۇ شۇ بويىچە كېلىشكەن بىر يىگىتنى تېپىپ:

— ئىنىم، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ زادىلا تاماق يېيەلمەيتتىم. ھازىر تاماقنى تەييارلاپ قويۇپ «كوچىدا كىم ماڭا بىرىنچى بولۇپ يولۇقسا شۇ كىشىنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىمەن» دەپ كوچىغا چىقىۋىدىم، تەلىيىمگە سىز يولۇقتىڭىز، ئۆيۈمگە كىرىپ ماڭا ھەم مېھمان، ھەم ھەمراھ بولۇپ ئاندىن قايتسىڭىز؟ — دەپتۇ.

يىگىت ھەر قانچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتسىمۇ، ئۇبەيد زادىلا ئۇنىماي، چاپلىشىپ تۇرۇۋېلىۋاپتۇ. ئاخىرى يىگىت ئىلاجىسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بەدنىيەت



ئۇبەيد، دەرھال ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يىگىتنىڭ جەسىتىنى ئايالىنىڭ جەسىتى بىلەن بىر يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، قوشنىلىرىغا سودىگەرنىڭ دېگىنىدەك خەۋەر قىپتۇ. بۇ چاغدا سودىگەر ئەزىم خوجا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىكەن، ئۇبەيد ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ:

— مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىشنى پۈتتۈردۈم، — دەپ ھېلىقى يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەزىم خوجا دادپەرياد دېگىنىچە ئۆزىنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. بۇ ئەزىم خوجىنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەن. بەدنىيەت سودىگەر ئۆزىنى ئۇرۇپ، زارلىغىنىچە يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى ئەلەمگە چىدىماي بىر تاشقا ئۇرۇپ، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئۆلۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سودىگەر ئۆزىنىڭ شۇملۇقى بىلەن بەرگەن مەسلىھەتىنىڭ دامىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ.

كىمكى كوچا ئۈستىگە قويسا توزاق،
ئۆزى سالغاي شۇ تۇزاق ئىچرە ئاياغ.

يىغىلغان كىشىلەر ئۆبەيدىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئۆيدە ياتقان ئۈچ جەسەتنى كۆرۈپ، يىغلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. قاتىل ئۆبەيدىنى چەمبەرچەس باغلاپتۇ. ئەھۋالنى شەھەر هاكىمىغا مەلۇم قىپتۇ. هاكىم نەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۆبەيدىكە تام تۈشۈنى ئولتۇرىدىغان بىر ئايال ئۆڭلەكتىن ئۆبەيدىنىڭ قىلغان بۇ جىنايەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ. هاكىم ئۆبەيدىنىڭ ھەققىدە ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىپتۇ.

بېيىت:

كىمكى بەدكارۇ بەدخەيال بولسا،
ياخشىلىقنىڭ يۈزىن قاچان كۆرگەي؟

## ياۋۇزلۇقنىڭ جازاسى

ئىسپاھانلىق بىرنەچچە دوستلار سەيلى قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار بىر يېزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەكبەر دېگەن بىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپتۇ:

بىر قېتىم ساياھەتكە چىققان ۋاقتىمىزدا يېنىمدا ئون مىڭ تەڭگە سىڭدۈرۈلگەن پۇل قاپچۇقۇم بار ئىدى. بىز بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشتۇق. يېنىمدىكى پۇل قاپچۇقىنى ئېھتىيات قىلىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يوشۇرۇن كۆمۈپ قويدۇم. مېڭىش ۋاقتىدا ئالدىراشچىلىقتا ھېلىقى كۆمۈپ قويغان تىللانى ئۇنتۇپ قېلىپ، كېتىپ قاپتىمەن. دەل مۇشۇ يېزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ قاپچۇق ئېسىمگە چۈشتى. مەن ھېلىقى قونالغۇغا يالغۇز قايتىپ بېرىپ، ھېلىقى جاينى ئاختۇردۇم. كۆمگەن پۇلۇم شۇ بويىچە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ قايتتىم. شۇ ئارىدا كۈن ئولتۇرۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. ئالدىمدا بىر يېزا كۆرۈندى. شۇ يەرگە قاراپ ماڭدىم. يېزىغا كىرىشىمگە بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ كىشى مېنى تەكەللۇپ بىلەن تۆرگە تەكلىپ قىلدى. دەستىخان سېلىپ تاماق ئېلىپ كەلدى. ساھىبخان بىلەن بىرگە تاماق يېدىم. خېلى ۋاقىتقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق.

ئۇخلاش ۋاقتى بولغاندا ئۆي ئىگىسى ماڭا: «ئەزىز مېھمان، سىز مۇشۇ ئۆيدە ئۇخلاڭ. ئورۇن-كۆرپە ئاۋۇ تەكچىدە. ئەگەر يېنىڭىزدا ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق ئېسىل ماللىرىڭىز بولسا، ماڭا ئامانەت قويۇپ قويۇڭ، مۇبادا ئوغرىلار سىزدە ئۇنداق نەرسە بارلىقىنى بىلىپ قالغان بولسا، بىردەمدىن كېيىنلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ» — دېدى.

مەن خالتىمنى ئۇنىڭغا بەردىم.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسى ياتقان ئۆيدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە ھەققىدە دەتالاش

باشلاندى. مەن ئۆزۈمچە ئويلىنىپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. تونۇمىغان، بىلمىگەن بىر ئادەمگە شۇنچە ئالتۇننى ئۇتقۇزۇپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى بولالماي، ئۆي ئىگىسىنى چاقىردىم.

— ھەي ئەزىز بۇرادەر، مەن ئەتىگەن مېڭىپ كېتىمەن، سىزنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلماي، ھېلىقى ئامانەتنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دېدىم.

ئۇ ئادەم ئامانەتنى شۇ ھامان ئەكىرىپ بەردى.

مەن قاپچۇقنى تەكشۈرۈپ قارىسام، ئەينەن تۇرۇپتۇ. بېسىلغان مۆھۈرۈمۇ بۇزۇلماپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ ساپ ۋىجدانلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

بىر ئازدىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى پەلە ئاڭلاپ قالدىم، بېرىپ ئىشىكتىن تىڭشاپ باقتىم. ئايالى ئېرىگە:

— تازىمۇ نادان، توخو يۈرەك ئادەمكەنسەن، قولۇڭغا شۇنچە بايلىق چۈشكەندە، بىكارغىلا قولدىن چىقىرىۋەتتىڭ. ئۇ بىر مۇساپىر يولۇچى تۇرسا، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك بۇ ئىشنى كىم بىلەتتى؟ — دېدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماڭا ۋەھىمە چۈشتى. بار-يوقۇمنى يىغىشتۇردۇم-دە، ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ يوغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. شاخ-شۇمبىلار بىلەن ئۆزۈمنى دالدا قىلدىم. ئۇلارنىڭ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ دائىم ئىچىملىكنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتا-ئانىسىنى بىزار قىلىدىكەن. شۇ كېچىسىمۇ ئۇ مەست كەلگىنىچە ھېلىقى مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە مەن ياتقان ئورۇنغا دۈم چۈشكىنىچە ئۇخلاپ كەتتى. پاك، ۋىجدانلىق ئەر ساھىبخانىنىڭ: ئالتۇن-كۆمۈش قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىز بولسا ماڭا ئامانەت قويۇپ قويۇڭ، ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ سىزدە بارلىقىنى ئوغرىلار سېزىپ قالغان بولسا، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ»، دېگەن سۆزلىرى ئاشۇ ئوغلىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئەر-خوتۇن جېدەلدىن توختىغاندىن كېيىن، ئەر ئۇخلاپ قالدى. ئايال ئورنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يوغان



بىر پارچە تاشنى قولىغا ئېلىپ، مەن ياتقان ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ قاراڭغۇ بولغاچقا ياتقان ئادەمنى مەن دەپ ئويلاپ، مەست ياتقان ئوغلىنى قولىدىكى تاش بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ خاتىرجەم ھالدا مېنىڭ تىللا سالغان قاپچۇقۇمنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئېرىنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا:

— يولۇچىنى ئۆلتۈردۈم. تېز ئورنۇڭدىن تۇر. تاڭمۇ يېقىنلاپ قالدى. يولۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىنىڭ جەسەتىنى بىر يەرگە كۆمۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ تىللا سالغان قاپچۇقىنى تاپايلى، — دېدى.

ئېرى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. خوتۇنىغا لەنەتلەر ئوقۇپ، جەسەتنى ئالغىلى ئۆيگە كىردى، چىراغ يېقىپ، قاراپ ئۆلگۈچىنىڭ يولۇچى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايال داد-پەرياد سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن ئېرى خوتۇنىغا:

— ياۋۇزلۇقنىڭ جازاسى مانا مۇشۇ بولدى. بىگۇناھ بىر كىشىنى يىرتىش ئۈچۈن دار قۇرغانىدىڭ. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئېسىلدىڭ. ئەمدى زارلىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى.

ئايال ئەلەمگە چىدىماي، ئوغلىنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرگەن تاشنى ئېلىپ، ئۆز بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلۈۋالدى.

ئۆي ئىگىسى مېنى ئىزدەشكە كېرىشتى. مەن دەرەختىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

— قەدىرلىك مېھمىنىم، — دېدى ئۇ،— بۇ يۈز بەرگەن مۇدھىش ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، ئەپۇ قىلغايسىز. باشقا يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ياخشى قىپسىز. بولمىسا مېنىڭ ئۇ ياۋۇز ئايالىم ياكى ھاراقكەش ئوغلۇم سىزگە زىيان سالغان بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئەكبەر بىلەن ھېلىقى ئىنساپلىق ئادەم ئىككىسى شۇنىڭدىن باشلاپ سەممىمىي دوست بولۇپ قېلىشتى.

بېيت:

مەردلەرنىڭ ئىشلارىن ئەندىشە قىل،
تا تىرىكسەن ياخشى ئىشنى پىشە قىل.

## قانائەتنىڭ پايدىسى

بۇرۇن كابۇل شەھىرىدە تۇرىدىغان ئىككى كىشى تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىدىن يارىدەم سوراش مەقسىتىدە غەزنە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇلارغا يولدا بىر ھەمراھ قوشۇلۇپتۇ. بۇ ئىنتايىن قانائەتلىك ئادەم بولۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن، تاپقىنىغا قانائەت قىلىدىكەن. ھېلىقى ئىككى ئادەم بۇ قانائەتچان ئادەمگە نېمە مەقسەت بىلەن غەزنە شەھىرىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ كىشىنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن سەپەرگە چىققانلىقىنى سوراپتۇ. قانائەتچان كىشى ئۇلارغا:

— مەن بىر ياغاچچى، ئۆزۈمنىڭ كەسپىم بىلەن ئىشلەپ تاپقان ھالال پۇلۇمغا قانائەت قىلىمەن، ھېچكىمدىن بىر نەرسە تەمە قىلمايمەن. سۇلتاننىڭ ئىنئام-ئېھسانىغا ئېھتىياجىم يوق. پەقەت غەزنە شەھىرىنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا سەپەرگە چىقىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار غەزنە شەھىرىگە كېلىپ بىر ۋەيرانە جايغا چۈشۈپتۇ. بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئىككىيلەن سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ ۋە ھېلىقى قانائەتچان كىشىنىڭ

ئۇردىغا كېلىشكە ئۇنىمىغانلىقىنىمۇ سۇلتانغا مەلۇم قىپتۇ. سۇلتان ئادەم ئەۋەتىپ، قانائەتچان كىشىنىمۇ چاقىرتىپ كەپتۇ. سۇلتان بۇلاردىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى قايتىلاپ سوراپتۇ. بۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرى سۇلتاندىن بىر خالتا ئالتۇن تەلەپ قىپتۇ. ئىككىنچىسى ئۆزىنىڭ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا سۇلتان ئۆز ئوردىسىدىكى چۆرە قىزلاردىن بىرسىگە ئۆيلەپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. سۇلتان بۇ ئىككىيلەننىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، قانائەتچان كىشىدىن:

— غەزنە شەھىرىگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا كېلىشكە ئۇنىمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قانائەتچان كىشى:

— مەن غەزنە شەھىرىگە سەيلە قىلىش ئۈچۈنلا كەلدىم. مەن ئۆز ھۈنىرىم بىلەن كۈن كەچۈرۈشنى خالايمەن، نومۇسۇمنىڭ تۆكۈلۈشىنى خالىمايمەن. سىزنىڭ بېرىدىغان ئىنئام-ئېھسانىڭىز ماڭا لازىم ئەمەس. شۇڭا ھۇزۇرىڭىزغا كەلمىگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭغا ئىنئام بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرسىگە بىر خالتا ئالتۇن بېرىپتۇ. ئىككىنچىسىگە ئوردىسىدىكى چۆرە قىزلاردىن بىرسىنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بوپتۇ، ئۇلار شەھەردىن چىقىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئالتۇن ئالغىنى ھېرىپ قېلىپ، خالتىنى قانائەتچان كىشىنىڭ بىر ئاز كۆتۈرۈپ مېڭىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ...

سۇلتان مەھمۇت قانائەتچان كىشىنىڭ بېرىلگەن ئىنئامنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، خىزمەتچىسىگە ھېلىقى ئۈچ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قولىدا خالتىسى، يېنىدا چۆرىسى يوقىنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

سۇلتان خىزمەتچى ئېلىپ كەلگەن باشنىڭ خالتىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، خىزمەتچىگە:

— خاتا ئۆلتۈرۈپسەن، دەرھال بېرىپ، خالتا ۋە چۆرە خوتۇنى يوقنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۇ چاغدا چۆرە ئايالى بار كىشى ئايالىنى قانائەتچان كىشىنىڭ يېنىغا قويۇپ، تاھارەت قىلىشقا يىراقراق يەرگە كەتكەنىكەن، خىزمەتچى كېلىپ، ئۇنى شۇ جايدىلا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئېلىپ كەپتۇ. سۇلتان ھەيران بولۇپ: «خالتىسى ۋە چۆرە ئايالى بار كىشىنى ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇپ كەل!» دەپ خىزمەتچىسىگە يەنە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچى قوغلاپ بېرىپ، قانائەتچان كىشىنى تۇتۇپ كەپتۇ.

سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قانائەتچان كىشى مۇنداق دەپتۇ:

— سىز ئۇلارغا ئالتۇن ۋە چۆرە قىزنى ئاتا قىلدىڭىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جېنىنىمۇ ئۆزىڭىز ئالدىڭىز. مەن سىزدىن ھېچنېمە ئالمىغىنىم ئۈچۈن ساق قالدىم.

سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ:

— مەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىل! — دەپ ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىپتۇ. قانائەتچان كىشى:

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا سىزدىن ئۈچ نەرسە سورايمەن. ئاۋال خالتىدىكى ئالتۇنلارغا يەنە بىرئاز ئالتۇن قوشۇپ، ۋاپات بولغان ئىككىيلەننىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ ئۇلاردىن گۇناھىڭىزنى سوراڭ؛ ئىككىنچى، بۇندىن كېيىن ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرمەڭ، ئۆزىڭىزگە ئادالەتلىكنى يېتەكچى قىلىڭ؛ ئۈچىنچىسى، سىزدىن ھېچنەرسە تىلىمەيمەن. ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز، خوتۇن-بالامنى بۇ غەزنە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ھۈنەرىم بىلەن تىرىكچىلىك قىلسام، — دەپتۇ.

سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ.

— مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار. سىزمۇ قوبۇل قىلىڭ. بىرىنچىسى، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمنى كەچۈرۈڭ؛ ئىككىنچىسى، مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىم توغرىلىق ماڭا مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇڭ؛ ئۈچىنچىسى، ھەر جۈمە ئاخشىمى مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ، سۆھبىتىڭىزدىن بەھرىمەن بولاي.

قانائەتچان كىشىمۇ سۇلتاننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

بېيىت:

گەر قانائەتلىكنى قىلساڭ ئىختىيار،
بولمىغايسەن دۇنيادا ھېچ خارۇ زار.

## توغرا سۆزلۈك بولۇشنىڭ پايدىسى

قەدىمىي ئەرەب ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ھەججاج بىر كىشىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ھەججاجنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— تۇغقىنىمىزنى ئەيىبكار ھېسابلاپ قامىغانىكەنسىز، ئۇ بىر دەلدۈش، ساراڭ قېتىش ئادەم، بۇنداق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. ئىلاج بولسا تۇغقىنىمىزنى قويۇپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز دېيىشىپتۇ.

ھەججاج ئۇلارغا:

— سۆزۈڭلار توغرا بولسا، ئۇ تۇغقىنىڭلار ئۆزىنىڭ تەلۋە، ساراڭ قېتىش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسۇن، ئاندىن قاماقتىن بوشىتىمەن، — دەپتۇ.

مەھبۇسنىڭ تۇغقانلىرى تۈرمىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەججاجنىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھەججاجنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— مېنىڭ ئەقلى-ھوشۇم جايىدا، ساق-سالامەت تۇرسام، نېمىشقا تەلۋە ساراڭلىقنى ئۈستۈمگە ئالىدىكەنمەن؟ ھەججاج مېنى نېمە قىلسا قىلسۇن. مەن ئۇنداق شەرتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەججاج ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ راست سۆزلۈكى، مۇستەھكەم ئىرادىلىكى ئۈچۈن ئۇنى قاماقتىن بوشىتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## ساداقەتلىك ئايال

بەسرە شەھرىنىڭ ھاكىمى بىر كۈنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ. باغۋەننىڭ تىرىشچانلىقى، نومۇسچان ۋە ئىنتايىن گۈزەل ئايالى بار ئىكەن. ھاكىم بۇ گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، باغۋەننى ئۇزاق بىر يەرگە ئىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئايالغا باغنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئايال ئىشنى ئورۇنلاپ كەلگەندىن كېيىن ھاكىم:

— ھەممە ئىشىكنى تاقىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال پەقەت بىر ئىشىكنى تاقاشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھاكىم ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئايال مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ ئىشىك مېنىڭ ۋىجدانىم ۋە ئېرىمگە بولغان ساداقىتىمنىڭ ئىشىكى ئىدى.

ھاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ خىجىل بولۇپ:

— سىڭلىم، مېنى ئەپۇ قىل، — دەپتۇ ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇ ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ.

## تۇز ھەققى

بىر ئوغرى كېچىسى لەخمە كولاپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپتۇ. ئۇ يەردىن ئالتۇن ۋە قىممەت باھا گۆھەرلەرنى ئېلىپ قايتىشىغا، خەزىنىنىڭ بىر چېتىدە ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان بىر نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ خەزىنە ئىچىدىكى كېچىنىڭ بۇ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنى پەرق ئېتەلمەي، بەلكىم «گەۋھەرى شەبچىراغ» دېگەن نەرسە مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، قولىغا ئېلىپ، ئۇنى تىلى بىلەن يالاپ بېقىپتۇ. ئەسلىدە بۇ بىر پارچە ئويۇل تۇز ئىكەن. ئوغرى بىردىنلا ئالغان ھەممە نەرسىلىرىنى جاي-جايىغا قويۇپ قويۇپ، خەزىنىدىن ئۆزى كولىغان لەخمە ئارقىلىق قۇرۇق قول چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە خەزىنىچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھودۇقۇپ كىرىپ:

— بۇ كېچىسى ئوغرىلار لەخمە كولاپ، خەزىنىگە كىرىپتۇ، ئەمما ھېچنېمە ئالماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ «لەخمە كولاپ خەزىنەمگە كىرىپ، شۇنچە قىممەت باھا نەرسىلەرنى ئالماي چىقىپ كەتكەن قانداق ئوغرىلاردۇر؟» دەپ ئويلاپ، يارلىق چىقىرىپتۇ:

— خەزىنەمگە لەخمە كولاپ كىرىپ ھېچنەرسە ئالماي چىقىپ كەتكەن ئوغرىلار ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇلارغا جازا بېرىلمەيدۇ.

خەزىنىگە كىرگەن ھېلىقى ئوغرى، پادىشاھنىڭ بۇ ئېلانىنى كۆرگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— خەزىنىگىزگە لەخمە كولاپ ئوغرىلىققا كىرگەن كىشى مەن ئىدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغرىدىن سوراپتۇ:

— شۇنچە جاپا چېكىپ، لەخمە كولاپ خەزىنەمگە كىرىپسەنۇ، ھېچنەرسە ئالماي چىقىپ كېتىپسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— پادىشاھىنىڭ تۇزىنى تېتىپ كۆردۇم. تۇز ھەققى ئۈچۈن ھېچنەرسە ئالماي چىقىپ كەتتىم. تۇز ھەققىگە رىئايە قىلماسلىق يارىماس - پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئىشى، — دەپ، بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتىپتۇ ئوغرى.

پادىشاھ ئوغرىنىڭ بۇ خىسلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئىنئام بېرىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

## ھۇققۇشلار سۆھبىتى

قەدىمي ئىران شاھلىرىدىن ئانۇشىرۋان ياش چاغلىرىدا ئادىل ئەمەس ئىكەن، زۇلۇمغا، جەبرى - جاپاغا يول قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ مەشھۇر دانىشمەن ۋەزىرى بوزۇرجمېھر بىلەن بىر چۆلدە كېتىۋېتىپ، بىر يەردە بىر توپ ھۇققۇشلارنىڭ ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئانۇشىرۋان ۋەزىرى بوزۇرجمېھردىن سوراپتۇ: — سىزنى كىشىلەر تولغان دانىشمەن، ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ. بۇ قۇشلار نېمە ئۈچۈن ئىككى سەپكە بولۇنۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ نېمە ھەققىدە دە تالاش قىلىشىۋاتىدۇ؟ بوزۇرجمېھر ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن قۇدىلىشىۋاتىدۇ. ئوتتۇرىدا سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى يىگىتنىڭ، بىرى قىزنىڭ ئاتىلىرى. قىزنىڭ ئاتىسى: «قىزىمنىڭ تويلۇق ھەققى ئۈچۈن قىرىق پارچە يەردىكى خارابىلىقنى بېرىشىڭ كېرەك. ئەگەر سورىغىنىمنى قوبۇل قىلمىساڭ قىزىمنى بەرمەيمەن، سېنىڭ بىلەن قۇدا بولمايمەن دەيدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى: «مەن قىزىڭغا تويلۇق بېرىشتىن باش تارتمايمەن، ھازىرچە تۆت پارچە خارابىلىق تەييار. شۇلارنى ئېلىپ تۇر، ھازىرقى پادىشاھ دائىم ئەيش — ئىشرەت بىلەن بولۇۋاتىدۇ، مەملىكەتنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز. كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىغا، دات — پەريادىغا قۇلاق سالمايدۇ. زالىملارنىڭ زۇلمىنى چەكلىمەيدۇ. ئۇ ئادىل پادىشاھ ئەمەس. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۇ يۇرت پات ئارىدا خارابىلىققا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ساڭا قىرىق پارچە ئەمەس، سەكسەن پارچە خارابىلىقنى بېرىمەن. شۇنىڭغىچە سەۋرقىل» دەيدۇ. قۇدىلاشقۇچىلار ئاشۇ ئىش ھەققىدە دەتالاش قىلىشىۋاتىدۇ.

بوزۇرجمېھرنىڭ سۆزى ئانۇشىرۋانغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئادالەت ۋە ئىنساپنى شۇنداق مۇستەھكەم ئورنىتىپتۇكى، خەلق ئۇنى: «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




× ×

ناھايىتى قەدىمكى زاماندا كەلپىن قىلىن جاڭگاللىق ئىكەن. بۇ يەرنىڭ سۈيى مول بولۇپ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتۇشلۇق يەتتە ئوۋچى كەلپىن تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بېشىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە سۇنى بويلاپ كەلپىن ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە سۇنىڭ موللىقىنى كۆرۈپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە كەپە ياساپ ئولتۇرغاچقا، كەپە دېگەن سۆز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھازىرقى كۈندە «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

× ×

قەدىمكى زاماندا كەلپىننىڭ ھەممىلا يېرى قىلىن جاڭگاللىق ئىكەن. كەلپىن دەرياسى تولۇپ ئاقىدىكەن. يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن سۈيى كەلگەن چاغلاردا كەلپىن جاڭگاللىقىنىڭ ھەممىلا يېرىنى سۇ بېسىپ كېتىدىكەن. بۇ جايدا كىشىلەر ماكانلىشىپ قالغاندىن كېيىنمۇ يۇرتىنى بىرقانچە قېتىم كەلكۈن بېسىپ كەتكەچكە، «كەلكۈن كېلىدىغان يۇرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كەلكۈن يۇرت» سۆزى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ «كەلكۈن» گە، كېيىنچە ھازىرقى «كەلپىن» گە ئۆزگىرىپ قاپتۇدەك.

× ×

بۇرۇنقى ئۇلۇغلار يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ كەلپىنگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار كۆپىنچە تاغ بويلاپ يول ماڭغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتقا «كوھلەب» (تاغ بويىدىكى يۇرت) دېگەن نامنى قويۇپتۇ. بۇ نام ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ «كەلپىن» بولۇپ قاپتۇ.

× ×

دىنىي مەزھەبلەر ئارا زىددىيەتلەر كۈچەيگەچ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر خىل مەزھەب ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ كەلپىنگە كىرىۋاپتۇ. شۇ مەزھەبنىڭ ئىسمى «كەلپىن» (كلفن) بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇ نام داۋاملىشىپ «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

× ×

ياۋچىلاردا 12 قەبىلە بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدە كالىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قەبىلە بار ئىكەن. ئۇ قەبىلە غەربكە كۆچكەندە مۇشۇ يۇرتقا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن «كالاپان» دەپ ئاتىلىپتۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پان — سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، قىلغۇچى، ئەتكۈچى دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىكەن. شۇڭا «كالاپان» دېگەن قەبىلىنىڭ نامى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بۈگۈنكى كۈندە «كەلپىن» بولۇپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

× ×

ئوغۇزخان يۇرت ئارىلاپ يۈرگەن كۈنلەردە قىپچاقلارنىڭ بىر قەبىلىسىگە كەلپىندە تۇرۇپ قېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ قەبىلە ئوغۇزخاندىن بىزگە بىر نام قويۇپ بەرسىلە، دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئوغۇزخان «كەلپەند» (نەسىھەتكە كىرىڭلار) دەپ نام قويۇپ بېرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ «كەلپەند» دېگەن سۆز تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھازىرقى «كەلپىن» دېگەن سۆزگە كەپتۇ.

× ×

قەدىمكى زاماندا تومشۇق كونىشەھەر ناھايىتى ئاۋات ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ يۇرتتا ئىككى گۇرۇھ پەيدا بوپتۇ. يەنى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر بىلەن كىرمىگەنلەر زىتلىشىپ قاپتۇ. تومشۇق كونا شەھەرگە قامىلىپ قالغانلارنىڭ سۈيى ئۈزۈپ تاشلىنىپتۇ. ئۇلار يۇرتچى مەمەت ھاجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆلنىڭ تېگىدىن تا تومشۇق كونىشەھەرگىچە يەر ئاستى يولى كولاپ بەزى جايلىرىنى خىش بىلەن قوپۇرۇپ، يەر ئاستى ئۆستەڭگى ياساپ سۇنى ئىشلىتىپتۇ. كېيىن قارشى تەرەپنىڭ بېگى بۇ كۆلگە سامان تاشلىتىپ كۆرسە، سامان چۆكۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنىڭغا قاراپ بۇ كۆلنىڭ سۈيىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئاندىن تومشۇق كونىشەھەر سېپىلىگە قامال قىلىنغانلارنى تەسلىم قىپتۇ.

× ×

بۇرۇنقى زاماندا ئارايىماقنىڭ قاشقەر دېگەن يېرى چوڭ بىر شەھەر ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا غىرۋايىت، ماقىرا، قارا ماستان دېگەن مەھەللىلەر بار ئىكەن. كېيىن كەلكۈن بېسىپ بۇ شەھەر ۋەيران بولغانىكەن.

× ×

بىر زامانلاردا يۇرت ئىچىدە پات-پات كەلكۈن كېلىپ، كەلپىن خەلقىگە ناھايىتى چوڭ بىئاراملىق كەلتۈرۈپتۇ. سۇنىڭ يۇرتقا زىيان سېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن باغلىق يېنىدىكى ياردىن ۋە يۇرتچى ياردىن ئىككى ئۆستەڭ چېپىپ، مازار ئېقىندا تۇتاشتۇرۇپتۇ. كېيىنچە بۇ ئۆستەڭلەرنى يار ئېلىپ كېتىپ ھازىرقى يار پەيدا بولۇپ قاپتىكەن.

× ×

قالمىدا بۇۋاقشاھ دەيدىغان بىر ئادەم بولغانىكەن. گەزلىك يېزىسىنىڭ ھەممە يېرى شۇ ئادەمگە تەۋە ئىكەن. ئۇ ئىككى فەۋتلىك ئىمارەت سېلىپ يۇرت سورىغان ئىكەن. ھەرقانداق ئادەم قارا كۆرۈنگۈدەك يەردىن ئاتتىن چۈشۈپ كەلمىسە ئۇ ئادەم جازالىنىدىكەن. ئۇ ئۆسۈلچىغا ئامراق بولۇپ، كىم ياخشى ئۆسۈل ئويناپ بەرسە ئۇنىڭغا بىر چارەكلىك يەر سوۋغا قىلىدىكەن. بۇۋاقشاھ كېسەكنى ناھايىتى چوڭ قۇيدۇرغاچقا، گەزلىك يېزىسىدا ھېلىمۇ چوڭ كېسەكنى «بۇۋاقشاھ چالمىسى» دەيدىغان سۆز بار.

× ×

يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى قالمىنىڭ تۇما سۈيى ناھايىتى ئاز ئىكەن. قالمىلىق ئەلى يۈز بېگى دېگەن ئادەم تۇمىنى يوغىنىتىپ، سۈيىنى كۆپەيتىۋاپتۇ. بۇ خەۋەر ئامبالغا يەتكەندە، ئامبال ئەلى يۈز بېگىنى تۇتقىلى چېرىك باشلاپ چۈشۈپتۇ. ئەلى يۈز بېگى ئىنىسىغا: «سەن ئۆلمەسەن، مەنمۇ» — دەپتۇ. ئىنىسى:

«مەن كىچىك بولغانىدىن كېيىن مەن ئۆلەي» — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگ ئۆگزىگە چىقىپتۇ-دە، ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پىچاقتىكى قاننى يالاپ، ئامبالنى قوغلاپتۇ. ئامبال ئىتقا مىنىپ قېچىپتۇ. كېيىن ئامبال ئەلى يۈز بېگىنى تۇيۇقسىز تۇتۇپ، ئاقسۇغا ئەۋەتىپ ئىككى يىل سولاپ قويۇپتىكەن.

× ×

ئاق شەھەر ناھىيىتى قەدىمىي جايمىش. ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغانلار ئاق ئۆي تىكىپ ئولتۇرۇپ يەر تېرىغان، سېپىل ياسىغان، تۆر سالغانىكەن. ئۆيلىرى ئاق بولغاچقا ئاق شەھەر دەپ نام بېرىپتىكەن.

× ×

قەدىمكى زاماندا سامانىيلار دۆلىتىدىن ئابدۇل پەتتا سامانىي دېگەن كىشى لەشكەر تارتىپ كەلپىنگە كىرىپتۇ. ئۇلار كەلپىندە ئۇرۇش قىپتۇ. ئۇرۇشتا ئابدۇل پەتتا سامانىي باشلىق بىرقانچە لەشكەر بېشى قازا قىپتۇ. ئۇلارنى يۇرچى يېزىسىنىڭ ھازىرقى خانىقا ئالدىدىكى مازارغا دەپنە قىپتۇ. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كەلپىن توقايدىن لاي توشۇپ، توققۇز لەشكەر بېشىنىڭ ھەربىي دەرىجىسى بويىچە توققۇز گۈمبەز ياساپتۇ (بۇ توققۇز گۈمبەز 1953-يىلى چېقىۋېتىلگەن.) چوڭى ئابدۇل پەتتا سامايىنىيىنىڭ نامىدا ئىكەن. ئابدۇل پەتتا سامايىنىنىڭ تۇپراق بېشى ھېلىمۇ خانىقا يېنىدىكى مازاردا بارمىش.

× ×

ئىلگىرى يۇرچى يېزىسىنىڭ ئارايماق، قۇمئېرىق تەرەپلىرىدىكى سايلىق تاكى دۆڭ سايغىچە ياخشى مۇنبەت يەرلەر ئىكەن. بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى ئارايماقنىڭ يېرى يۇمىلاق يارغىچە تۇتاش بولۇپ، ئۇ يەرلەرگە ئاشلىق تېرىسا ياخشى ئۇخشايدىكەن. كېيىن كەلكۈن ئېقىتىپ يۇمىلاق يار پەيدا بولۇپ، ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغانىكەن.

---

(بېشى 81-بەتتە)

تۇل-ئەبرار» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ «خەمسە» سى ۋە «چاھاردىۋان» كىتابلىرىنى يېزىش جەريانىدا جامىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە دوستانە ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان. ئۇ ھۆرمەت بىلەن جامىنى «ئۇستاز» دەپ تىلغا ئالغان.

جامى شېئىرلىرى غەربتىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. گىيوتې ھافىز غەزەللىرى قاتارىدا جامى شېئىرلىرىدىنمۇ ئىلھام ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «شەرق-غەرب دىۋانى» دا يولدىشىنىڭ ئوبرازى بولغان بىر پېرسوناژنىڭ نامىنى جامىنىڭ «يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا» داستانىدىكى «زۇلەيخا»، ئۆز نامىنى بولسا «ھاتەم» دەپ ئاتىغان.

شىنجاڭ رايونىدىمۇ جامى ھەر مىللەت ئەدىبلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى خېلى بىر مەزگىلگىچە مەدرىسلەردە نەۋائى، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى شېئىرلىرى قاتارىدا ئوقۇتۇلغان. كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر شائىر ۋە ئەدىبلىرى جامى ئەسەرلىرىنىڭ مۇتەييەن تەسىرىگە ئۇچرىغان.

www.uyghurkitap.com

# چاغاتايچە لۇغەت

## «ت» ①

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

تەكۈ پوي — يۈگۈرۈش:

ئانىڭ نەشئەسىدە تەكۈ پوي ئۇراي،
بۇ مەنزىلدىن ئۆزگە ۋەتەندە تۇراي.

— ئا. نىزارى ن. زىيائى.

تەكۈ پوي ئەتمەك — «تەكۈ پوي ئۇرماق» قا قاراڭ؛

تەكۈ پوي ئۇرماق — يۈگۈرمەك، چاپماق؛

تەكۈ تىز — يۈگۈرۈش، چېپىش،

تەكۈ دەۋ — يۈگۈرۈش؛

تەك ئۇرماق — يورغىلىماق، يۈگۈرمەك، چاپماق؛

تىز تەك — چاپار، چاپىدىغان، ئىلدام.

تەك II [تک] تەگ، تېگى، تۈۋى، ئاستى:

جەننەت ئەگەر بولسا تەكىدەدۇرۇر،
فەيزى فۇتۇھى جان رەگىدەدۇرۇر.

— زەلىلى.

تەكاسۇل [تكاسل] (ئە) سۇسلۇق، پەرۋاسىزلىق.

تەكاۋەر [تكاور] (پ) يورغا ئات:

شاھانە نەسىھەتىمدۇر گوياكى نۇش دارۇ،
ئاھىستە سۈر تەكاۋەر ھەر گۇشە داد خاھى.

— زەلىلى.

تەكاۋەر سۈرمەك — ئات سالماق، چاپماق، ئاتلىق كىرىپ كەلمەك.

تەگە [تكه] تاغ ئۆچكىسى، تېكە.

تەگەسسۇر [تكسر] (ئە) سۇنۇش، قايرىلىش، جاراھەتلىنىش.

---

① بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

**تەكەففۇل** [تكفل] (پ) كېپىل بولۇش؛
**تەكەففۇل قىلماق** — كېپىل بولماق.

**تەكەللۇف** [تكلف] (ئە) 1) ئۆزىنى كۆلپەتكە سېلىش، ئۆزىنى قىيناش، قىيىنلىش ۋە ئازابلىنىش ئارقىلىق بىر ئىشنى بېجىرىش؛ 2) ھەشەمەت، بېزەك.

تەكەللۇفلار ئەتتى تەۋازۇئ بىلە،
شەھەر ئىچدە تۇشتى تەۋابىئ بىلە،
— ئا. نىزارى.

**تەكەللۇفلۇق** [تكلف لىق] ھەشەمەتلىك، بېزەكلىك.

**تەكەللۇم** [تكلم] (ئە) سۆزلەش، پاراڭ سېلىش، سۆزلىشىش؛
ئاشىق ئولغان چاغدا ئۆرتەب ئانى بەرباد ئەيلەدىم،
قىلما ئەي ناسىھ، تەكەللۇم يوقۇ باردىن ماڭا.
— مەھزۇن خوتەنى.

**تەكەللۇم ئەتمەك** — «تەكەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەكەللۇم ئەيلەمەك** — سۆزلىمەك، سۆزلەشمەك، پاراڭلاشماق؛
**تەكەللۇم سۇرمەك** — «تەكەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**تەكەللۇم كۆرگۈزمەك** — «تەكەللۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**تەكبەند** [تكبند] (پ) 1) كەمەر؛ 2) تۆشلۈك، تۆش تارتقۇ.

**تەكبىر** [تكبير] (ئە) خۇدانى ئۇلۇغلاپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىبارىسىنى ئېيتىش؛
كۆرەرلەركىم مەلەك سىيرەت ئىكى پىر،
ئايۇرلار ئاھۇ نالىش بىرلە تەكبىر.
— لۇتفى.

**تەكبىرى تەھرىم باغلىماق** — نامازدا خۇدادىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن كېچىپ، قول قويۇشتۇرماق؛
**تۆرت تەكبىرى ئەنا** — پانىيلىقنىڭ تۆت تەكبىرى؛ كۆچمە م: پانىيلىقنىڭ تۆت يولى.

**تەكزار** [تكزار] ئۈزۈملۈك، ئۈزۈمزار؛
ھەر تەرەپىدە چەمەنۇ تەكزار،
لەبالەب ساي ئۆزرە ياتىپتۇر ھەزار.
— زەلىلى.

**تەكزىب** [تكذيب] (ئە) بىراۋنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىش؛
**تەكزىب قىلماق** — يالغانغا چىقارماق.

**تەكسىر I** [تكسير] (ئە) 1) سۇندۇرۇش، جاراھەتلەندۇرۇش؛ 2) سۇنۇش؛ 3) قىرىش، يونۇش (تاشقا كۆپتۈرمە سۈرەت چىقىرىش ئۈچۈن).

**تەكسىر II** [تكثير] (ئە) كۆپەيتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەكفىر [تكفير] (ئە) كاپىر (دىنغا ئىشەنمىگۈچى) دەپ ھۆكۈم قىلىش.

تەكفىن [تكفين] (ئە) مېيىتنى كېپەنلەش.

تەككە [تكه] «تەكە» گە قاراڭ.

تەكمىل [تكميل] (ئە) كامالىغا يەتكۈزۈش، كامىل قىلىش، تولدۇرۇش، مۇكەممەللەش.

تەكيە [تكيه] (ئە) 1› ياستۇق، تەكيە؛ يۆلەنچۈك، تايانچ 2› دەرۋىشلەرنىڭ مەخسۇس تۇرار جايى، ئومۇمىي ياتاقخانا؛
تەكيە خارا — تاش ياستۇق، قاتتىق ياستۇق.

تەكيەدار [تكيه‌دار] (ئە + پ) «تەكيە» گە قاراڭ:
ئەي زەلىلى، تەكيەدارى كىشۆەرى تەن بولماغىل،
كىم سېنى شۈكرى ئەزەلدە خانە بەردۇش ئەيلەمىش.
— زەلىلى.

تەكيەگاھ [تكيه‌گاه] (ئە + پ) 1› يۆلەنچۈك، يۆلىنىدىغان جاي؛ تايانچۇق؛ 2›
كۆچمە م: ياردەم بەرگۈچى، مۇداپىئە قىلغۇچى،
كۆسەندىنىڭ ئاتى بولدى ئاندىن كوچا،
كۆچادا بولۇر مەنزىلى تەكيەگاھ:
— موللا شاكىر.

تەگ [تگ] «تەك II» گە قاراڭ.

تەگەرگ I [تگرگ] (پ) خامپا.

تەگەرگ II [تگرگ] مۆلدۈر.

تەگرە [ تگرا/ئيگرا] ئەتراپ؛
ئانىڭدەك چىرقىراب سەسكەندى ناگاھ،
كىم ئول تەگرەدەگى ئول بولدى ئاگاھ.
— لۇتفى.

تەگرەسىدە — ئەتراپىدا.

تەگرۇ [تگرو/ئيگرو] ... غىچە، ... گىچە، ... گە، قەدەر؛
ئۇشانغە تەگرۇ — شۇنىڭغىچە.
يار مەلەك خەيلىغە گەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئىرۇر،
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۇ سىلى ئەشكىم بولدى سەت.
— ئەرشى.

تەگۈرمەك [تكورماك/ئيكورماك] تەككۈزمەك، يەتكۈزمەك؛
كۆز تەگۈرمەك — كۆز يەتكۈزمەك؛ تىكىلمەك، ئېتىبارغا ئالماق.

تەڭ [تنگ] (پ) 1› تار، قىستاڭ، زىچ، 2› بىر ئېشەكلىك يۈك؛ تاي، توپ، بىر باغلام (يۈك)؛ 3› تۆش تارتقۇ، تۆشلۈك؛
تەڭ شەرابلىغ — مەي كۆتۈرەلمەسلىك، مەيدىن يىغىلىش؛

تەڭ نەفەس ــ زىققى نەپەس، نەپەس سىقىلىش؛
دىلتەڭ ــ يۈرىكى، دىلى سىقىق.

**تەڭەشتۈرمەك** [تېڭكاشتۇرماك] تــەڭلەشتۈرمەك.

**تەڭبەستە** [تنگ بستە] (پ) 1› مــۇستەھكەم؛ 2› تۆشبېغى، تۆش تــارتقــۇسى (تۆشلۈك، كەمەلدۈرۈك) چىڭ تارتىلغان (ئات ھەققىدە):

كېچە شەبدىزىن ئەيلەب تەڭبەستە،
ياڭى ئايدىن كېلىپ سەتلىغە دەستە.

ــ نەۋائى.

**تەڭ ـ تەڭ** [تنگ تنگ] (پ) تــوپ ـ تــوپ، تاي ـ تاي.

**تەڭدىل** [تنگ دل] (پ) يــۈرىكى سىقىلغان.

**تەڭرى** [تنگرى] ئاللا، خۇدا:

دېدى: ئەي شەھەنشاھ گەردۇن نەما،
سېنى تەڭرى قىلمىش مىسالى ھۇما.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەڭباي** [تنگناى] (پ) 1› تار يول؛ 2› بوغۇز، ھەلقۇم.

**تەل** [تل] (ئە) تۆپە، دۆڭ، ئېگىزلىك:

تەرزى قاراساي تۇشۇپ تەل كەبى،
ساي يۈزى چۈن قارا بەخمەل كەبى.

ــ زەلىلى.

**تەلاتۇم** [تلاطم] (ئە) ئۇرۇلۇش، دولقۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى؛
پۈر تەلاتۇم ــ دولقۇنلۇق، غايەت زور دولقۇنلۇق.

**تەلاج** [تلاج] (ئە) ئالغاي.

**تەلافى** [تلافى] (ئە) قولدىن كەتكەن نەرسىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش:

نە بولغاي، ئەي سەبا، گەر سائەتى تەركى جەفا تۇتساڭ،
تەلافى كاش يۈز نەۋمىد ئېتىپ بىر مۇددەتا تۇتساڭ.

ــ سەبۇرى.

تەلافى ئەيلەمەك ــ قولغا كىرگۈزمەك؛
تەلافى ماقەت ــ يوقالغان نەرسىنى قولغا كىرگۈزۈش.

**تەلالا** [تلالا] (ئە) 1› ئاھاڭ، كۈي؛ 2› ھايقىرىق.

كى تۇججار بىرلە تاماشا قىلۇر،
ئېچىپ مەينى ئانداغ تەلالا قىلۇر.

ــ ئا. نىزارى، ن.زىيائى.

**تەلايە** [طلايە] (ئە) قوشۇننىڭ ئىلغار قىسمى، ھىمايىچى ئەترەت.

**تەلە** [تلە] لاي، توزاق

**تەلەب** [طلب] (ئە) سوراش، ئىستەش، خاھىش، مەيل:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆلگۈچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكەن،
ئەسلىنى تاپماق بەسى مۇشكىلكى، ئاسان سۇرەتى.
— ئا. نىزارى.

تەلەب ۋادىيسى — سوپىلىق مەسلىكىدىكى يەتتە ۋادىي (يەتتە دەرىجە) نىڭ بىرىنچىسى.

**تەلەبە** [طلبه] 1) تەلەپ قىلغۇچىلار؛ 2) تىلەمچىلەر؛ 3) ئىلىم ئالغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار.

**تەلئەت** [طلعت] (ئە) يۈز، بەت، چىراي؛ كۆرۈنۈش، ھۆسن، گۈزەللىك؛
بىرىنىڭ ئىككى قاشىدۇر ياڭى ئاي،
بىرىنىڭ تەلئەتىدۇر ئىيدى ئەكبەر.
— ئەتائى.

قەمەر تەلئەت — ئاي يۈزلۈك:
قاشىدا جەۋانى قەمەر تەلئەتى،
بەئەينى پەرىدۇر ئانىڭ خىلقەتى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ماھى تەلئەت — «قەمەر تەلئەت» كە قاراڭ:
كەلگۈسى بىر-بىر بىسىپ ئول ماھى تەلئەت ناز ئىلە،
ھەلقە-ھەلقە چىرماشىپ قەددىگە گىيسۇيى ھەبىب.
— موللا بىلال.

**تەلەتتۇف** [تلطف] (ئە) سىلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەركىلەش:
دېدىمكى: تەلەتتۇف بىلە باقساڭىز،
مېنىڭدەك غەرىبقە نەزەر قىلساڭىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيارئى.

**تەلەززۇز** [تلذذ] (ئە) لەززەتلىنىش.

**تەلەززۇزات** [تلذذات] (ئە) [بىرلىكى: تەلەززۇز] لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر، «تەلەززۇز» غا قاراڭ.

**تەلەف** [تلف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلەفات] نابۇت، ھالاك، يوق بولۇش؛
تەلەف بولماق — نابۇت بولماق، يوق بولماق، يۈتمەك، تۈگىمەك.

**تەلەففۇز** [تلفظ] (ئە) سۆزلەش، ئېيتىش، دېيىش.

**تەلەققىي** [تلقى] (ئە) ئېلىش، قوبۇل قىلىش؛
**تەلەققىي** قىلماق — قوبۇل قىلماق.

**تەلەممۇز** [تلمذ] (ئە) شاگىرتلىق، ئوقۇغۇچىلىق.

**تەلەۋۋۇن** [تلون] (ئە) 1) رەڭگارەڭ بولۇش، ئۆزگىرىپ تۇرۇش؛ تاۋلىنىش؛ 2) كۆچمە م: تۇترۇقسىز (بولۇش)، ساۋاتسىز (بولۇش).

**تەلەۋۋۇنلۇغ** [تلونلوغ] 1) رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچانلىق؛ 2) كۆچمە م: ساۋاتسىزلىق.

**تەلەئلۇ** [تلألو] (ئە) پارلاش، پارقىراش، يالتىراش.

**تەلبە** [تلبه] 1) تەلۋە، سەۋدا، مەجنۇن؛ 2) پەرىشان؛ گاڭگىرىغان؛ 3) ئاشىق، مەپتۇن، ئىشققا گىرىپتار بولغان.

زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلاغانلىلار
چۇ بۇتخانە ئىچىدىن كافىرۇ تەرسانى يىغماغلىق.
— زەلىلى.

**تەلبەراي** [تلبەراى] ساراڭلارچە، تەلۋىگە ئوخشاش:

تەلبەراي ئەتتى كۆڭۈل يادى بىلە مەجنۇن كەبى،
ئەيلەدى ئالەم ئىلىدىن بىزنى پىنھان سۈرەتى.
— ئا. نىزارى.

**تەلبەرەتمەك** [تيلبارەتماك] ساراڭ قىلماق، تەلۋە قىلماق، ئازدۇرماق

**تەلبىس** [تلبيس] (ئە) ھىيلە، مىكىر، نەيرەڭ، يالغان:

بۇ يول ئازغۇرغۇچى كۆرگۈزسە تەلبىس،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسا ئىبلىس.
— لۇتفى.

**تەلتىف** [تلطيف] ئەركىلەش، ئەركىلىنىش، شىرىن سۆزلەرنى قىلىش؛
**تەلتىفى مەقال ئەيلەمەك** — ئەركىلەپ سۆزلىمەك.

**تەلخ** [تلخ] (پ) ئاچچىق:

ھەمىشە گۈل يۈزىدىن تەدبىرىدىن ئەتكەي،
لەبىدىن تەلخ ئۆمرىدىن شىرىدىن ئەتكەي.
— خىرقەتى.

**تەلخ ئەيلەمەك** — ئاچچىققا ئايلاندۇرماق، يېقىمسىز قىلماق؛
**تەلخ گۇفتار** — ئاچچىق سۆزلەش؛
**تەلخ يىغلاماق** — ئەلەملىك يىغلىماق، ئاچچىق يىغلىماق.

**تەلخكام** [تلخ كام] (پ) قايغۇلۇق، قىيىلىنىپ ئۆتۈدىغان؛ ئۈمىدسىز؛
**تەلخكام ئولماق** — قايغۇرماق، قىيىنىلىپ كۈن كەچۈرمەك.

**تەلخىس** [تلخيص] (ئە) يەكۈنلەش، خۇلاسىلەش.

**تەلقىن** [تلقين] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلقىنات] 1) تەلىم، بىرەر مەسىلىنى باشقىلارغا ئىنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش:

ھۇسن ئەتفالىغە لەۋھى ئارەزىدىندۇر سەبەق،
ئايغە تەلقىن ئەيلەگەندەك شۇئلە مىھرى خاۋەرى.
— ئەرشى.

2) مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەبر بېشىدا ئىمام

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن «كەلىماتى مەئلۇمە» نىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى؛
تەلقىن ئەيلەمەك ــ ئېنىق چۈشەندۈرمەك ئۇقتۇرماق، يادىغا سالىپ ئۇندىمەك؛
تەلقىن ئوقۇماق ــ چۈشەندۈرمەك، ئۇقتۇرۇلماق، يادىغا سىڭدۈرماق.

**تەلىئە** [طليعه] (ئە) قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يول ئاچقۇچى ۋە دۈشمەننىڭ ئەھۋالى، تۇرغان جايى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلگۈچى ئەسكەر؛ ئىلغار.

**تەمام** [تمام] (ئە) 1 › ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك:

دېدى: خاجە: شاھا، يوق ئېردى بالام،
يېتىشتىكى ئۆمرۈم بولۇرغە تەمام.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › ھەممە، ھەممىسى، بارلىقى، پۈتۈنلەي:

ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەمام ئاڭلادىم،
كى جانىم قۇلاقى بىلە تىڭلادىم.

ــ ئا نىزارى، ن. زىيائى.

بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.

ــ ئەرشى.

**تەمەتتۇئ** [تمتع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەمەتتۇئات] بەھرىلىنىش، پايدىلىنىش، مەنپەئەتلىنىش:
تەمەتتۇئ تاپماق ــ بەھرىلەنمەك، پايدا تاپماق، مەنپەئەت ئالماق.

**تەمەسخۇر** [تمسخر] (ئە) مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش:
تەمەسخۇر قىلماق ــ مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق.

**تەمەسسۇك** [تمسك] (ئە) 1 › ھۆججەت، ئىسپات؛ 2 › تۇتماق، تۇتۇۋالماق، يېپىشماق.

پۈتۈن بىزگە بەرگىل تەمەسسۇك خەتى،
داغى ئاندا تۇشبۇن ئۇلۇغلار ئاتى.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى. *

**تەمەللۇق** [تملق] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش؛ ساختا تەزىم:

تەمەللۇقدا قىلدىم بۇلارغە سەلام،
كېلىپ ئۇردى بىر كاج مېنى چوڭ ئاغام.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەمەللۇك** [تملك] (ئە) ئىگە بولغانلىق، بىرەر مۈلۈكنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالغانلىق.

**تەمەننا** [تمنا] (ئە) تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ؛

ئەتائى خۇد قىلۇر ۋەسلىڭ تەمەننا،
ۋەلى مىسكىنگە مۇلكى جەم تاپىلماس.
— ئەتائى.

تەمەننا ئەتمەك — «تەمەننا ئەيلەممەك» كە قاراڭ؛
تەمەننا ئەيلەمەك — ئارزۇ قىلماق؛
تەمەنناي خام — ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۈمىد، خامتاما.

تەمەۋۋۇج [تموج] (ئە) دولقۇنلىنىش، چايقىلىش؛
تەمەۋۋۇج سالماق — دولقۇنلاندۇرماق، چايقالدۇرماق.

تەمەۋۋۇل [تمول] (ئە) مالدارلىق، بايلىق، باي بولماقلىق.

تەمەئ [طمع] (ئە) 1› خام خىيال، تەمە؛ 2› ئارزۇ، ئىستەك، ئۈمىد (غايەۋى)؛ 3› ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتلىك، تويماسلىق.
ۋەسلىڭ تەمەئىدە زاردۇرمەن،
سەرگەشتەئى بىقەراردۇرمەن.
— ئەرشى.

تەم - تەم [تم تم] تامچە - تامچە،، قەترە - قەترە؛
سەر - بەسەر سۇرئەتدىن ئول ئارەز ئۈزە تەم - تەم ئەرەق،
نەۋنىھال ئۈستىدە قۇدرەت يېلىدىن شىرىن سەمەر.
— ئەرشى.

تەمسىل [تمثيل] (ئە) مىسال كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش.

تەمكىن [تمكين] (ئە) ئېغىرلىق، چىدام؛ ئېغىر تەبىئەتلىك، سۆلەت، ھەيۋەت؛
تەمكىن تاپماق — ئېغىر بولماق، بىر جايدا قارار تاپماق؛
جەلال تەمكىن — ئەزىمەت، سۆلەتلىك، بۈيۈك، ھەيۋەتلىك؛
سىپىھر تەمكىن — ئاسماندەك ۋەزمىن، ھەيۋەتلىك.

تەملىك [تمليك] مۇلۇكلۇك، مۇلۇك قىلىپ بېرىش؛
مەغفىرەت گەنجى سەڭا تەملىك ئېرۇر، مانىئ ئەمەس،
ئەيلەسەڭ ئىسيانى كۆپ ئۈممەتكە ھەر مىقدار خەرج.
— نەۋائى.

تەممە [تم] (ئە) ئاخىرلاشتى، تامام بولدى، تۈگىدى (كۆپىنچە كىتابلارنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلىدۇ)؛
تەممە بىل خەير — ياخشىلىق بىلەن تامام بولدى؛
تەممە چەكمەك — تامام قىلماق، تامام بولدى دەپ يازماق.

تەمھىد [تمهيد] (ئە) 1› يېيىش؛ 2› تۈزۈش، تەرتىپلەش، رەتلەش، تۈزىتىش.

تەمۇز [تموز] (پ) شەمسىيە يىلىنىڭ مارت ئېيىدىن باشلاپ بەشىنچى ئېيىغىچە بولغان ئۈچ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى (سەرەتان، ئىيۇل).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**تەمۇغ** [تموغ] «تامۇغ» قا قاراڭ:

كى ئەھلى زوھد قىلۇر تاڭلا ئىشرەتى جەننەت،
تەمۇغ ئارا نەچە مەيخانەلەر بەنا قىلايىن.

— گۇمنام.

**تەمىيز** [تمييز] (ئە) 1 › ئاجرىتىش (ياخشىنى ياماندىن)، ئايرىش، پەرق-
لەندۈرۈش؛ 2 › ئېنىق، روشەن، مەلۇم.

تالىبى ھەقلەرگە بۇ تەمىيزدۇرۇر،
فىل يۈكىغە مورچە كۆپ ئاجىزدۇرۇر.

— خەراباتى.

**تەمىيز قىلماق** — ‹1› ئاجىراتماق، پەرق قىلماق؛ ‹2› بىلمەك،
سەزمەك.

**تەن** [تن] 1 › تەن، بەدەن، جىسىم، 2 › ئادەم، شەخس:

بۇ سائەت ئىچىندە بەرەھمەن كېلىپ،
مۇنىڭ ئارقاسىدىن نەچە تەن كېلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەناب** [طناب] (ئە) ئارغامچا؛ تاناب؛ يىپ؛ چۇلۋۇر.

ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭىز ھەريان پەرىشاندۇر نېتەي،
كىم تەنابى سەيد ئول گىيسۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

**تەناسۇب** [تناسب] (ئە) بىر - بىرىگە ماس ۋە ئۇيغۇن بولۇش، كېلىشمەكلىك؛
نىسبەت پەيدا قىلىش.

**تەناقۇز** [تناقض] (ئە) بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى سۆزگە قارشى قويۇلۇشى،
ئىككى سۆزنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى كېلىشى، زىتلىق،
ئانتونىملىق.

**تەنان** [تنان] 1 › تەنلەر، بەدەنلەر، گەۋدىلەر، جىسىملار؛ 2 › ئادەملەر،
شەخسلەر، كىشىلەر توپى:

دېدى ئاتلانىپ چىقتى نەچچە تەنان،
باللار بىللە بولدى تافقا رەۋان.

— موللا بىلال.

**تەناۋۇل** [تناول] (ئە) 1 › يېمەك، ئىچمەك، ئىستېمال قىلماق؛

كېلۇر ئالدىڭىزغە كى ئاندىن تەئام،
تەناۋۇل قىلۇرسەن ئىشىڭ تۇرفە خام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › ئېرىشمەك.

**تەنەززۇل** [تنزل] (ئە) 1 › تۆۋەنلەش، پەسكە چۈشۈش؛ 2 › تۆزىنى تۆۋەن

تۇتۇش، كىبىرسىزلىك، كەمتەرلىك:
چۇ مەسئۇد بولماس ئۇدى تەندۇرۇست،
تەنەززۇللۇق ئۇلدى بولۇپ ھالى سۇست.
— ن. زىيائى.

**تەنەففۇر** [تنفر] (ئە) يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش.

**تەنەققۇل** [تنقل] (ئە) [كۆپلۈكى: تەنەققۇلات] ئىچىملىك بىلەن بىللە قەنت - گېزەك، يەل - يېمىش يېمەك؛ زاكوسكا.

**تەنەند** [تنند] (پ) ھۇرۇن، ئىش خوشياقماس.

**تەنەۋۋۇئ** [تنوع] (قە) تۈرلىنىش، خىلمۇخىل بولۇش، تۈرگە ئايرىلىش.

**تەنەئئۇم** [تنعم] (ئە) نازۇ - نېمەتلەر ئىچىدە ياشاش، راھەتتە ياشاش:
ئاۋ ئاۋلاپ، قۇش سالىپ چىرغاپ ھەممىشە،
كېچە - كۈندۈز تەنەئئۇم قىلدى پىشە.
— لۇتفى.

**تەنەئئۇمات** [تنعمات] (ئە) [بىرلىكى: تەنەئئۇم] «تەنەئئۇم» غا قاراڭ.

**تەنبەل** [تنبل] (پ) 1) ھۇرۇن، ئىش خوشياقماس؛ 2) كۆچمە م: سېمىز.

**تەنبۇرە** [طنبوره] (ئە) تەنبۇرنىڭ كىچىك بىر تۈرى.

**تەنبۇل** [تنبول] تائاملا سېلىنىدىغان بىر خىل خۇش بۇي ياپراق (ھىندىستاندا ئۆسىدۇ).

**تەنبىھ** [تنبيه] (ئە) ئەيىبلەش، كايىش، تاپا - تەنە قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش؛ جازالاش.
بەشىنچى مەنىسىدۇر، ئاڭلا، تەنبىھ،
بارابەر قايدا بولسۇن باغ ئىلە تىھ.
— خىرقەتى.

**تەنپۇش** [تن پوش] (پ) كىيىم، يېپىنچا.

**تەندۇرۇست** [تن درست] (پ) ساغلام، سالامەت؛
**تەندۇرۇست ئولماق** — ساقايماق، تۈزەلمەك.

**تەنزىھ** [تنزيه] يامانلىق ۋە يارىماسلىقلاردىن پاك قىلىش ۋە تازىلاش:
ئىككىنچى مەنىسى تەنزىھدۇر بىل،
كۆڭۈلدىن خار خەشەكنى سەن ئېرىتقىل.
— خىرقەتى.

**تەنسىف** [تنصيف] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈش؛ 2) ھېساب ئىلمىدا بەلگىلىك سانىڭ يېرىمىنى بەلگىلەش؛
**تەنسىف قىلماق** — ئىككىگە بۆلمەك، يېرىمىنى ئاجراتماق.

**تەنقال** [تنقال] بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىش تىوغرىسىدا ئەسكەرگە خەۋەر بېرىش ياكى بۇيرۇق قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**تەنقىر** [تنقير] (ئە) ئويۇش، كولاش؛
تەنقىر ئەيلەمەك — كولىماق.

**تەنقىس** [تنقيص] (ئە) كېمەيتىش، ئازايتىش، كەم كۆرسىتىش؛ يېتىشمەسلىك؛ سىقىلىش؛
تەنقىس بەرمەك — سىقىماق، كېمەيتمەك؛
تەنقىس تاپماق — تۆگەللەنمەك، تۆگىمەك؛ تۆگەپ قالماق.

**تەنكىر** [تنكير] (ئە) 1› ئېنىقسىز هالغا كەلتۈرۈش؛ 2› ئەرەبچىدە بىرەر ئىسىمنى «نەكرە» يەنى ئېنىقسىز هالغا كەلتۈرۈش (ئىسىم ياكى سۈپەتنىڭ ئالدىغا «ئەل/ال» نى قوشماسلىق).

**تەنگە** [تنكه] تەڭگە، پۇل؛
تەنگەئى بەيئانە — زاكالەت، سودا ئۈستىدە ئالدىن بېرىلگەن پۇل.

**تەنگۇداز** [تن كداز] (پ) بەدەننى ئېرىتكۈچى، تەنىنى قىزىتقۇچى.

**تەنناز** [طناز] (ئە) نازلىق، كېلىشكەن، گۈزەل، نازىنىن؛
كىمسە هەرگىز كۆرمەگەي بۇ تەرز ئىلە بىر نازلىق،
نازى شىرىن پەردەسىدە قىلغاي ئول تەننازلىق.
— ئەرشى.

**تەنها** [تنها] [بىرلىكى: تەن] 1› يالغۇز، تەنها، يەككە، يېگانە، بىردىنبىر؛ 2› پەقەت، پەقەتلا؛ 3› كىشىلەر توپى.
بادە ئىچتىم زەۋقىدە مەي ئەكسىنى كۆردۈم،
هۆسن باغىدا تەنها ئولتۇرۇر خىرامان قىز.
— نەۋبەتى.

**تەنۇرە** [تنوره] (پ) پەرتۇق (تۆمۈرچىلەر كىيىدىغان)؛
چەرمىن تەنۇرە — تېرىدىن ياسالغان پەرتۇق؛
تېمۈرچىدىن تىلەب دەم بىرلە كۆرە،
بىلگە باغلەبان چەرمىن تەنۇرە.
— نەۋائى.

**تەنۇمەند** [تنومند] (پ) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك؛ ساغلام؛ سېمىز، گەۋدىلىك؛
نا تەنۇمەند — كۈچسىز، ساقسىز، هالسىز.

**تەنۋىر** [تنوير] (ئە) نۇرلاندۇرماق، يورۇماق، نۇر چاچماق؛
كۆزۈم تۈشتى ناگاه بۇ تەسۋىرغە،
كى تەسۋىر ئەمەس، بەلكى تەنۋىرغە.
— ئا. نىزارى.

**تەنۋىن** [تنوين] (ئە) «ن» لەشتۈرۈش (ئايرىم ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى «ن» بىلەن ئېيتىش).

**تەھ** [ته] (پ) تەگ، ئاست، ئەڭ ئاستى، قەۋەت؛

بار ئېرىدىكى دەريا سۈيى ئانچە ئەۋج،
مېنى تەھكە تاشلاپ ئۇرار ئېرىدى مەۋج.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھادى** [تهادی] (ئە) ئۆزئارا سوۋغا ئەۋەتمەك، ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلماق.

**تەھارەت** [طهارت] (ئە) 1) پاكلىق، پاك بولماقلىق، يۇيۇنۇپ تازىلىنىش؛ 2) ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پۇت، قول، يۈز قاتارلىق ئەزالارنى يۇيۇش.

**تەھاشى** [تحاشی] (ئە) بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ چەتلىشىش، چېكىنىش؛ تارتىنىش.

**تەھالۇك** [تهالک] (ئە) 1) تەشنا بولماق، ئىنتىزار بولماق، ئارزۇ قىلماق؛ بېرىلمەك، ئىزدىمەك؛ 2) تىرىشماق؛ 3) جان تىكمەك، جېنىنىڭ بارىچە.

**تەھەتتۇك** [تهتک] (ئە) پەردە يىرتىلىش، شەرمەندە بولۇش، رەسۋالىق؛
**تەھەتتۇك بولماق** — رەسۋا بولماق، شەرمەندە بولماق.

**تەھەررۇك** [تحرک] (ئە) قىمىرلاش، ھەرىكەتلىنىش؛

يىگىرمە كۈن ئىچرە بۇ ئەتۋاردا،
تەھەررۇك بىلە يۈردى ئەبھاردا.

— ئا. نىزارى.

**تەھەررۇك ئەھلى** — ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى كىشىلەر؛
**تەھەررۇك ئەيلەمەك** — قىمىرلىماق، ھەرىكەت قىلماق؛
**تەھەررۇك تاپماق** — ھەرىكەتلەنمەك.

**تەھەررۇكسىز** [تحرک سیز] ھەرىكەتسىز، قىمىرلىمايدىغان.

**تەھەرمۇز** [تحرمز] (ئە) ھارامزادىلىك، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك؛ شەخسىيەتچىلىك.

**تەھەسسۇر** [تحسر] (ئە) ھەسرەت چېكىش، ئەپسۇسلىنىش.

**تەھەككۇم** [تحکم] (ئە) 1) ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، زورلۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش؛

ئەل بەختى ئاقلىغى نېتەيىن يەتتى ۋەسلىگە،
بەختىم قارالىغى ماڭا قاتىش تەھەككۇمۇڭ.

— گۇمنام.

2) غالىب كېلىش؛ 3) بىرەر نەرسىنىڭ ھۆكۈمىنى خالار-خالىماس قوبۇل قىلىش.

**تەھەمتەن** [تهمتن] (پ) 1) باھادىر، پالۋان؛ 2) رۇستەمنىڭ لەقىمى؛

شۇجائەت بابىدا بولساڭ تەھەمتەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇبان زىر دەستىك دىۋە ئەسۋەد.
— ئەرشى.

**تەھەممۇل** [تحمل] (ئە) تاقەت، سەۋر، چىدام، تەمكىنلىك، ۋەزمىنلىك:
تىلەر بولساڭ كۆڭۈل مەقسۇدىنى كۆل،
تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل.
— لۇتفى.

**تەھەممۇل ئەيلىمەك** — چىدىماق، تەمكىن بولماق، ئېغىرلىق قىلماق، سەۋر قىلىپ تۇرماق؛
**تەھەممۇل پىشە قىلماق** — تەمكىنلىكنى كەسىپ قىلماق، ئېغىرلىقنى ئادەت قىلماق:
يانا ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرۇرەتدىن تەھەممۇل پىشە قىلدى.
— لۇتفى.

**تەھەممۇل كۆرگۈزمەك** — «تەھەممۇل ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

**تەھەممۇللىق** [تحمل لىق] چىداملىق، سەۋرلىك، ئېغىرلىق، تەمكىنلىك.

**تەھەۋۋۇر** [تهور] (ئە) غەزەپ ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش، مەسىلىگە چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىردەملىككە قىزىشىپ، غايەت ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، ھولۇقۇش:
ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت تەھەييۇر بىلە،
تەھەييۇر دېمەنكىم تەھەۋۋۇر بىلە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھەييۇر** [تحير] (ئە) ھەيران بولۇش؛ ھەيرانلىق:
قولىن تىشلەدى قىز تەھەييۇر قىلىپ،
ئوقۇغان نەمازنى تەھەسسۇر قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەھەييۇرات** [تحيرات] (ئە) [بىرلىكى: تەھەييۇر] «تەھەييۇر» غا قاراڭ.

**تەھبەتەھ** [تەبتە] (پ) قاتمۇقات:
غۇنچە يەڭلىغ يۈرەكىمنى تەھبەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمغە رەھم قىلماي زۇلم بىداد ئەتتىڭىز.
— نەۋبەتى.

**تەھت** [تحت] (ئە) ئاست، تەگ:
ھېچ ئۆزۈيىم خالى ئېرمەس غۇنچە لەئلىڭ فىكرىدىن،
سۇ شەجەر تەھتىگە يەتسە سەيرى بولغاي شاخۇ رەگ.
— گۇمنام.

تەھتى فەرمانىدە — ھۆكۈم ئاستىدا، ئىختىيارىدا، قارمىقىدا؛
تەھتى فەرمانىدە ئالەم كىشۋەرى.
— نەۋائى.

**تەھتەس - سەرا** [تحت الثرى] (ئە) يەر ئاستى:
نەماز ۋاقتىدىن تا بولۇپ چاشتگاھ،
بۇ مەنچىلىك سەپەر قىلدى تەھتەس - سەرا.
— موللا شاكىر.

**تەھتۇش - شەرىن** [تحت الشرين] (ئە) دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستى:
سىبنىڭ بىرلە تامۇغ خۇلد بەرىندۇر،
بىھىشتىم سەنسىزىن تەھتۇش - شەرىندۇر.
— لۇتفى.

**تەھدىد** [تهديد] (ئە) قورقىتىش، دوق قىلىش، تەھدىت؛
تەھدىد ئەتمەك — قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

**تەھرىر** [تحرير] (ئە) يېزىش، ئەسەر يېزىش:
يىراقىراقدىن تۇرۇپ نەۋرۇزى نەۋشاد،
قىلۇر ھەر نەقشىنىڭ تـەھرىرىن ئىرشاد.
— لۇتفى.
تەھرىر ئەتمەك — «تەھرىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەھرىر ئەيلەمەك — يازماق، ئەسەر يازماق.

**تەھرىس** [تحريص] (ئە) ھېرىسمەن قىلىش، ھېرىسىنى ئويغىتىش، تامە قوز-غىتىش؛
تەھرىس ئەيلەمەك — ھېرىسمەن قىلماق.

**تەھرىك** [تحريك] (ئە) ھەرىكەت، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، قىمىرلىتىش، قوزغىتىش.

**تەھرىكە** [تحريك] (ئە) «تەھرىك» كە قاراڭ:
قالىپ تەھرىكەدىن ياتىپ مۇردەدەك،
كۆزىن ھەر بىرىگە چاتىپ مۇردەدەك.
— ئا. نىزارى.
قولى بىرلە سالىنى قىلىپ تەھرىكە،
يۇرۇ. ئىردى، تۇزدى شامال مەئرىكە.
— ئا. نىزارى.

**تەھرىم** [تحريم] (ئە) مـەنئى قىلىش، ھارام قىلىش، قايتۇرۇش، ياندۇرۇش؛
سەبا... بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى گۇلى قەھقەھدىن تەھرىم
قىلىپ، قىزىل گۇل قاشىغە تەكلىف قىلغانى.
— خىرقەتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

**تەھزىب** [تهذيب] (ئە) تازىلاش، پاكلاش؛ تازىلىق، پاكلىق.

**تەھزىر** [تحذير] (ئە) 1 〉 ھەزەر قىلدۇرۇش، قاچۇرۇش؛ چەتلەشتۇرۇش.
2 〉 قورقىتىش.

**تەھزىل** [تهزيل] (ئە) ئاجىز، زەئىپ؛ قۇۋۋەتسىز.

**تەھسىل** [تحصيل] (ئە) ئوقۇش، بىلىم ئېلىش، بىلىم ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىش؛
تەھسىل ئەتمەك — «تەھسىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەھسىل ئەيلەمەك — ئۆگەنمەك، ئوقۇماق.

**تەھسىن** [تحسين] (ئە) ئاپىرىن ئوقۇش، تەقدىرلەش، ماقۇللاش، ماختاش:

سەبا ئايدى گۈل بولماس مۇنچە ياخشى،
ئەجەب تەھسىن بۇ گۈلنىڭ تۇرفە نەقشى.
— خىرقەتى.

تەھسىن ئەتمەك — «تەھسىن ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەھسىن ئەيلەمەك — ماختىماق، ماقۇللىماق.

**تەھقىق** [تحقيق] (ئە) 1 〉 بىرەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەش، تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، سۈرۈشتۈرۈش، ھەقىقەتلەش؛ ھەقىقەتەن:

تەھقىقى جەھەننەم بولۇر مەنزىلى،
ئەزابلارنى كۆرگەي بۇ يولنىڭ ئېلى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 〉 ھەقىقەتلىك، راستلىق:

ئاغزى تەھقىقدە كۆپىدىن بار ئىدى كۆڭلۈمدە شەك،
ناگەھان شەكدىن چىقاردى لۇتق بىرلە خەندەسى.
— ئەرشى.

تەھقىق ئەتمەك — «تەھقىق ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەھقىق ئەيلەمەك — تەكشۈرمەك؛
تەھقىق قىلماق — «تەھقىق ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
ئەھلى تەھقىق — ھەقىقەت ئەھلى؛ راستچىللار، راست سۆزلىگۈچىلەر:

يەنە ئول خاتەمى تەيىنگكى دەۋزەخ ئىچرە كۆيمەسلىك،
دېمىشلەر ئەھلى تەھقىقلەر سەخاۋاتى ئېرۇر بائىس.
— موللا بىلال.

**تەھلىل** [تحليل] (ئە) 1 〉 ئانالىز؛ 2 〉 ئېرىتىۋېتىش؛ 3 〉 مۇرەككەپ بىر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ تەكشۈرۈش؛ 4 〉 تەڭرىنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىش.

**تەھنۇقرە** [تەنقرە] (پ) تېگى كۆمۈش، يۈزى ئالتۇن.

**تەھنىيەت** [تهنيت] (ئە) قۇتلاش، تەبرىكلەش، مۇبارەكلەش:

سەرىر ئۆزرە چىقتىم تۇزۇپ سەلتەنەت،

خەلايىق كىلىپ ئەيلەدى تەھنىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەھۇر [طهور] (ئە) ناھايىتى تازا، ئىنتايىن پاك؛
ئول غار ئىچرە چىلتەندۇر، ئىچكەنلەرى تەھۇردۇر،
كاسەلەرى دۇر دۇرۇر، شەراب ئىچەر ئىردىيا.

— م. نىيازى.

تەھۇرا [طهرا] (ئە) «تەھۇر» غا قاراڭ؛
تەھۇرا بادەسى — پاكىز شاراب؛ ئۆتكۈر شاراب؛
تەھۇرا شەربەتى — ئەڭ شىرىن شەربەت.

تەھۋىل [تحويل] (ئە) 1) بىر نەرسىنى ئۆز ھالىتىدىن باشقا بىر ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئايلاندۇرۇش، ئۆزگەرتىش؛ 2) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە قۇياشنىڭ بىر بۇرجىدىن باشقا بىر بۇرجىغا ئۆتۈشى.

تەھۋىلدار [تحويل دار] (ئە + پ) خەزىنىچى.

تەھىييات [تحيات] (ئە) [بىرلىكى: تەھىييە] «تەھىييە» گە قاراڭ؛
كى بىر نامەئى يازدى شاھى بۇخار،
كى بىزدىن تەھىييات ھەزاران - ھەزار.

— موللا شاكىر.

تەھىييە I [تحيه] (ئە) 1) سالام، دۇئا، ماختاش؛ 2) ئىمردىلىك (ھايات) بېرىش.

تەھىييە II [تهيه] (ئە) ھازىرلاش، تەييارلاش.

تەۋابىئ [طوابع] (ئە) [بىرلىكى: تابىئ] ئەگەشكۈچىلەر.

تەۋاتۇر [تواتر] (ئە) ئۈزىدىن ئىزىغا يېيىلىش، تارقىلىش؛ ئاشكارىلىنىش (خەۋەرگە ئائىت).

تەۋاجىر [تواجر] (ئە) «تاجىر» غا قاراڭ؛
چۇ دەريا سارىغە گۆزەر ئەيلەدىم،
تەۋاجىرنى كۆردۈم نەزەر ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋاچى [تەواجى] جارچى، ئېلانچى؛ مۇخبىر.

تەۋارىخ [تواريخ] [بىرلىكى: تارىخ] تارىخلار.

تەۋارۇد [توارد] (ئە) كەينى - كەينىدىن، ئارقا - ئارقىدىن، ئۈستى - ئۈستىلەپ؛ ئىككى ئىش تەڭ كەلمەك.

تەۋارى [توارى] (ئە) يوشۇرۇنماق، مۆكمەك، مۆكۈنمەك.

تەۋازۇئ [تواضع] (ئە) 1) ئۆزىنى ئەدەبلىك تۇتۇش، كەمتەرلىك؛ 2) ھۆرمەت، ئىززەت، ئېھتىرام؛
ئانىڭ بىرلە ھەمراھ نەچە ئادەمى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەۋازۇندا تۇردى نەچە خادەمى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋازۇ ئەيلەمەك — ئۆزىنى ئەدەبلىك تۇتماق، تۆۋەن تۇتماق، ھۆرمەت قىلماق؛

3 › كۆچمە م: ئىتائەتمەنلىك، بويسۇنۇش.

**تەۋاف** [طواف] (ئە) زىيارەت؛

تەۋاف قىلماق — مۇقەددەس ھېسابلانغان كىشى، نەرسە، جايلارنى زىيارەت قىلماق.

**تەۋافۇر** [توافر] (ئە) يېتەرلىك، تولۇق، كۆپ، مول؛ باياشات، مولچىلىق، مەمۇرچىلىك.

**تەۋان I** [توان] (پ) قۇۋۋەت، كۈچ، قۇدرەت؛ تاقەت، چىدام.

ناتەۋانا — كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز، قۇدرەتسىز.

ناتەۋان جانىمغە جانا ئۇلفەتىڭ دەرمان ئىدى،
ماڭا ئەمدى فۇرقەتىڭدىن نې تەۋان قالدى نې تاب.
— ئەرشى.

ناتەۋان — كۈچسىز، بوش.

**تەۋان I** [توان] «تەبان» غا قاراڭ.

**تەۋانا** [توانا] (پ) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك، ساغلام؛

بىرى ئايتۇركى: ئەي ھەيىۋ تەۋانا،
ئېرۇرسەن بارچە ئەھۋالىمغە دانا.
— لۇتفى.

**تەۋانا پەيكەر** [توانا پیکر] (پ) تېنى قۇۋۋەتلىك.

**تەۋانالىغ** [توانالیغ] «تەۋانا» غا قاراڭ.

**تەۋانگەر** [توانگر] (پ) 1 › كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك؛ 2 › باي؛ دۆلەتمەن، پۇلدار.

بار ئېردىكى ئاندا ئەجەم خەيلىدىن،
غەنىيۇ تەۋانگەر كەرەم خەيلىدىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەۋۋاب** [تواب] (ئە) 1 › قوبۇل قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى؛ 2 › ئاللا، تەڭرى.

**تەۋايىف** [طوايف] (ئە) [بىرلىكى: تايىفە] گۇرۇھلار، قەبىلىلەر، تائىپەلەر.

**تەۋەججۇھ** [توجه] (ئە) 1 › يۈزلىنىش، يۈزىنى بۇراش، ئىخلاس؛ ھۆرمەت، ئېھتىرام؛

بەسىر پادىشاھى مىرزەبان پەرزەندى يوق جەھەتىدىن ئۆزلەت ئىختىيار ئەيلەپ، جەناب ھەزرەتى ئىززەتكە تەۋەججۇھ بىرلە يۈز كەلتۈرگەنى، ...

— ئا. نىزارى.

2 › دىققەت ـ ئېتىبار؛ 3 › تەگرىگە يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش؛
تەۋەججۇھ ئەتمەك — يۈزلەنمەك، يالۋۇرماق؛
تەۋەججۇھ كۆرسەتمەك — ئىلتىپات قىلماق.

**تەۋەسسۇل** [توسل] (ئە) ۋاسىتە قىلىش، تايىنىش؛ باھانە، سەۋەب.

**تەۋەسسۇئ** [توسع] (ئە) كېڭىيىش، كېڭەيتىش، ئاشۇرۇش.

**تەۋەققۇف** [توقف] (ئە) توختاش، جىم تۇرۇش؛ ئىككىلىنىش:

دېدى: سىزنى چىرلار ئەمرى زەمان،
تەۋەققۇفنى تاشلاپ بولۇڭلار رەۋان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋەققۇف ئەيلەمەك — توختىماق، جىم تۇرماق.

**تەۋەققۇئ** [توقع] (ئە) ئۈمىد بىلەن قاراش؛ ئىنتىزار بولۇش:

تەۋەققۇئ ئولدۇر ئەسھابى ھۇنەردىن،
كى چۇن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەمەردىن.
— لۇتفى.

تەۋەققۇئ ئەتمەك ـ «تەۋەققۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
تەۋەققۇئ ئەيلەمەك ـ ئۈمىد بىلەن قارىماق، كۈتمەك، كۆز تۇتماق.

**تەۋەققى** [توقی] (ئە) چېكىنمەك.

**تەۋەككەل** [توكل] (ئە) 1 › پۈتۈن ئۈمىدىنى تەگرىگە باغلاش، تەگرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئىشىنىش؛ 2 › تەۋەككۇل قىلىش، كۆپ ئىككىلەنمەي قىلىنغان ھەرىكەت.

**تەۋەللا I** [تولا] (ئە) 1 › يېلىنىپ سوراش؛ يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش؛ ئۈمىد، ئۈمىدلىنىش؛ 2 › دوست تۇتۇش.

شەھەرگە ياقىن بىر مەكان راستلادى،
تەۋەللا قىلىپ ئۆي سارى باشلادى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋەللا قىلماق — 1 › يېلىنماق، يالۋۇرماق؛ ئۈمىد قىلماق؛ 2 › دوست تۇتماق.

**تەۋەللا II** [تولی] (ئە) «تەۋەللا I» گە قاراڭ.

**تەۋەللۇد** [تولد] (ئە) تۇغۇلۇش، پەيدا بولۇش:

...مۇھەببەتدىن نە ئىشلار تەۋەللۇد قىلۇر...ئول سىرنى بەيان
ۋە ئول سۆزنى بەيان قىلماق.
— خىرقەتى.

تەۋەللۇد تاپماق ـ تۇغۇلماق.

**تەۋئەمان** [توامان] (ئە) قوشكىزەك، ئىككىزەك:

مېنى ئەل دائىما فەرھاد بىرلە تەۋئەمان كۆرگەچ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



فەلەك بىدادىدىن ناكام كەتكەن بىنەۋا دەرلەر.
—ئەرشى.

**تەۋەھھۇم** [توهم] (ئە) ۋەھىمىگە چۈشۈش، قورقۇش:
كى سابىت تەۋەھھۇم بىلە قىلدى زار،
بولۇپ تەختى پارە ئۆزە بەر قەرار.
— ئا. نىزارى.
تەۋەھھۇم ئەيلەمەك — قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك.

**تەۋبە** [توبە] 1) يامان قىلمىشقا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن قىلىنغان قارار، بېرىلگەن ۋەدە:
كۇفر زۇلفىدىن يانارغە تەۋبە قەسدىن ئەيلەسەڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ تەۋبەلەردىن قىلمە ئىستىغفار بەس.
— ئەرشى.
2) ئەجەبلىنىش، ھەيران قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ؛
تەۋبە شىكەن — تۆۋىسىنى بۇزغۇچى، ۋەدىسىدىن يانغۇچى؛
تەۋبە نەسۇھ — سەممىي ۋە ھەقىقى تۆۋە.

**تەۋدىئ** [توديع] (ئە) خوشلىشىش، خەيرلىشىش، ۋىدالىشىش؛
تەۋدىئ قىلماق — خەيرلەشمەك، خوشلاشماق.

**تەۋر** [طور] (ئە) 1) يۇسۇن، رەۋىش، ئۇسۇل، تەرز؛ ئادەت، قىلىق، تەرتىپ.
كى بۇ ھەركۇندەكى ئەشئار ئەمەستۇر،
ئانىڭ تەۋرى بىلە گۇفتار ئەمەستۇر.
— لۇتفى.
تەۋر ئەتمەك — بىرەر نەرسىگە ئۆگەنمەك، ئادەت قىلماق؛
تەۋر ۋەزئ — رەۋىش ۋە تۈزۈلۈش.

**تەۋرات** [تورات] (ئە) يەھۇدىلارنىڭ دىنىي كىتابى (مۇسا پەيغەمبەرگە نازىل بولغان، دېيىلىدۇ).

**تەۋرىت** [توريت] (ئە) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان كىتاب، تەۋرات.
تەۋرىت كەلىمەسىدىن تاپتى تەراۋەت ئىنجىل،
فۇرقانى ئەھمەدىدە ھەرفى زەبۇر ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.

**تەۋزىھ** [توضيح] (ئە) ئىزاھلاش، روشەنلەشتۈرۈش؛
تەۋزىھ بەرمەك — روشەن قىلماق، ئايدىڭلاشتۇرماق، ئىزاھلىماق؛
تەۋزىھ قىلماق — «تەۋزىھ بەرمەك» كە قاراڭ.

**تەۋزىئ** [توضيع] (ئە) تارقىتىش، بۆلۈپ تارقىتىش؛ تەقسىملەپ بېرىش.

**تەۋسەن** [توسن] (پ) شوخ ئات، ئويناق ئات؛
مىندى چۇ تەۋسەن جۇنۇن كۇندە شەھ سۇۋار ئىشق،

قەتئ بۇ ماسەۋا ئۇچۇن ئىلكىدە زۇلفىقار ئىشق.
— زەلىلى.

**تەۋسەنى تەخەييۇل** — خىيال ئېتى، خىيال.

**تەۋسەنلىغ** [توسن‌لیغ] كۆچمە م: شوخلۇق، شاشلىق.

**تەۋسىئ** [توسیع] (ئە) كېڭەيتىش؛ كەڭچىلىك، كەڭلىك.

**تەۋسىف** [توصیف] (ئە) سۈپەتلەش، ماختاش:

تەۋسىفى ھۇسنۇڭ تۈگەنمەكلىك ئەھال ئېرمەش مەھال،
مېڭىمدىن بىرنى بەيان ئەتسەم بولۇر يۈز مىڭ كىتاب.
— قەلەندەر.

**تەۋف** [طوف] (ئە) ئايلىنىش؛ يۈزىنى سۈرتۈش؛ زىيارەت:

تەۋف قىلىپ ئەرتەسى بولدۇم رەۋان،
بولدى ئەجەب گەرم زەمىنۇ زەمان.
— زەلىلى.

**تەۋفى ۋىدائ** — خەيرلىشىش ۋاقتىدىكى كۆرۈشۈش.

**تەۋفگاھ** [طوف گاه] (ئە + پ) زىيارەتگاھ، تاۋاپ قىلىنىدىغان جاي؛ «تەۋف، تەۋاف» لارغا قاراڭ.

**تەۋفىر** [توفیر] (ئە) ئاشۇرۇش، چوڭايتىش؛ كۆپەيتىش؛ پايدا:

ئالاچۇقنىڭ ئىگەسى ئەردى بىر پىر،
كى دەريادىن چىقارۇر ئەردى تەۋفىر.
— لۇتفى.

**تەۋفىر ئەتمەك** — كۆپەيتمەك.

**تەۋفىق** [توفیق] (ئە) 1) مۇۋاپىقلىنىش، مۇۋاپىقلىق، ئۇيغۇنلۇق؛ 2) ياردەم، مەدەت.

گۈلشەنى تەۋفىقدىن ئالغان نەسىم،
كۆڭلىگە تەئسىر ئېتىپ ئەردى ئەزىم.
نەۋائى.

تۆكۈلدى گۆھەردەك كۆزىدىن ياشى،
بولۇپ تەۋفىق ئاخىر ئانىڭ يولداشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تەۋفىق ئەھلى** — تەلىپىگە يەتكەن، ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىلەر.

**تەۋق** [توق] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەتۋاق] 1) گۇناھكارنىڭ بويىنىغا جازا تەرىقىسىدە سېلىپ، قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان گۈندا، تاقاق؛ گەدەنلىك؛ 2) كۆچمە م: باشقا چۈشكەن ئېغىر تەشۋىش، دەردىسەر؛ 3) قۇشلارنىڭ بويىنىدىكى ھالقا شەكىللىك سىزىق؛ قۇشلارنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان تاسما؛ 4) بويۇنغا باغلايدىغان باغ، مارجان يىپى.

www.uyghurkitap.com

گەر تۇشسە سىنىڭ بەندەلىكىڭ تەۋقى بويۇنغە،
بولغۇمدۇر بۇ ھالەتدە ئىكى كەۋندىن ئازاد.
— ئەرشى.

**تەۋقى غەبغەب** — ئېڭەك ئاستى گۆشىنىڭ ئايلانمىسى؛
**تەۋقى لەئن** — لەنەت تاختىسى، تاقىقى، ھالقىسى؛
بويىنىنى سۇنماي ئەيان ئەتكەندە تەئن،
ساللىبان بويىنغە ئانىڭ تەۋقى لەئن.
— نەۋائى.

**تەۋقىر** [توقير] (ئە) ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش، تەزىم قىلىش.

**تەۋقىف** [توقيف] (ئە) 1) توختىتىش، توختىتىپ قويۇش؛ 2) بەند قىلىش.

**تەۋقىف گاھ** [توقيفگاه] (ئە+پ) توختىتىپ قويۇش ئورنى، بەند قىلىش ئورنى؛ زىندان.

**تەۋقىئ** [توقيع] (ئە) 1) شاھنىڭ يارلىقى، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرىغا قويۇلغان مەخسۇس بەلگە؛ 2) شۇنداق بەلگە قويۇلغان بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق.

**تەۋلە** [طوله] «تەۋىلە» گە قاراڭ.

**تەۋلىيەت** [توليت] (ئە) ۋەقپى يەرلەرنى باشقۇرۇش، مۇتەۋەللىلىك باشقۇرماقلىق.

**تەۋھىد** [توحيد] (ئە) 1) يەككە دەپ بىلىش، يالغۇزلۇقىغا ئىشىنىش، يېگانە دەپ ھېسابلاش؛ 2) ھەقىقەتكە يېتىشىش، كىشى روھىنىڭ ئىلاھ، ئىلاھىي روھ بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى، سوپىلىقنىڭ بەشىنچى دەۋرى:
كىمگە كىم، تەۋھىددىن بەردىڭ كۇشاد،
مىدھەتىدە كۇفر قىلدىڭ ئىتتىھاد.
— نەۋائى.

**قىسمى تەۋھىد ئەيلەمەك** — ئەزەلدە يەككە قىلىپ ياراتماق:
ھەر كىشىكىم، قىسمى تەۋھىد ئەيلەدىڭ،
بائىسى تەجرىدۇ تەفرىد ئەيلەدىڭ.
— نەۋائى.

بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەببارە ياستانمىش.
— ئەرشى.

**تەۋق** [طوع] (ئە) رىغبەت، مەيل، خاھىش؛
**تەۋق ئەيلەمەك** — خالىماق، مەيل (ئىختىيار) قىلماق.

**تەۋىل** [طويل] (ئە) ئۇزۇن.

**تەۋىلە** [طويله] (ئە) ئاتخانا، كاتتا ئاتخانا.

**تەئب** [تعب] (ئە) 1) مىجەز، خۇلق، خاراكتېر، تەبىئىي خۇسۇسىيەت؛

2) خاھىش.

**تەئبىر** [تعبير] (ئە) بايان قىلىش، ئىزاھلاش، مەنىسىنى ئېچىش؛
**تەئبىر ئەيلىمەك** — مەنىسىنى ئاچماق، بايان قىلماق.

**تەئبىيە** [تعبيه] (ئە) 1) تۈزۈش، تەرتىپكە سېلىش، جاي-جايىغا قويۇش (سەپ ھەققىدە)؛ 2) يوشۇرما، بۆكتۈرمە.

رەۋزەسىدە تەئبىيە قەندەلى نۇر،
رەۋشەن ئېتىپ مىسلى تەجەللى زۇھۇر،

— زەلىلى.

**تەئبىيە باغلىماق** — تىزماق، تەرتىپكە سالماق، بېزىمەك:

تەئبىيە باغلاپ بەسى ئەھلى ھۈنەر،
تاپىپ ئاندىن مۈلكۈ كىشۋەر زىيبۇ زەر.

— نەۋائىي.

**تەئتىر** [تعطير] (ئە) خۇش پۇراق قىلىش، خۇش بۇيلاندۇرۇش.

**تەئتىل** [تعطيل] (ئە) بىكار تۇرۇش، ئىشنى ياكى ئوقۇشنى توختىتىش، تەتىل:

كى ئۇن تارتماقىغە بېرىلىك يارغۇچاق،
جۇ تەئتىل قىلسا ئۇرۇڭلار تاياق.

— ئانىزارى.

**تەئتىل ئەيلىمەك** — ئىشنى توختاتماق.

**تەئجىل** [تعجيل] (ئە) 1) ئالدىراش، تېزلەشتۈرۈشكە ئىنتىلىش، سۈرئەتنى تېزلىتىشكە تىرىشىش؛ 2) ھۆلۈقۇش، ھاياجانلىنىش.

سەبا تەئجىل ئېتىپ تا كىردى يولغا،
قىلىپ سۈرئەت قاراماي ئوڭ ۋە سولغا.

— خىرقەتى.

**تەئجىل ئەيلىمەك** — ئالدىرىماق.

**تەئخىر** [تأخير] (ئە) 1) كېچىكتۈرۈش؛ 2) كېچىكىش؛
**تەئخىر ئەتمەك** — كېچىكتۈرمەك.

ئەرشىيا، مەي ئىچ دەما-دەم، قىلماغىل تەئخىركىم،
«ئەشرەبۇ يا ئەييۇھەلئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.

— ئەرشى.

**تەئداد** [تعداد] (ئە) 1) سان، ھېساب، ئەدەت؛ 2) ساناش، ھېسابلاش.

ماڭا قىلغانلارنى تەئداد ئېتەرگە،
يوق ئەختەر، تۆكتى كۆك سەڭگى شۇمارە.

— ئەرشى.

**تەئدىب** [تأديب] (ئە) ئەدەب بېرىش، جازا بېرىش.

www.uyghurkitap.com

تەئرىز [تعريض] 1› كىنايە بىلەن سۆزلەش؛ 2› ئېتىراز بىلدۈرۈش.

تەئرىپ [تعريف] (ئە) نەرسە، ۋەقە، ھادىسە، چۈشەنچە قاتارلىقلارنىڭ چام ۋە ئېنىق ئىپادىسى، تەسۋىرى، خاراكتېرىستىكىسى:

كېلىپ ئېردى رۇھقە فەرەڭ ئەلچىسى،
بۇ تەئرىفىنى ئاڭلاپ كۈلەر ئول بەسى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئزىب [تعذيب] (ئە) ئازابلاش، رەنجىتىش.

تەئزىر [تعذير] (ئە) كايىش، ئازار بېرىش؛ جازالاش.

تەئزىز [تعزيز] (ئە) ئىززەتلەش، ئېزىز كۆرۈش، ھۆرمەتلەش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش.

تەئزىم [تعظيم] (ئە) ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش؛

تەئزىم تاپماق — ئۇلۇغلانماق، ھۆرمەتلەنمەك؛

ئاڭا تەئزىم ئەتتىم قوپۇپ نۇن كەبى،
قىلىپ سەيھە ئانداغكى مەجنۇن كەبى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئزىيە [تعزيه] (ئە) ماتەملىك كىشىگە تەسەللى بېرىش، ئەھۋال سوراش.

تەئزىيەت [تعزيت] (ئە) «تەئزىيە» گە قاراڭ.

بۇرادەرلەر ئانداغ قىلىپ مەشۋەرەت،
تۈگەشتى ئاتاغە تۇتۇپ تەئزىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئلىف [تأليف] (ئە) 1› سازلاش، تەڭشەش؛ 2› تۈزۈش، ئەسەر يېزىش، ئاھاڭ يارىتىش:

دېدى تەئلىف ئەتكىل بۇ يەڭلىغ كىتاب،
خەلايىق دىماغىغە يەتكۈز گۈلاب.

— غەرىبى.

3› ئەسەر؛

سەۋت تەئلىف ئەتمەك — كۈي، ئاھاڭ ياراتماق.

تەئلىق [تعليق] (ئە) 1› ئېسىش، ئېسىپ قويۇش؛ ئېسىلىپ تۇرۇش؛ 2› ھۆسن خەتنىڭ بىر تۈرى (خەتتى تەئلىق)؛ تەئلىق نۇسخا.

تەئلىم [تعليم] (ئە) 1› ئىلىم؛ 2› ئەدەب - ئەخلاق، تەربىيە؛ 3› تەلىمات، نەزەرىيە؛ 4› كۆرسەتمە، يوليورۇق؛ 5› ئۆگىتىش، بىلىم بېرىش:

قىشلار ئەتفالىغە توڭدۇرماق بەسى تەئلىم ئېتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.

— ئەرشى.

تەئمىر [تعمير] (ئە) بۇزۇلغان جايىنى ياساش، ئىمارەت سېلىش، بىنا قىلىش؛

تەئمىر كەيلەمەك ــ بۇزۇلغان جايىنى ياسىماق، ئىمارەت (بىنا) قىلماق.

**تەئمىق** [تعميق] (ئە) چوڭقۇر پىكىر قىلىش، ئەتراپلىق ئويلاش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش؛

تەئمىق قىلماق ــ چوڭقۇر پىكىر قىلماق، ئەتراپلىق ئويلىماق.

**تەئمىم** [تعميم] (ئە) ئومۇملاشتۇرۇش، كۆپچىلىك ئارىسىغا تارقىتىش؛

تەئمىم ئەيلەمەك ــ ئومۇملاشتۇرماق، تارقاتماق، يايماق.

**تەئمىيە** [تعميه] (ئە) يوشۇرۇن، سىرلىق ھالغا كەلتۈرۈش؛

تەئمىيە ئامىز ــ تېپىشماققا ئوخشاش، سىرلىقراق.

**تەئن** [طعن] (ئە) 1 › ئېتىش، ئىرغىتىش (تاش ۋە ئوقنى)؛ 2 › تەنە قىلىش، كىشىنىڭ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنى يۈزىگە سېلىش؛

تەئن ئەھلى ــ تەنە قىلغۇچىلار، گەپ ئويناتقۇچىلار.

**تەئنە** [طعنه] (ئە) «تەئن» گە قاراڭ.

فەلەك ئەشكىن تۆكۈپ ھەر سۇبھ ھالىمغە تۇتار ماتەم،
كۈلەر خۇرشىد قىلىپ تەئنە بۇ چېھرە زەئفىرانىمغە.

ــ ئا. نىزارى.

**تەئنە ساز** [طعنه ساز] (ئە + پ) تەنە قىلغۇچى؛ مەسخىرە قىلغۇچى، مەسخىرىلىك كۈلگۈچى.

**تەئۋىز** [تعويذ] (ئە) تۇمار (كۆز تېگىش ۋە باشقا يامانلىقلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈلگەن دۇئا)؛

تارەنى مويىنى كەلتۈر ئەيلەيىن تەئۋىزگە باغ،
يا ئۆزۈڭ بىلگۈنچە بىر يادنامە كەلتۈرگىل ماڭا.

ــ موللا بىلال.

**تەئۋىق** [تعويق] (ئە) 1 › قايتۇرۇش، كېچىكتۈرۈش، مەنئى قىلىش؛ 2 › بەند قىلىش.

**تەئۋىل** [تأويل] (ئە) [كۆپلۈكى: تەئۋىلات]

1 › سۆزنى ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە بۇراش؛ بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش؛

... ئاتاسى ئوغلىغە ئول سۈرەتنىڭ تەئۋىلىنى ئايتىپ، ئوغلىنى سەفەر ئىشىدىن مانىئ ئەيلەگەندى...

ــ ئا. نىزارى.

2 › چۈش ئۆرۈش، چۈشكە تەبىر بېرىش.

**تەئيىد** [تأييد] (ئە) قۇۋۋەتلەش، مۇستەھكەملەش، تەكىتلەش.

**تەئيىن** [تعيين] (ئە) تەيىن، تەيىنلەش، بەلگىلەش:

دېدى: باشلاغىزلار مۇنى ئىچكەرى،
قىلىڭ جاي تەئيىن سارايدىن نارى.

ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەيىن ئەيلىمەك — تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك.

**تەي** [طى] (ئە) يۈرۈش، كېزىش؛ ئۆتۈش:
ئىككى مۇشفىق يۈرۈپ تەي قىلدىلار يول،
كېتىپ غەم كۆنلەرى چۆللەر بولۇپ گۈل.
— خىرقەتى.
تەي ئەتمەك — «تەي ئەيلىمەك» كە قاراڭ؛
تەي ئەيلىمەك — يۈرمەك، كەزمەك؛
تەيىي ئەرز — يەر يۈزىنى ياكى ئۇزاق يولنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە كېزىپ چىقىش.

**تەير** [طير] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇيۇر] 1) ئۇچۇش، پەرۋاز قىلىش:
سەبا ئېردى جەھان ئىچرە سەبۇك سەير،
قىلۇر ئېردى جەھان گۈلزارىدا تەير.
خىرقەتى.

2) ئۆتۈش، كېزىش:
ئول كۆنى يولچاق لەبىنى سەير ئېتىپ،
تاڭلاسى دەريا يۈزىدىن تەير ئېتىپ.
— زەلىلى.

3) قۇش، ئۇچار قانات:
قىلۇر ئېردىم ھەر كۆنى بۇ ئالەمنى سەير،
كېزىپ ھەر تەرەفنى ئۇچۇپ مىسلى تەير.
— ئا. نىزارى.

تەير قىلماق — ئۇچماق.
مەنتىقۇتتەير — «قۇشلار سۆھبىتى» (ئەسەر نامى).

**تەيران** [طيران] (ئە) ئۇچۇش، پەرۋاز:
يەتتە ئەنزا جەۋفەرى تەيراندەك قىلغىل نىسار،
لالەئى داغدار ئۇندى سەراسەر قانىدىن.
— زەلىلى.
تەيران قىلماق — ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق:
چۈن نېچە كۈن بۇيلە تەيران قىلدىلار.
— نەۋائى.

**تەيلەسان** [طيلسان] (ئە) رىدا (باشقا ئارتىپ ياكى بويۇنغا سېلىپ يۈرۈلىدىغان، رومالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۇستىباش):
كىيىمىش ئېردى قارا ئەتلەسدىن ھەۋا بىر تەيلەسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرنىغى بىرلە تار - تار.
— تەجەللى.

**تەييار** [طيار] (ئە) ئۇچقۇر، قاناتلىق:

زەلىلى جەئفەرى سادىقنى دەيدۇر مۇرشىدى كامىل،
كى بۇرھانى كەلامىم جەئفەرى تەييار بولغايمۇ؟
— زەلىلى.

**تەييىب** [طيب] (ئە) «تەييىبە» گە قاراڭ.

**تەييىبە** [طيبه] (ئە) 1) پاك، پاكىز، تازا؛ 2) ياخشى؛ 3) خۇشبۇي، خۇشپۇراق؛

چىلتەن ئىدى ھەبىبە، بەرگىل ئاڭا نەسىبە،
بارچە ئەرۋاھ تەييىبە، ئاندا ھازىر ئەردىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

ئەرۋاھى تەييىبە — پاك ئەرۋاھلار.

**توب** [توب] «توپ» قا قاراڭ.

**توبەتو** [توبتو](پ) «توبەرتو»غا قاراڭ.

**توبەرتو** [توبرتو] (پ) قاتمۇقات، ئۇستى - ئۇستىگە؛

غەمى ئىشقىڭ كۆڭۈلدە باغلانىپ ئانداغكى توبەرتو،
بولۇپدۇر كۆڭلۈم ئىچرە بەستە - بەستە غۇنچە، يەڭلىغ قان.
— ئا. نىزارى.

**توبرە** [توبره] توۋرا:

كى غەلبارغە ئالىپ ئانى تاسقاغىل،
نە قالسا ئانى توبرەغە تاشلاغىل.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**توبۇلغا** [توبولغا] «داۋۇلغا» غا قاراڭ.

**تودە** [توده] (پ) توپ، توپلام، دۆۋە؛ گۇرۇھ:

مەغرۇر نەماز ئۇلماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،
دىھقان سەمەندەر قاشىدا تودەئى خەسدۇر.
— زەلىلى.

**تور** [تور] 1) قۇش ۋە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تور؛ 2) قۇش قونىدىغان ياغاچ، قونداق.

**تورسۇق** [تورسوق] تۇلۇم.

**تورقە** [تورقه] كەتان ناملىق ماتادىن تىكىلگەن قىممەت باھا كىيىم («كەتان» غا قاراڭ).

**توز** [توز] چاڭ، توزان، غۇبار.

**توزاڭ** [توزانك] يۇمشاق توپا، شورلۇق.

**توس** [توس] 1) قېيىن ياغىچى، قېيىن ياغىچىنىڭ پوستى؛ 2) تۇپراق.

**توستەغان** [توستاغان] قىمىز قۇيۇپ ئىچىدىغان ياغاچ كاسا، ئاياق، جام؛ كوزا.

**توسقال** [توسقال] «توسقاۋۇل» غا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**تۇسقاۋۇل** [تۇسقاۋول] 1) يول ئېغىزلىرىدا مەسئۇل قاراۋۇل، كۆزەتچى، چارلىغۇچى؛ تۇسۇپ، تۇتۇپ تۇرغۇچى؛ 2) مەدەتكار.

**تۇشۇق** [تۇشوق] قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شېئىرىي شەكىللىرىدىن بىرى؛ قوشاق:

ئاڭلامايىن سۆزدە تويۇق بەھرىنى،
قايسى تويۇق بەلكى تۇشۇق بەھرىنى.
— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

**تۇشۇق** [تۇشوق] يۈك:

بۇ قالغانلىرى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق،
كۆچۈپ ئۆيىدىن ئۆيگە توشۇپدۇر تۇشۇق.
— موللا شاكىر.

**تۇقۇشماق** [تۇتۇشماق] تۇقۇنۇشماق، دۈچ كەلمەك؛ تەگمەك.

**تۇڭ** [تونك] سوغۇق، قاتتىق سوغۇق؛ مۇز:

ئاھۇ ئەشكىدىن ئىرۇر ئوتتۇ سۇ ئىچرە ئاشىق،
زاھىدا، نې غەم ئاڭا گەر قىزىغ ئولغىل گەر تۇڭ.
— نەۋائىي.

**تۇڭراغۇ** [تونكراغو] قوڭغۇراق:

تۇڭراغۇ ئاۋازىدىن مەھمىلدە يار ئولماق كېرەك،
كۆپ نىشات ئاۋەر كېلۇر ئول گۇلئۇزار ئولماق كېرەك.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تۇڭۇر** [تونكور] پەرى؛ جىن، ئالۋاستى.

**تۇڭۇز** [تونكوز] 1) تۇڭگۇز، چوشقا:

قىز ئايتتى: «بولماسە شەيخى كىبار،
قىل تۇڭۇز كۈتمەكنى بىر يىل ئىختىيار.»
— ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى.

2) تۈركىي خەلقلەر مۆچەلىنىڭ ئون ئىككىنچىسى.

**تۇڭۇلماق** [تونكولماق] ئۈمىدسىزلەنمەك، غەمكىن بولماق، كۆڭلى سۇنماق:

ۋەفا قىلغاي دەبان يۈزمىڭ يۈگۈردۈم،
ۋەفانى كۆرمەدىم، ئەمدى تۇڭۇلدۇم.
— خىرقەتى.

**تولاشىق** [تولاشق] تولغاشقان؛ ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، تۈگۈلگەن؛ چىرماشقان.

**تولان** [تولان] بەش ياشلىق (بەش ياشار) ئات.

**تولاي** [تولاى] كۆپ، تولا، نۇرغۇن؛ توپلانغان، جەملەنگەن:

ئېرۇرمەن بەندەلەرنى سەرنگۇنى،

تولاي يارۇ بەرادەرنىڭ زەبۇنى.
— سۇفى ئاللا يار.

**تولغاماق** [تولغاماق] قايرىماق، بۇرىماق، ئەشمەك؛ تولغىماق؛ **باش تولغاماق** — بويۇن تولغىماق، تەكلىپنى رەت قىلماق، **باش تارتماق**:

شەپەق بىرلە قۇرۇزدىن تولغاماي باش،
تاشىپ ئىش باشىغە ئاقۇ قىزىل تاش.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تولغامە** [تولغامە] پىستىرمىدا ياتقان ئەسكەر، بۆكتۈرمە؛ پاناھلانماق، يوشۇرۇنماق.

**تولغاندۇرماق** [تولغاندورماق] ئايلاندۇرماق، چايقالدۇرماق، دولقۇنلاتماق:

چۇن قۇيۇننى دەشت ئارا ئايلاندۇرۇپ،
سۇۋدە ئىگىرمىنى داغى تولغاندۇرۇپ.
— نەۋائى.

**تولقاماق** [تولقاماق] دەرد - ئەلەم چەكمەك، غەم - ئەندىشە قىلماق.

**تولقۇم** [تولقوم] دولقۇن، مەۋج؛ تاشقىن:

ئىشقىڭىم بىر بەھرى بىپايان ئىرۇر، تۇشتىڭ ئاڭا،
نەچچە بىر گىردابى تولقۇملار كۆرەرسەن بىگۇمان.
— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

**تولۇ** [تولو] كەمچىلىكسىز، پۈتۈن، تولۇق.

**تولۇن** [تولون] تولغان، تولۇق، لىپمۇلىپ:

ئون تولۇن ئاينىڭ قىراغىدىن چۇ ئالدىڭ ئون ھىلال،
كىردى تۇپراغە ھىلال، ئاچتى تولۇن ئايغە جەمال.
— نەۋائى.

**تون** [تون] كىيىم، تون، لىباس:

ئىرۇر سەرگەشتە خاكى تەن ئارا مەھزۇن كۆڭۈل ھەريان،
تون ئەتكەندەك قويۇندىن جىسمىغە مەجنۇنى سەرگەردان.
— نەۋائى.

**تونغۇز** [طونغوز] «توڭۇز» غا قاراڭ.

**تونلۇق** [تونلوق] تونلۇق، تون كىيگەن.

**تۇبا** [طوبى] «تۇبىي» غا قاراڭ:

سال سايە مېنىڭ باشىمە، ئەي رەشكى سەنەۋبەر،
كىم غەيرەتى تۇبا داغى رىزۋان يېتىلىپسەن.
— لۇتفى.

**تۇبۇچاق** [توبوچاق] يۇگۇرۇك، چاپقۇر ئات.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**تۇبى** [طوبى] (ئە) 1) دىنىي ئېتىقادتا جەننەت دەرىخى دەپ پەرز قىلىنغان گۈزەل دەرەخ؛ 2) كۆچمە م: كېلىشكەن قامەت.

سايەئى تۇبىيدىن ئارتۇق خۇم تۇبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسا تىكەندە جەننەتۇل-مەئۋا بىلۇر.
— گۇمنام.

**تۇتەگىي** [طرطكى] (پ) يېشىل؛ زەڭگەر؛
تۇتەگىي رەڭ — يېشىل رەڭ، سەۋزە رەڭ، زەڭگەر رەڭ.

**تۇترۇق** [تواروق] 1) تۇتۇرۇق، تۇتاندۇرۇق؛ 2) ئىشەنچ-سۇبات.

**تۇتقۇن** [توتقون] ئەسىر، بەند:

تەلەب قىلدى تۇتقۇننى مەجلىس ئارا،
كى سۇرگەي ئانىڭ بىرلە بىر ماجەرا.
— نەۋائى.

**تۇتماچ I** [تونماچ] ئۈنمەش، ئۈگرە ئاش.

**تۇتماچ II** [تونماچ] «تۇتماچ I» گە قاراڭ.

**تۇتماق** [توتماق] 1) ئۇشلىماق؛ 2) بەرمەك، تەقدىم قىلماق؛ تۇزاتماق؛ 3) قولغا چۈشۈرمەك، ئەسىر قىلماق، رام قىلماق؛ ئىگىلىمەك، بېسىۋالماق؛ قاپلىماق؛ 4) ھېسابلىماق؛ بىلمەك؛ پەرەز قىلماق؛ 5) قوللىماق؛ قوللانماق؛ 6) ساقلىماق، ئاسرىماق؛ 7) چىدىماق؛ 8) ئەمەل قىلماق؛ 9) كۆنمەك؛

ئاتىنى تۇتماق — نامىنى ئاغزىغا ئالماق، ئاتىماق، تىلغا ئالماق؛
ئارام تۇتماق — ئارام ئالماق، جىم تۇرماق؛
ئەۋج تۇتماق — كۆتۈرۈلمەك، يۇقىرىلىماق؛
خەبەر تۇتماق — خەۋەر تاپماق، بىرەرسى ھەققىدە دېرەك ئالماق؛
خۇش تۇتماق — شاد قىلماق، شادلىقتا ئۆتكۈزمەك؛
رەنج تۇتماق — كېسەل بولماق؛
قەدەمنى سابىت تۇتماق — ئەھدىدە مەھكەم تۇرماق؛
ئورنىنى تۇتماق — ئورۇن باسماق، بىراۋنىڭ ئورنىنى باسماق؛
ئورۇن تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق؛
ۋىساق تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق؛
ئېتەك تۇتماق — كۆچمە م: 1) بېرىلمەك؛ 2) ئۇستاز، پىر ۋە ئىشانغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىگە كىرمەك؛
ياد تۇتماق — ئېسىدە ساقلىماق؛
يول تۇتماق — 1) توسىماق؛
2) يولغا چۈشمەك، يوللانماق.

**تۇتۇق** [توتوق] 1) پەردە، توسۇق؛ 2) تۇتۇق.

**تۇتىيا I** [توتيا] (پ) مىسنىڭ دىتىدىن پەيدا بولىغان كىرىستال (قەدىمكى زاماندىكى كۆز ئاغرىقىنىڭ دورىسى):

نەزەردىن كەتتى ئاتىن ئوينىتىپ ئول چابۇكى چالاك،
ئىزىنىڭ تۇفراغىن كۆزۈمگە ئەيلەپ تۇتىيا كەتتى.
— ئەرشى.

**تۇتىيا II** [طوطيا] (پ) «توتىيا I» گە قاراڭ.

**تۇججار** [تجار] (ئە) [بىرلىكى: تاجىر] سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر:

مەتائۇ جەۋاھىر ئالىپ ئاقىلە،
كى تۇججارلاردەك قىلىپ ئامىلە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تۇخم** [تخم] (پ) 1) ئۇرۇق، تۇخۇم؛ 2) مەنبە، نىگىز:

ۋەھشەتىم چۇن قەبر دەھشەت گىردىدىن ھەر بارىبار،
باۋۇجۇدى تۇخمى تائەتدىن تىجارەت قىلمادىم.
— زەلىلى.

**تۇخمە** [تخمه] (پ) نەسىل، ئەۋلاد، ئۇرۇق.

**تۇخمىيانە** [تخمیانه] (پ) دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇرۇقى.

**تۇد** [تود] ئۇجمە دەرىخى ۋە مېۋىسى.

**تۇر** [طور] (ئە) تۇر تېغى (ئەرەبىستاندا).

**تۇراب** [تراب] (ئە) تۇپراق، يەر:

نەۋائىيا، كىبىلبان پىرى دەير ئاچسا ئىشىك،
كۆتەرمە باش ئاياغىدىن باشىڭ گەر ئولسا تۇراب.
— نەۋائى.

**ئەھلى تۇراب** — كۆچمە م: ئۆلگەن، ۋاپات بولغان كىشىلەر.

**تۇربە** [تربه] 1) تۇپراق، يەر؛ 2) كۆچمە م: قەبرە، مازار؛ 3) ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىنا، مەقبەرە.

**تۇربەت** [تربت] (ئە) «تۇربە» گە قاراڭ.

زەلىلى تۇربەتىدە مۇتربىا بىر دەم تەرەننۇم قىل،
تىرىكلىك نەشئەسىدە ھەمدەمى چاڭۇ رەباب ئېردى.
— زەلىلى.

**تۇررە** [طره] (ئە) كوكۇل، ئۆرۈلگەن چاچ، چاچنىڭ بۇدۇرى:

قەدى شەمشادى شوخى ئەنبەرىن پوشى پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇررە سۆزىنى يازارغە شانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

**تۇررەئى پۇرخەم** — بۇدۇر كوكۇل، چاچ؛
**تۇررەئى سۇنبۇل** — سۇمبۇل شاخلىرى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



سەھەركىم، گۈلشەن ئىچرە گۈل ئاچىلغاي،
گۈل ئۈزرە تۇررەئى سۇنبۇل ساچىلغاي.
— نەۋائى.

**تۇررەھات** [ترهات] (ئە) [بىرلىكى: تۇرھە] ئېتىقسىز سۆزلەر، بىھۇدە سۆزلەر.

**تۇرشرۇي** [تورش روى] (پ) سۆرۈن چىراي، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قاپىقى سىيلىنىغان.

**تۇرغۇ** [تورغو] ھۆكۈمنامە ۋە يارلىقتا ئوخشاش ھۆججەتلەرنىڭ ياخشى ۋە ئۇزاق ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا يېپىشتۇرۇلىدىغان داكا، بۆز.

**تۇرفە** [طرفه] (ئە) يېڭى؛ يېڭىلىق؛ قىزىق، ئەجەبلىنەرلىك، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ نادىر؛ كەم ئۇچرايدىغان:

قوزغالىپ ئەھلى جەھان تۇرلۇك تەماشا ئەيلەگىز،
ئوت ساچىپ ئاھىمدىن ئەيلەي تۇرفە ئاتەشبازلىق.
— ئەرشى.

**تۇرفەتۇل — ئەين** [طرفة العين] (ئە) كۆز ئېچىپ يۇمغىچە، دەقىقە، ئەڭ قىسقا مۇددەت:

تۇشتى ئول مەھۋەش يۇزىگە تاكۆز ئاچتىم ھەر كېچە،
ئىستەمەسمەن تۇرفەتۇل - ئەين كۆز ئاچماق ئۇيقۇدىن.
— نەۋائى.

**تۇرفەراق** [طورفەراق] ئاجايىپراق، قىزىقراق.

**تۇرناچى** [تورناچى] قاتارلىغۇچى، سەپ تۈزگۈچى (قوشۇننى).

**تۇرۇر** [تورور] «- دۇر، - تۇر» قوشۇمچىسىنى ئىپادىلەيدىغان (كېيىن بەلگىسى).

**تۇرۇق** [طرق] يوللار، مەسلەكلەر؛
ئەھلى تۇرۇق — دەرۋىشلەر.

**تۇرۇنج** [ترنج] (ئە + پ) لىمون (لىمون دەرىخى ۋە مېۋىسى).

**تۇرسىنا** [طورسينا] (ئە) «تۇر» غا قاراڭ.

**تۇزاق** [توزاق] 1) دام، تۇزاق، قاپقان، قىلتاق، 2) كۆچمە م: ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭ:

رەفىقسىز كېتەرگە ئېرۇر يول يىراق،
ماڭا بۇ پەرىۋەش بولۇپدۇر تۇزاق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تۇزلاق** [توزلاق] تۇز كانى.

**تۇزلۇق** [تۇزلوق] تۇز ئىدىشى، تۇز قاچىسى، تۇز قاپىقى.

**تۇش** [توش] تەرەپ، ئەتراپ، تامان؛ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل؛ تۇشمۇتۇشتىن؛ ھەر تەرەپتىن؛

تۇش ـ تۇشدىن ـ ھەر تەرەپتىن، تۇشمۇتۇشتىن؛
تۇشلۇق تۇشى ـ ھەر كىشى ئۆزىچە، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا.

**تۇغ** [توغ] بايراق:
غەمدە سارۇلغان تەنىم گەردىن كۆرۈپ شاشماس كۆزىن،
تۇغ كۆرۈپ ئانداغ كىيىكلەركىم تېڭىرقاپ قاراشۇر.
ـــ ئەرشى.

**تۇغدارى** [توغدارى] دۇغداق (بىر خىل قۇش).

**تۇغرا** [طغرا] (ئە) 1) گېرب، دۆلەت نىشانىسى، پادىشاھنىڭ يارلىق، پەرمان ۋە قارارلىرى يېزىلغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس بېزەكلىك بەلگە؛ 2) مەكتۇپلارنىڭ تۆپىسىگە يېزىلىدىغان مەخسۇس سۆز؛ 3) كىتابلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن سىزىقلىق رەسىم:
خەتى لەۋھى ھۆسنىنىڭ دەفتەرىدە مەتلەئى تۇغرا،
كەلامى «لائىلاھە» سەر «ئىللەللاھ» ئەيان دەرلەر.
ـــ زەلىلى.

تۇغرايى سەئادەت ـ بەخت، ئىقبال بەلگىسى؛
خۇجەستە تۇغرا ـ مۇبارەك (قۇتلۇق) بەلگە.

**تۇغماچ** [توغماچ] تۈركىي ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**تۇغماق** [توغماق] 1) تۇغۇلماق؛ 2) چىقماق، كۆرۈنمەك (قۇياش ۋە ئاي ھەققىدە)

**تۇغۇرماق** [توغورماق] تۇغماق:
جۇنۇن تۇغيانىدىن دىۋانەمەن زەنجىرى يەتكۈزگەي،
مۇرۇۋۋەتتىن چۇ زۇلفى پۇرشىكەن ئەلبەتتە ـ ئەلبەتتە.
ـــ زەلىلى.

**تۇغيان** [طغيان] (ئە) تېشىش، ھاياجانلىنىش، ھەددىدىن ئېشىش، قۇلاق سالماسلىق؛ بويۇن تولغاش؛ قوزغىلىش، ئىسيان كۆتۈرۈش.

**تۇفان** [طوفان] (ئە) 1) كۈچلۈك سۇ تاشقىنى، توپان؛ 2) كۆچمە م: زور غوۋغا، توپىلاڭ؛
بەلا تۇفانى ـ زور ۋە دەھشەتلىك ئاپەت:
قىلدى مەگەر ئول نۇھ سىفەت دەئۋىتى پۇرشور،
تۇفانى بەلا ئىچرە بەناگەھ ئاقا قالدىم.
ـــ ئەرشى.

**تۇفەيل** [طفيل] (ئە) 1) سەۋەب، باھانە، ۋاسىتە؛ 2) چاقىرىلمىغان مېھمان.

**تۇفراغ** [تفراغ] تۇپراق، يەر؛ چاڭ، غۇبار؛
مۇسىبەتلەر يېتىپ ئاخىر ئاتادىن،
قايۇ فەرزەند ساچماي باشقە تۇفراغ.
ـــ ئەرشى.

www.uyghurkitap.com

تۇفراغ ئەجزاسى ــ تۇپراق زەررىلىرى.

**تۇفراق** [تفراق] «تۇفراغ» قا قاراڭ.

**تۇفۇلىيىيەت** [طفوليت] (ئە) ياشلىق؛ ياشلىق پەيتى، باللىق:

يادىمە مۇنداق كېلۇر بۇ ماجەرا،
كىم، تۇفۇلىيىيەت چاغى مەكتەب ئارا.
— نەۋائى.

**تۇل I** [طول] (ئە) 1) ئۇزۇن، ئۇزۇنلۇق؛ بوي، 2) ئۇزۇن مۇددەت؛
تۇل بەرمەك ــ سوزماق، ئۇزارتماق؛
تۇل تاپماق ــ سوزۇلماق، ئۇزارماق؛
تۇلى ئەمەل ــ بىھۇدە خىيال، بىھۇدە ئۈمىد؛ كۆچمەم: دۇنياغا ھېرىس بولۇش؛
تۇلى دەۋران ــ ئۇزاق دەۋر سۈرۈش؛
تۇلى ھەيات ــ ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇزاق ياشاش.

**تۇل II** [تول] تۇل (تۇل ئايال)

**تۇلانىي** [طولانى] (ئە + پ) ئۇزۇنىسىغا؛ ئۇزۇن تەرەپ، ئۇزۇنچاق.

**تۇلۇئ** [طلوع] (ئە) چىقىش، كۆرۈنۈش (قۇياش، ئاي):

بىلە ئالمان بۇ تۇلۇئ تالىئىمدۇر قايسى كەۋكەبدىن،
جەھان ئىچرە ماڭا ھەرگىز رەفىقۇ ئاشنا يوقتۇر.
— ئەرشى.

تۇلۇئ ئەتمەك ــ قۇياش ياكى ئاينىڭ چىقىشى، كۆرۈنۈشى.

**تۇمار** [طومار] (ئە) 1) ئۇچ بۇرجەك قىلىپ پۈكلەنگەن نامە، خەت؛ مەكتۇب؛ 2) دۇئا يېزىلغان قەغەز:

ئىككى جادۇ كۆزلەرىگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم ساچلارى بوينىدا! تۇمار ئەيلەگەچ.
— نەۋبەتى.

ھەيجا تۇمارى ــ «ھەيجا» غا قاراڭ.

**تۇماغە I** [تومغه] يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان قېيىش تۇماق.

**تۇماغە II** [طوماغه] «تۇماغە I» گە قاراڭ.

**تۇمتەراق** [طمطراق] (پ) 1) تەنتەنە، دەبدەبە؛ شاۋقۇن - سۈرەت؛ 2) چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگۈچى:

سوزى دىل تەقرىر ئېتەر چاغ ئاغزىدىن ئوتلار ساچىپ،
تۇمتەراقى سىينە بىرلە نۇكتەرانىمدۇر چىلىم.
— ئەرشى.

**تۇنۇشماق** [تورشماق] دومسايماق؛ شۇمشەيمەك، بىر چەتتە ئۆكسىگەن قىياپەتتە

ئولتۇرماق.

**تۆنبان** [تنبان] (پ) ئىشتان، شىم.

**تۆند** [تند] (پ) 1› تېز، شىددەتلىك، قـاتـتىـق؛ 2› ئاچـچىق؛ غەزەپ؛ غەزەپلىك؛ 3› ئاساۋ، بوي بەرمەيدىغان؛ شوخ؛

تۆند بادى ــ «تۆند سەرسەر» گە قاراڭ.

چەمەن سارىغە ناگەھ تۆند بادى يەتسە قەھرىگىدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر، نە قالغاي سۈنبۈلى رەئنا.
ــ زەلىلى.

تۆند سەرسەر ــ قاتتىق بوران، سوغۇق شامال، شىۋىرغان؛
تۆند سەمەند ــ چاپقۇر، تۇسۇن ئات؛
تۆند سەيل ــ كۈچلۈك سەل، قاتتىق سەل (قىيان)؛
تۆند گىرداب ــ شىددەتلىك قايىنام، كۈچلۈك قايىنام؛ ئىلاجىسىزلىق؛
تۆند مەي ــ كۈچلۈك مەي، ئۆتكۈر مەي؛
تۆند مىزاجلىق ــ باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماقلىق، قەيسەرلىك؛ ئىتتىكلىك؛
تۆند ئولماق ــ غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق، قىزىشماق؛
تۆندۇ تىز ــ تېز سۈرئەت بىلەن.

**تۆند باد** [تند باد] (پ) بوران، كۈچلۈك شامال؛ تۇيەلاڭ:

بەھردىن زەۋرەقنى تارتارلار تۇتۇپ ساھىل سارى،
كىم ئانى غەرق ئەتكەلى يەتكۈرمىش ئولغاي تۆند باد.
ــ نەۋائى.

**تۆندخو** [تندخو] (پ) 1› بىر سۆزلۈك، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرغۇچى، جاھىل؛ 2› نازۇك تەبىئەت:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۆندخو سەخت بىھەمتا ساۋۇق.
ــ ئەرشى.

**تۆندلىغ** [تندلیغ] تېزلىك، ئىتتىكلىك؛ قوپاللىق، توڭلۇق، سوغۇق مۇئامىلىلىك.

**تۆنقال** [تونقال] «تەنقال» غا قاراڭ.

**تۆھفە** [تحفه] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇھەف] تۆھپە، سوۋغا، تارتۇق:

ئەجايىب تۆھفە بۇ مېھمانغە چۈنكىم شەھ چىكىپ ئىشراق،
يوق ئېرمىش جۇز مەتائى فەقر بەھرى ئەرمۇغان ئاندا.
ــ ئەرشى.

تۆھفە چەكمەك ــ سوۋغا (تارتۇق) قىلماق؛ تارتۇق تەقدىم قىلماق؛

**تۆۋاغ** [تواغ] تۇۋاق:

يۈزۈمدۈرۈر ئەشەبىڭ تۆۋاغى،

www.uyghurkitap.com



باشىمدۇرۇر مەركەبىلىك ئاياغى.

— نەۋائى.

تۆۋۈراۇغ [تووراوغ] ئاقىتۆينىڭ تۆگلۈكىگە يىپپىلىدىغان كىگىز.

تۆئمە [طعمه] (ئە) ئوزۇق، تائام، بىر ۋاقىلىق يىمەكلىك؛ يەم:

ئىتى ئىچكەن يالاقىدىن ماڭا ھەم تۆئمە يەتكەي دەپ،
تىلەپ كەۋسەر شەرابى زۆھد ئىلى يەڭلىغ خۇماردىم بار.

— گۇمنام.

تۆيناغ [تويناغ] «تۆياق» مەنىسىدە («تۆۋاغ» قا قاراڭ):

ئاتىڭدىن تۆش، ئاتىم تۆيناغىنى ئۆپ،
ئۆزۆڭنى بىل، فۇزۇللۇق قىلماغىل كۆپ.

— لۇتفى.

تۆيناق [تويناق] «تۆيناغ» قا قاراڭ.

تۆيۇر [طيور] (ئە) [بىرلىكى: تەير] قۇشلار:

زەمىنىنىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ تۆيۇر تاپتى ئاندىن نەۋال.

— غەرىبى.

تۆيوغ [تويوغ] «تەجنىس» كە قاراڭ.

تۆيۇق [تويوق] «تۆيوغ» قا قاراڭ.

تۆپە I [توبه] تۆپە، ئىگىز يەر:

قوپۇپ، ئەي فەلانى، يىشىپ ئال مۇنى،
تۆپەمىزدە مۇنداغ كىبلۇر بىر ئۈنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۆپە II [توبه] «توپە I» گە قاراڭ.

تۆر [تور] تۆپە، يۇقىرى، يۇقىرى ئورۇن، تۆر (ئۆينىڭ تۆرى):

مەگەركى مەسجىد ئىكەندۇركى، بولدى بۇتخانە،
يۈزۆڭكى، ئىككى قاشىڭدىن تۆرىدەدۇر مىھراب.

— نەۋائى.

تۆرە [توره] 1) قائىدە، قانۇن، ئىنتىزام؛ ئادەت؛ 2) ئادەم بويى بارا-ۋىرىدە ياسالغان قالقان؛ 3) خانزادە، پادىشاھزادە، خان ئەۋلادىغا مەنسۇپ كىشى:

تۆرە بارچە قۇللاب ئىلە بەندۇ بەست،
كەمىن ئەيلەبان كەيىندە ئەھلى شەست.

— نەۋائى.

تۆرە ئايىنى — تۆرە ئادىتى، تۆرە بەلگىلىگەن قائىدە.
غەم غىزاسى ئاراسىدە قانى تۆركانە ئاياغ،

تۆرە ئايىنى بىلە تامسا توقۇر، ئاقسا ئوتۇز.
— نەۋائى.

**تۆرتەر** [تورتار] تۆتتىن؛
**تۆرتەر ممك** — تۆت مىلك تالدىن.

**تۆرت زىدد** [تورت ضد] تۆت قارمۇ-قارشى ماددا (ئوت، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراق):
سۇنئىدىن كۆرگىلكى مۇنداق تۆرت زىد،
بولۇپ ئىنسان خىلقەتىدە مۇتتەھىد.
— نەۋائى.

**تۆرت ئۇنسۇر** [تورت عنصر] «تۆرت زىدد» گە قاراڭ:
تۆرت ئۇنسۇر، يەتتى كۆك ئالتى جىھات،
نادىرۇ ئالىي ئەساسى كائىنات.
— نەۋائى.

**تۆرمە** [تورما] ئىنچىكە يۇڭدىن توقۇلغان تون؛
**تۆرمە تون** — يۇڭدىن تىكىلگەن تون، چاپان.

**تۆرمەك** [تورماك] يىغماق، ئورىماق؛ ياپماق.

**تۆزمەك** [توزماك] چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك، تاقەت قىلماق:
كۆڭۈلگە شەمئى جەمالىڭ سالىبدۇرۇر بىر ئوت،
كى تۆزمەگەي ئاڭا پەرۋانە بەل سەمەندەر ھەم.
— نەۋائى.

**تۆشە** [توشه] ئوزۇق-تۈلۈك؛ يول (سەپەر) ئوزۇقى:
مۇسافىرانى خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدەم يولىدا نە تۆشە، نە بىر ئۇلاغىم بار.
— زەلىلى.

**تۆشەك** [توشك] 1) ياستۇق، تەكيە؛ 2) ئورۇن-كۆرپە:
بۇ بەخمەل تۆشەكدە ياتىپدۇر بىر ئىت،
تۇرار خىزمەتىدە بەش-ئالتە يىگىت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تۆكە** [توكا] قەبرە، گۆر؛
**تۆكە تاشى** — قەبرە تېشى (ئۆلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ نام-ئەمەلىنى يېزىپ قەبرە ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاش).

**تۆكۈز** [توكوز] تەلتۆكۈس؛ تولا:
كى تەييار بولدى كىيمە يەتتە يۈز،
بەش-ئون كۈن ئىچىدە بارىسى تۆكۈز.
— ئا. نىزارى.

**تۆڭۈلمەك** [تونكولماك] قايتماق، بەزمەك، تەزمەك، ئۈمىد ئۈزمەك؛ تۆڭۈلمەك، سوۋۇماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تۇبەن** [توبن] تۆۋەن، پەست، تەگ:

سالىپ ئەلچى لەھزە باشىنى تۇبەن،

دېدىكىم نە تەدبىر دەيىن سىزگە مەن.

— ئا. بىزارى، ن. زىيائى.

**تۈرك** [ترك] 1) تۈرك، تۈركىي خەلق؛ 2) كۆچمە م: شوخ، گۈزەل.

كىم كۆرسە ئانىڭ يۈزىنى ئايتۇر:

نە تۈرفە ئېرۇر بۇ تۈرك بالاسى.

— سەككاكى.

تۈركى ئەنجۇم — قۇياش؛

تۈركى خوتەن — «تۈركى خىتا» غا قاراڭ؛

تۈركى خىتا — كۆچمە م: 1) گۈزەل؛ 2) قۇياش؛

تۈركچە خەت — «تەئلىق»؛

تۈركى چىن — «تۈركى خىتا» غا قاراڭ؛

تۈركى فەلەك — كۆچمە م: مارس پلانېتاسى؛

تۈركى ھىجاز — مۇزىكىدىكى بىر كۈي نامى.

**تۈركانە** [تركانه] تۈركلەرچە، تۈركلەرگە خاس، تۈركلەرنىڭكىدەك، تۈركىي، ساددا؛

تۈركانە ئاياغ — تۈركلەر ئادىتىچە ئىچىلىدىغان مەي، تۈركلەرچە مەي ئىچىش؛

تۈركانە ساز — تۈركچە ساز (چالغۇ)، تۈركچە كۈيلەش.

**تۈركتاز** [تركتاز] (پ) ئات سېلىپ، تۇساتتىن باستۇرۇپ كېلىش، تالان قىلىش ۋە تالان قىلغۇچى:

ئات ئاياغىدا قالۇر فەرھاد-مەجنۇن خۇبلاشىپ،

ئىشق مەيدانىدا قىلساڭ نەچچە تۈركتازلىق.

— ئەرشى.

تۈركتاز ئەيلەمەك — 1) تالان قىلماق، تالىماق؛ 2) كۆچمە م: ھۇجۇم قىلماق:

نازەنىن چۈن كەلدى ئەيلەپ تۈركتاز،

ئەيلەبان ئول خەستەغە زاھىر نىياز.

— نەۋائى.

**تۈركىگۈي** [تركى كوى] (شېئىر ۋە قوشاقلارنى) تۈرك تىلىدا يازغۇچى، تۈرك تىلىدا سۆزلىگۈچى.

**تۆرمەك** [تورماك] «تۆرمەك» كە قاراڭ.

**تۈز** [توز] 1) توغرا، تۈز، كېلىشكەن؛ 2) تەكشى يەر، دالا؛

تۈز بولماق — توغرا بولماق؛

تۈزلەنمەك ــ مۇۋاپىقلاشماق، كېلىشمەك.

**تۈزرەك** [تۈزراك] 1) توغرىراق، راستراق؛ 2) تەكشىرەك، تۈزراق.

**تۈزلۈك** [تۈزلۈك] توغرىلىق، ھالاللىق.

**تۈزمەك** [تۈزماك] 1) تۈزمەك، تۈزەتمەك، توغرىلىماق؛ بىنا قىلماق، ياراتماق؛

يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەسبابىن تۈزەر، كۆركىم، بۇ دەھر،
خاتىرىم خۇررەملىغىن ھەر لەھزەكىم ياد ئەيلەمىش.
ــ ئەرشى.

2) كېلىشتۈرمەك؛ 3) سازلىماق؛ تەرتىپكە سالماق؛ تەييارلىماق؛
ئەنجۇمەن تۈزمەك ــ مەجلىس قۇرماق؛
مەئاش تۈزمەك ــ تىرىكچىلىك قىلماق، ھايات كەچۈرمەك.

**تۈزۈك** [تۈزۈك] تۈز، تۈپتۈز:

چۇ مەسئۇدلى غەم خەيلى ئەتتى زەبۇن،
تۈزۈك قەددى كۆكدىن بولۇپ سەرنىگۇن.
ن. زىيائى.

**تۈزۈكلۈك** [تۈزۈك لۈك] ياخشىلىق، توغرىلىق، دۇرۇسلۇق.

**تۈشلەنمەك** [تۈشلانماك] ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلمەك، دۇچ كەلمەك.

**تۈشمەك** [تۈشماك] يۈز بەرمەك، كەلمەك:

ئاچچىغ تۈشمەك ــ ئاچچىق بولماق؛
ئەگرى تۈشمەك ــ ناتوغرا ئورۇنلاشماق؛
پەسەندە تۈشمەك ــ ماقۇل بولماق؛
شىگۇفت تۈشمەك ــ ھەيران بولماق؛
مەست تۈشمەك ــ مەست بولماق؛

**تۈگەن** [تۈكان] داغ؛ ئىز، بەلگە؛ جاراھەتنىڭ دېغى؛
تۈگەن قۇيدۇرماق ــ داغلىماق، تۆمۈرنى قىزدىتىپ، تامغا قىلىپ باسماق؛
تۈگەن ئۆرتەمەك ــ «تۈگەن قويدۇرماق»قا قاراڭ.

**تۈگەنمەك** [تۈكانماك] تاماملانماق، تۈگىمەك، پۈتمەك، ئاخىرىغا يەتمەك؛

تىلەپ ئول گۇلنى ياشىم ئاققۇزۇپ مەن،
تۈگەندىم رەشك دەردىدىن سىزىپ مەن.
ــ خىرقەتى.

**تۈگۈشمەك** [تۈكۈشماك] باغلاشماق، تۈگۈن قىلىشماق؛
سۆز رىشتەسىن تۈگۈشمەك ــ سۆزنى بىر يەرگە قويماق، بىر قارارغا كېلىشمەك، گەپ بىرىكتۈرۈشمەك.

**تۈگۈن** [تۈكۈن] تۈگۈن، ھالقا:

سۇنۇق كۆڭلۈم ئۇزارىڭ شەۋقىدىن تاپمىش تۈگۈنلۈككىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىلال ئانداغكى ئولمىش مىھرىدىن ئۇن تۆرت كۆنلۈك ...
— ئەرشى.

تۆگۈنگىنە [توگون كنه] تۆگۈنچە، كىچىككىنە تۆگۈن.

تۆمەن [تمان] 1) ئۇن مىلك؛ 2) يىبزا، رايون؛
يۈز تۆمەن ۋاي — مىلك ئەفسۇس.

تۈن [تون] كىچە؛
مۇسىبەتلەركى سالدى كۆڭلۈمە ھىجران تۈنى گەردۈن،
يۈزى بىھەد يارالىغ بۇ كۆڭۈلدىن ھەم خەراش ئولسۇن.
— ئەرشى.

تۈن ئاقشام — كەچقۇرۇن؛
تۈن پەردەسى — تۈن قاراڭغۇلۇقى؛
تۈن مۇشكى — «تۈن پەردەسى»گە قاراڭ.

تۈنقاتار [تونقاتار] پادىشاھ تۇرغان جاينىڭ تۈن قاراۋۇلى، كىچىلىك قاراۋۇل.

تۈنەك [تونىك] تىنىماق، تىنچلانماق، تىنجىماق، توختىماق.

تېپۈك [تيپوك] 1) تېپىش، تېپمەك؛ تەپكۈ؛ 2) قىزدل، تەپ (بىر خىل ياللار كېسەللىكى)؛
تاپىپ تەسكىن جەفاكارلار ھۇجۇمى،
تېپۈكدىن تىنسا كۆڭلۈم مەرزۇ بۇمى.
— نەۋائى.

تېپىنگۈ [تيپينكو] ئۈزەڭگە؛
شەھسەۋارىمنىڭ ئاياغىن ئۆپكەلى رازى دۇرۇر،
ئاي بىلە كۈن ھەر بىرىسى بىر تېپىنگۈ ئورنىدا.
— نەۋائى.

تېشە [تيشه] (پ) ھېتىن؛
تاغ ئۆزرە چىقىپ ئىردى تاماشا بىلە شىرىن،
كۆرگۈزدى نەۋا نالەسىدىن تېشەئى فەرھاد.
— زەلىلى.

تېشەۋەر [تيشەور] (پ) 1) ياغاچچى؛ 2) كۆچمە م: تاش كەسكۈچى؛
كېزەر ئىردى باقىپ ھەر يىمىشەۋەرنى،
كى كۆردى نەچچە چابۇك تېشەۋەرنى.
— نەۋائى.

تېك [تيك] 1) جىم؛ 2) پەقەت؛ يالغۇز، بىرلا، تاق (جۈپنىڭ قارشىسى)؛

تېك تۇرماق ــ جىم تۇرماق.

**تېكەن** [تيكن] ...، گىچە، قەدەر:

مېنىڭ بۇ خەستە جانىمغە سېنىڭ دەردىڭ ئېرۇر مەرھەم،
قىيامەتكە تېكەن ھەرگىز بۇ دەردىمغە داۋا قىلماس.
ــ سەككاكى.

**تېگەن** [تيكن] «تېكەن»گە قاراڭ.

**تېگىز** [تينكز] دېڭىز:

ئۆزىنى تېگىزغە ئۇرۇپ ئاقىبەت،
ئۆزىن سۇ يۈزىدە سۇرۇپ ئاقىبەت.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**تېگىشتۇرمەك** [تينكيشتورماك] «تەگىشتۇرمەك» كە قاراڭ:

چۇن ئانىڭ بىرلە تېگىشتۇردى ئۆزىن،
نالە قىلدى ئەشكبار ئەيلەپ كۆزىن.
ــ نەۋائى.

**تىب** [طب] (ئە) 1) تىبابەت، مېدىتسىنا، داۋالاش:

ھەزرەتى ئۇھەدەك ئۆمر كۆرسە بىراۋ ئول ھەم نېدۇر،
تىب ئارا خەلقى جەھاننىڭ بولسەلەر لوقمانى ھېچ.
ــ موللا بىلال.

2) يېقىملىق پۇراق؛ پاكىزلىك، پاكلىق؛
تىب ئىلمى ــ تىبابەت ئىلمى.

**تىترەتمەك** [تيتراتماك] تىترەك، بەزگەك كېسىلى.

**تىترەگۆچ** [تيتراكوچ] كېلىنلەرنىڭ بېشىغا سانجىپ قويۇلىدىغان بىزەك، جىغا:

ئول بۇتى چابۇكسەۋار ئولغاچ سەمەندىن سەكرەتۇر،
تىترەگۆچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.
ــ ئەرشى.

**تىر** [تير] (پ) 1) ئوق، كامان ئوقى، يا ئوقى؛
2) ئاتارۇد (مېركۇرىي) پىلانېتىسى؛
3) ئۇزۇن، تىك ياغاچ، ماچتا (كېمە ۋە باشقىلارنىڭ).

**تىراز** [طراز] (ئە) 1) بىزىگۆچى؛ ياراتقۇچى؛ 2) يېپەك جىيەك؛ 3) زىننەت، بىزەك، نەقىش؛ 4) ئۇسلۇب، رەۋىش، تەرز؛
شەمئى تىراز ــ شامدەك، شامغا ئوخشاش، شامسىمان:

گۈلمۇ ھەم سەن، غۇنچەۋۇ ھەم سەرۋى ناز،
بەزمى ئۇششاق ئىچرە ھەم شەمئى تىراز.
ــ گۇمنام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىرەندازلىغ [تىرندازلىغ] مەرگەنلىك.

تىردان [تىردان] (پ) ئوقدان.

تىش [تىش] چىش:

ئارەزى شەمس يا قەمەر، تىشلارى دۇرر يا گۆھەر،
خىفچەئى گۇلمۇدۇر بۇ يا كۆرسەم ئانىڭكى قامەتى.
— ئەرشى.

تىش بىركىتمەك — جەزم قىلماق؛ ئەستايىدىل كىرىشمەك، نىيەت قىلماق؛

تىش قىرچىللەتماق — 1) چىش غىچىرلاتماق؛ 2) كۆچمە م: غەزەپلەنمەك؛

تىشنى بەغرىگە بىرك قىلماق — چىشىنى چىشىغا قويماق؛

تىش ئۇرماق — چىشلىمەك؛

تىش ئىرجەيتماق — ھىجىيىپ كۇلمەك.

تىفل [طفل] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەتفال] 1) بالا، گۆدەك؛ 2) ياش، بويىغا يەتكەن؛

جەفا تىغىنى دەۋران تىفل، ئەي ئەھباب، بىلمەيكىم،
نە تەنھا شىرى نەرگە ئۇردى فىل ئۆزىگە ھەم چەكتى.
— ئەرشى.

تىفلۋەش [طفلوش] بالا تەبىئەت، نازۇك، نازىنىن، گۆزەل.

تىلا [تلا] (ئە) پارلاقلىق.

تىلاۋەت [تلاوت] (ئە) ئوقۇش، ئاۋاز چىقىرىپ قىرائەت قىلىش.

تىلىسم [طلسم] (ئە) تىلىسم، جادۇ.

تىلىسمات [طلسمات] (ئە) تىلىسماتلار، جادۇلار:

ئىرۇر بۇ شەھەرنىڭ ئىچى تىلىسمات،
كىشى كىرسە ھەرگىز تاپالماس نىجات.
— ئا. نىزارى. ن. زدىيائى.

تىلمىز [تلميذ] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلامىز] 1) شاگىرت، ئوقۇغۇچى؛ 2) تەۋە، ئەگەشكۇچى.

تىلۈك [تىلوك] 1) كىسىك، تىلىنغان؛ 2) يىرتىق.

تىم I [تىم] (پ) ئۈستى يېپىلغان بازار، رەستە؛ كارۋان ساراي.

تىم II [تىم] تامچە، قەترە.

تىمار [تىمار] غەم، قايغۇ، غۇسسە.

تىمتەراق [تمتراق] دەبدەبە؛ زەرەر:

چۇ بۆرىدىن قويغە يەتسە تىمتەراق،
ئول شۇباندىن ئاڭدا بىر ئىت ياخشىراق.
— نەۋائى.

**تىمچە** [تيمچه] (پ) تامچە.

**تىمسال** [تمثال] (ئە) [كۆپلۈكى: تەماسىل] 1 › سۈرەت، رەسىم؛ 2 › مىسال؛ ئوخشاش؛ 3 › تەسۋىر؛ يولىيورۇق، پەرمان.

**تىمساھ** [تمساح] تىمساھ (يۇلتۇز نامى).

**تىن** [تين] ھالاۋەت؛
تىن تاپماق ــ تىنچىماق، تىنماق

**تىھى** [تهى] (پ) خالى، بوش؛ بەھىرىسىز؛

**تىۋە** [تيوه] تۆگە؛
سەلاتىن رۇسۇمى بىلە شىيۋەنى،
تۈزۈپ راست قىلدى نەچە تىۋەنى.
ــ ئا. نىزارى.

**تىي** [تى] توختىماق، بەس قىلماق؛
تىيەرمەن ئاھۇ ئەشكىمنى ئۇلۇس بىدادىدىن يۇقسە،
ئالۇر دادىم ئالاردىن ئۇشبۇ سەرسەر بىرلە تۇفانىم.
ــ نەۋائى.

**تىيب** [طيب] (ئە) «تىب»قا قاراڭ.

**تىيبەت** [طيبت] (ئە) ياخشىلىق، خۇش تەبىئەتلىك؛ خۇش ھىدلىق.

**تىير** [تير] (پ) «تىر»غا قاراڭ؛
قولۇمغە ئالىپ مەن چۇ تىيرۇ كەمان،
بۇلار بىرلە بولدۇم پىيادە رەۋان.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تىيرى بەلا ــ بالا ئوقى؛
شەھادەتگاھى كۆڭلۈم ئۆزرە يۈز تىيرى بەلا تەگدى،
سىپاھى غەم نە بىلگەيلەركى فەتھى جامە بىلمەيدۇر.
ــ زەلىلى.

**تىيرە** [تيره] (پ) 1 › قاراڭغۇ؛ قارا؛ 2 › غەم ــ غۇسسىلىك؛ قايغۇلۇق؛ 3 › خىرە، نۇرسىز؛
جەھانغا شەمئى تولسا، چىقسىمۇ كۈن تىيرەلىك كەتمەس،
بۇ رەڭ ئالەمغە، ئەي گۇمنام، جانان نۇرى تۇتاشىپتۇر.
ــ گۇمنام.

تىيرە ئەختەر ــ بەختسىز، تەلەيسىز؛
تىيرە ئەنجۇم ــ خىرە يۇلتۇزلۇق؛
تىيرە ئەۋقاتلىغ ــ غەم ــ غۇسسىلىك، قايغۇلۇق، بەختسىزلىك؛
تىيرە بولماق ــ قارايماق؛
تىيرە تۇتماق ــ قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرماق؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

تىيرە تۇفراق ـ قارا يەر؛
تىيرە جەبىن ـ خىرە يۈزلۈك؛
تىيرە چاھ ـ قاراڭغۇ زىندان؛
تىيرە خاك ـ قارا تۇپراق؛
تىيرە دۇد ـ قارا تۈتۈن؛
تىيرە راي ـ يامان نىيەتلىك، قارا پىكىرلىك؛
تىيرە رو ـ قارا يۈزلۈك؛
تىيرە روز ـ قايغۇلۇق؛
تىيرە روزگار ـ بەختى قارا؛ بەدبەخ؛

نېگە يادىدا، ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيرە،
زىبەسكىم دەھر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.
ـ ئەرشى.

تىيرە روي ـ نادان كالتە پەم؛
تىيرە زات ـ جاھالەتتە، قاراڭغۇلۇقتا قالغان كىشى؛
تىيرە شام ـ قاراڭغۇ كېچە؛
تىيرە گەرد ـ قويۇق چاڭ، توزان؛ قاراڭغۇلۇق؛
تىيرە مىزاج ـ قاراڭغۇلۇقنى خالىغۇچى؛
تىيرە نىھاد ـ غەملىك، يامان تەبىئەتلىك؛ كۆڭلى قاراڭغۇ؛
تىيرە ھال ـ يامان ئەھۋال.

تىيرەلىك [تیرگی] چوڭقۇر، تىرەن.

تىيردان [تیردان] (پ) «تىردان»غا قاراڭ.

تىيرى باران [تیرباران] (پ) ئوق يامغۇرى؛ ئوق ياغدۇرۇش:

تىيرى بارانى مەلامەتكە ھەدەف بولدى باشىم،
باشىنى باشقۇرماق بەسى مۈشكۈلكى بۇ باران بىلە.
ـ ئا. نىزارى.

تىيرى دەۋران [تیردوران] قاراڭغۇ زامان:

تەزەللۇم تىيرى دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ ـ ئەفغاندىن،
تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن كى باقماڭ ئىنتىزارىمغە.
ـ ئا. نىزارى.

تىيز پەي [تیزپی] (پ) يۈگۈرمەك، ئىلدام؛ چاپقۇر.

تىيزتەك [تیزتک] (پ) چاپقۇر، ئىلدام.

تىيز تۇند [تیزتند] (پ) تېز سۈرئەت، تېز سۈرئەت بىلەن، ئاھايىتى چاپسان، چاپسانلا:

گاھى بولغاي تىيزۇ تۇند رەھمانغە قۇل،
گاھى بولغاي تىيزۇ تۇند شەيتانغە قۇل.
ـ خەراباتى.

**تىيزرەۋ** [تيزرو] (پ) يۈگۈرۈك، چاپقۇر.

**تىيزكۆش** [تيز كوش] (پ) تېز ھەرىكەت قىلىدىغان، چاققان.

**تىيز گەرد** [تيز كرد] (پ) تېز يۈرگۈچى، چاپقۇر:

تا نىچە مەنىڭ يىل سىپىھرى تىيز گەردە
جەھدۇ جىد بىرلە بولۇپ گېتى نەۋەرد.
— نەۋائى.

**تىيز ھۇش** [تيزهوش] (پ) ھوشيار، پەملىك.

**تىيغ** [تيغ] (پ) 1) قىلىچ، خەنجەر، پىچاق؛ 2) چوققا؛ 3) نەشتەر:

بۇجان باشىغە، ئەي زالىم، دەمى تىيغىڭ تەمەننادۇر،
زىبەس جان باشىغە مىئراج تىغىڭغە فىدا بولماق.
— ئەرشى.

**تىيغى كىن** — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قىلىچى، نەپرەت خەنجىرى:

قاراقچىغا تەييار ئىتىپ تىيغى كىن،
كى تۇججار يولىدا تۇتارلار كەمىن.
— غەرىبى.

**تىين** [طين] (ئە) لاي.

**تىينەت** [طينت] (ئە) خاراكتېر، خۇلق، تەبىئەت، پېئىل، يارىتىلىش:

ئىشتىلدى ئانداغ ئۇلۇغ تىينەتىڭ،
داغى مەئلۇم ئۆلدى يەنە سىيرەتىڭ.
— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

**ئارىغ تىينەتلىغ** — پاكىزە تەبىئەتلىك.

www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى تۈرك پۈتۈكى — «مايترى سىمىت»

ق. ماھمۇدوۋ، ق. سادىقوۋ
(سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۆزبېكىستان فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتلىرى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن بىرى «مايترى سىمىت» نەشر قىلىندى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت»، 1، 1988 - يىل). ئەسەرنى ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيوم خوجا، دولقۇن قەمبىرىلەر نەشرگە تەييارلىغان. فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى ئاسىم باقىيوۋ ئۇشبۇ كىتابنى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈپ، بىزگە (كىتاب بىلەن) تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

× ×

«مايترى سىمىت» بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى تۈركىي يازما يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى تۈركىي بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرى دېيىش مۇمكىن (قەدىمكى تۈركلەردە بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بۇنىڭدىن باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بولغانلىقى تەبىئىي). ئەسەر 27 بۆلۈم (پەردە)دىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر قايسىسىدا دەسلەپ ۋەقە ئورنى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەھرىمانلار سۆھبىتى دىئالوگ شەكلىدە بايان قىلىنىدۇ. كەلگۈسى بۇرخان (بۇت) مايترىنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بۇددىزم ئېتىقادلىرى تەرغىپ قىلىنىدۇ، ياشلارغا ئۈگۈت بېرىلىدۇ. ئەسەردە يەنە قەدىمكى تۈرك بۇددىستلىرىنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى، دۇنيا قاراشلىرى ئەكس ئېتىلگەن. «مايترى سىمىت» بەدىئىي ئەسەر بولۇشى بىلەن بىرگە قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەم ئاجايىپ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مايترى سىمىت» ئەسلىدە ئەنەتكەك (سانسكرت) تىلىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلى (ئىرانىي تىللىرىدىن بىرى)گە، ئۇنىڭدىن كېيىن پرتانار اكشىتى ئىسىملىك كىشى قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ھەقتە ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ھەم مەلۇمات بېرىلگەن. لېكىن قايسى دەۋردە تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

ئەسەردە ئۇنىڭ نامى «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنى قىسقىچە «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ بۇرخان (بۇددا) بىلەن ئۇچرىشىشى) دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ھازىرغىچە ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن يەتتە خىل نۇسخىسى مەلۇم بولۇپ، نېمىس ئالىمى ئا. ف. گابائىن 1957—1961 - يىللىرى بۇ ئە-

سەرنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ فوتوسىنى نەشىر قىلدۇرغان. ئەسەر ھەققىدە چەت ئەللەردە بىرقانچە ئىلمىي ماقالىلەر ھەم ئېلان قىلىنغان.

«مايترى سىمىت»نىڭ بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخىلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى 1959-يىلى قۇمۇل ئەتراپىدىن تېپىلدى. ئۇنى يەھيا رېھىم ئىسىملىك چارۋىچى مال بېقىپ يۈرگەن چېغىدا تېپىۋالغان. كىتاب كىگىزگە يۆگەلگەن ھالدا قىيا تاشلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىكەن. كىگىز بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بىرقانچە ۋاراقلىرى چىرىپ، تىتىلىپ كەتكەن. ھازىر بۇ نۇسخا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئەسەر 293 ۋاراق (586 بەت) بولۇپ، قەغىزى قارامتۇل سېرىق رەڭدە، ئۆلچىمى 47.5×21.7 سم. ھەرقايسى بەتتە 30—31 قۇرغىچە تېكىست ئوڭدىن سولغا قارىتىپ كۆچۈرۈلگەن. قول يازمىدا ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن يىلى يېزىلمىغان. خەت رەتلىك كورسىۋ*) شەكلىدە بولۇپ، بۇ نۇسخىنى تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى خېتىنىڭ ئاجايىپ ۋە نادىر يادىكارلىقى دېسە بولىدۇ.

ئەسەر تىلى ئورخۇن — يېنىسەي يادىكارلىقلىرى تىلىغا يېقىن. پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن مۇھىم خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىمىز:

ئەسەر تىلىدا سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن سانار — جاراڭلىق ئۈندەشلەردىن كېيىن جاراڭسىز تاۋۇشلار كېلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن، قىلتى — قىلدى؛ بولتى — بولدى؛ قاتارلىقلار .

چۈشۈم كېلىشىنىڭ -دىن قوشۇمچىسىدىن تاشقىرى قەدىمكى تۈركىي تېكىستلەردە قوللىنىلغان -غ، -گ قوشۇمچىلىرىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. يۆنىلىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى -غا، -قا، -گە، -كەدىن تاشقىرى قەدىمكى -غارۇ، -گەرۇ شەكلىمۇ بار.

ئەسەردە ۋاسىتە كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ھەم مەۋجۇت. ئۇ -ىن قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان (ساۋىن — سۆزى بىلەن).

سۈپەتداشنىڭ -داچى، -تاچى؛ -غما؛ -دوق -تۇق قوشۇمچىلىق شەكلى ھەم ئۇچرايدۇ. پېئىلنىڭ I شەخس ئىستەك رايى — ئالىم قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان. ئۆزلۈك ئالماش — «ئۆز» بىلەن بىرگە «كەنتۇ» سۆزىدىن ئىبارەت.

تەرتىپ ساننىڭ ھازىرقى -ىنچى قوشۇمچىسى ئورنىدا ئەسەر تىلىدا -ىنچ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: تۆرتۈنچ قاتارلىقلار. مۇھىم خۇسۇسىيەتلەردىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇنىڭدىن يۇقىرى تەركىبلىك سانلار تەرتىپى ھازىرقىدەك ئەمەس. بەلكى ئەكسىچە: يەنى ئاۋۋال بىرلىك ئېيتىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئونلۇقىدا كېلىۋاتقان سان دېيىلىدۇ: بەش يىگىرمىنچ (15-)، توققۇز ئوتۇز (29)، بەش قىرق (35)غا ئوخشاش.

ھازىرغا قەدەر پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان قوشۇمچىسى «-غاي» XI ئەسىردە پەيدا بولغان دەپ قارالغان ئىدى، (دەسلەپ بۇ قوشۇمچە -غا شەكلىدە بولغان)، ئەسەر تىلىنى كۆزىتىش «-غاي»نىڭ تېخىمۇ قەدىمكىرەك دەۋرلەردە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھىمى، ئەسەر لېكسىكىسى ناھايىتى باي، ئۇنىڭدا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىرقانچە ساھەلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىرقى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئورنىدا زامانىدىكى ئەسلى تۈركىي سۆزلەر قوللىنىلغان. دادىل ئېيتىش كېرەككى، قەدىمكى تۈركىي تىل ھەر قانداق پىكىرنى ئىپادىلەشكە قادىر بولغان باي تىل ئىدى. ئەسەر لېكسىكىسى بۇ پىكرىمىزگە نەق دەلىل بولالايدۇ. شۇڭا تۆۋەندە ھازىرقى ئەدە-

*كورسىۋ — يازما ھەرپكە ئوخشايدىغان باسما ھەرپ.

بىي تىلىمىزدا ئۇچرىمايدىغان، لېكىن ئەسەر تىلىدا كەڭ قوللىنىلغان سۆزلەردىن مىسال كەلتۈرمەكچىمىز:

ئاۋۇن — دۇنيا، ئاغى — قىممەتلىك بۇيۇم،
باشتېرقى — دەسلەپكى، بىلگە — دانا،
بۇدۇن — خەلق، ئىگ — كېسەل،
ئېرۇ — ياخشى، ئەد — تاۋار — مال -دۇنيا،
ئەمچى — تېۋىپ، ئەت ئۆز — تەن، ئۆز،
ئەۋ — ئۆي، كۆكۈز — كۆكرەك،
قالىق — ئاسمان، قارشى — ساراي،
ئۆد — ۋاقىت، ئۆكۈز — دەريا،
ئۇدچى — پادىچى، سۇ — قوشۇن،
تامۇ — دوزاخ، تىگىن — شاھزادە،
يالاۋاچ — ئەلچى ۋە باشقىلار.

ئەسەرنىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى ھەققىدە تۆۋەندىكى مۇلاھىزىنى دېيىشكە بولىدۇ. X ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپاندا قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ دۆلەت ئىدىقۇتلار دۆلىتى دەپ ئاتالدى. ئىدىقۇتلار دەۋرىدە بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىي تىلدا بۇددىزمغا مەنسۇپ ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەسەردە ئىدىقۇتلار دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەن ئون ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىز بۇ بەدىئىي ئەسەرنى XI ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايمىز، ئەسەر تىلىنىڭ قەدىمىيلىكىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ خېتىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قەدىمكى ھەرپ شەكىللىرى ئەكس ئەتكەن. بۇ ھەرپ شەكلى سوغد يېزىقىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، مەزكۇر نۇسخا ھەم شۇ دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن.

«مايىتىري سىممىت»نىڭ [illegible] نەشرى ئۇنىڭ قۇمۇل نۇسخىسى ئاساسىدا تەييارلانغان. ئۇشبۇ نەشرگە ئەسەرنىڭ دەسلەپكى بەش بۆلۈمى* كىرگۈزۈلگەن. نەشردە دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىدا كىرىش سۆز، ئاندىن تېكىست، ترانسكرىپسىيىسى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمىسى، بىر بۆلۈك سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىك ئىزاھى، گراماتىك كۆرسەتكۈچ بېرىلگەن. نەشردە يەنە خەنزۇچە كىرىش سۆز، ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھلار ئورۇن ئالغان. بۇلاردىن تاشقىرى ئەسەر تېكىستىنىڭ قىسقىچە لۇغىتى تۈزۈلگەن. لۇغەتتىكى سۆزلەر ترانسكرىپسىيە، ھازىرقى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن بىرگە بېرىلگەن. شۇنىڭدەك، نەشرگە بەش بۆلۈمنى*) تەشكىل قىلغۇچى 63 ۋاراق (126 بەت)نىڭ فاكسىمىلى ھەم ئىلاۋە قىلىنغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلامغا قەدەر ھەم يۈكسەك مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە بىر ئەمەس، بىرقانچە مۇكەممەل يېزىقلىرى بولغان. ئۇلار ئارىسىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئاز ئەمەس. پەنىمىز ئالدىدا قەدىمكى تۈركلەر تەرىپىدىن ئورخۇن-يېنىسەي، ئۇيغۇر، مانى ۋە باشقا يېزىقلاردا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋەزىپىسى تۇرۇپتۇ. بۇ يادىكارلىقلار بارچە تۈركىي خەلقلەر قاتارىدا بىز ئۆزبېكلەرنىڭ ھەم مىراسىمىزدۇر. ئۇلار ئەدەبىياتىمىز، مەدەنىيىتىمىز تارىخىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇيغۇر دوستلىرىمىز قەدىمكى تۈركىي يېزىقىدىكى ئۇشبۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاپ خەيرلىك ئىش قىلدى.

«ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات ۋە سەنئىتى» گېزىتى (ئۆزبېكچە) نىڭ 1989 - يىل 6 - يانۋار سانى 3 - بېتىدىن ئېلىندى.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

*ماقالىدە، «4 بۆلۈمى كىرگۈزۈلگەن» دېيىلگەن. تۈزىتىلدى. (ت)
* ماقالىدە، «4 بۆلۈمنى» دېيىلگەن، تۈزىتىلدى. (ت)





بسم الله الرحمن الرحیم



قاشینگ رخساری تا باندور سیاقینگ قیلدی دیوانه — قد فرخنده شیرین خوکونکل نه قیلدی پروانه
لبینگ شهدین شکر سنگلیغ توکار ابر بهاراندین — تو رار لؤلوی مرجاندیک سبیح اطوار مردانه
حیوة خضر سالمیش دور سلام اورتیش الیاسین — فتوت لیک علم بردار شکوه اسرار جویانه
ایدینگ تو عصرنینگ دهری چمن ده عنبرستاندیک — آچیلغان انجمن سوسن کبی هشیار دردانه
علو همت لیغینگ صیتی تو تو بدور مرکز افلاک نه — ملائک لار ایدی بیکر جهان جانینگ غه دورانه
ثنا ایلاب تحیت لار سنا احباب صبح و شام — نجوم آنده حسنتبا آسمانلار ایچره خوش خوانه
سلامت قیل فراوان عافیت انده وه غم لاردین — دمادم شاد لیغدین یارب افزون بولسو جانانه
سلام تیکو رسلیم نینگ سالمیله تا که دوران چرخ — قدم قویسه عوالم او ستیکه اسلام مهمانه
مبارک طلعتیدین او قولور انجام اسماعیل — نظرده منتظردور آیت قرانده قرآنه

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



源　泉（布拉克（维吾尔文）总27期（پەسىللىك ژۇرنال）بۇلاق (ئومۇمىي 27 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىلىدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 108 باھاسى: 1.90 يۈەن

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58－108 定价：1.90元